تارقاتقۇچى

www·islamyoli·net

# ئىسلامدىكى سىياسىي تۈزۈم

دوكتور مۇھەممەد ئابدۇلقادىر ئەبۇ فارس

ئەڭ ئاۋۋال قۇدرەتلىك رەببىمىز ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئېيتىمىز ۋە يول باشچىمىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا سالام يوللايمىز.

دىنسىزلىق ۋە دۇنياپەرەسلىك ھۆكۈم سۈرگەن، ئىسلام پەقەت مەسچىتتىلا ئىجرا قىلىنىدىغان دىن، دېگەندىن ئىبارەت چۈشەنچە پۈتۈن دۇنياغا ئومۇملاشتۇرۇشقا سەپەرۋەرلىك باشلىتىلغان بۈگۈنكى كۈندە ئىسلامنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەندىكى ئەسلى ماھىيىتىنى قوغداش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

بۇ كىتابىتىكى، دىنسىز ھاكىمىيەتكە مايىل بولۇش ياكى ئۇنى ئىسلام شەرىئىتىدىن ئىلغار كۆرۈشنىڭ كاپىرلىق بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھۆكۈم، ئىسلامدا سىياسەت يوق، دېگەن سەپسەتىگە ئالدانغان «مۇسۇلمانلار» نىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

شۇنداقلا بۇ كىتابتا ئوقۇرمەنلىرىمىز ئاڭلاپ باقمىغان ۋە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان نۇرغۇن يېڭى پىكىرلەر بايان قىلىنىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئۇردانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت پاكولتېتىنىڭ ئۇستازلىرىدىن بولۇپ، ئەرەپ دۇنياسىدا تونۇلغان مەشھۇر ئالىمدۇر.

مۇئەللىپ كىتابنى يېزىشتا قۇرئان، ھەدىس ۋە ئەسىرلەر بويى ئىسلامدىكى سىياسىي تۈزۈم ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىپ كەلگەن ئىسلام ئالىملىرىنىڭ نوپۇزلۇق كىتابلىرى، سۈننى ۋە باشقا مەزھەب ئالىملىرىنىڭ ھەرخىل مەزمۇندىكى قىممەتلىك ئەسەرلىرى... قاتارلىق ئىككى يۈزگە يېقىن كىتابقا مۇراجات قىلىپ يېزىپ چىققان ۋە كەلتۈرگەن نەقىل ئۈستىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزگەن.

ئىسلامدىكى سىياسىي تۈزۈم ھەققىدە مەخسۇس يېزىلىپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئىلھام ۋە پايدىلىنىش مەنبەسى بولۇدىغانلىقىدا شەك يوق.

بۇ كىتاب 1984- يىلى «دۇنيا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى» (كۇۋەيت) تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان ئەرەبچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

1999- يىلى، 11- ئاي

## ـِ بِسْمِ الله الرحْمنِ الرحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

[ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر.] سۈرە يۇسۇف 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غوم بولىسمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ] سۈرە نىسا 65 - ئايەت.

# كىرىش سۆز

بارلىق ماختاش ئاللاھقا خاستۇر. ئۇنىڭغا ھەمدۇ ئېيتىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش بىلەن گۇناھلىرىمىزغا مەغپىرەت، نەپسىمىزنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، شۇنىڭدەك ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچى بولمايدۇ.

شېرىكسىز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، دەپ شاھادەت ئېيتىمىز. يارىتىش ۋە بۇيرۇق قىلىش ئۇنىڭغا خاستۇر. ياراتقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ۋە تىنچلىقى يار بولسۇن) شەكسىز ئاللاھنىڭ رەسۇلى (ئەلچىسى) دەپ شاھادەت ئېيتىمىز. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ھەدىيە قىلىنغان رەھمەت ۋە ئاتا قىلىنغان نېمەتتۇر. ئۇ ئىنسانلارنى ياخشىلىققا باشلاپ قەلبلىرىنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتتى ۋە مۇسۇلمانلارغا سىياسىي بارلىق تىكلىدى. ئۇنىڭ يول باشلىشىدا ئىنسانلار دىن ئارقىلىق سىياسەت يۈرگۈزدى ۋە ئادالەت ھۆكمىگە ئېرىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئاللاھنىڭ دىنىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش بىلەن ھىدايەت مەشئىلىنى ئۆز قولىغا ئالدى. نەتىجىدە بۇ دىن پۈتۈن دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىغا قەدەر تار قىلىپ ئىنسانىيەت ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغۇچە بەخت ـ سائادەت ئۇلاردىن ئايرىلمىدى.

كېيىنكى زامانلاردا مۇسۇلمانلار رىسالەت ۋەزىپىسى (ئىسلام دىنىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش) نى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ۋە ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈشتىن چېكىندى. ئاللاھقا بولغان باغلىنىشلىقى ئاجىزلاشتى. نەتىجىدە ئىسلام دۈشمەنلىرى دۈشمەنلىك قوللىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇزىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆزلىرىنىڭ كاپىر ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. ئاقىۋەتتە بەختسىز تۇرمۇش ۋە جەۋر ـ زۇلۇملار بىلەن قارشىلاندى.

ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىغا سەل قاراش ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك مۇددىتى ئۇزۇنغا بارمايلا بۇ ھەق دىن ئۈچۈن ئاللاھنى رەببىمىز، ئىسلامنى دىنىمىز ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر ۋە رەسۇلىمىز، دەپ ئىمان ئېيتقان، ئىسلامنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئىنتىزامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن دىن دەپ مۇكەممەل چۈشەنگەن، شۇنداقلا ئىسلامنى رەسۇلۇللاھقا چۈشۈرۈلگەن ھالەتتە، يەنى ئۇنى دىن ۋە دۆلەت، قۇرئان ۋە قىلىچ، ئەخلاق ۋە قۇۋۋەت دەپ قوبۇل قىلىدىغان يول باشچى ۋە بۈيۈك شەخسلەر دۇنياغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇ دىندىن ئۈچۈق سۈرەتتە خوش بىشارەت بېرىشى بىلەن بۇ خىل توغرا چۈشەنچە قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال، زىيالىلار ۋە غەيرى زىيالىلار ئارىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپكىچە، شەھەرلەردىن قىشلاقلارغىچە، زاۋۇتلاردىن ھەر خىل ئىش ئورۇنلىرىغىچە قىسقىسى ھەممە يەردە ئۆز ئەكسىنى تاپتى.

كىشىلەرنىڭ ھەممە يەردە «ئىسلام ھاكىمىيىتى ئىزلەيمىز» دەپ باشلىغان چوقانلىرى كۈندىن ـ كۈنگە يۇكسىلىشكە باشلىدى. شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئەقىدىسى ۋە شەرىئىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسىي بارلىقى بەرپا قىلىنىشى كېرەك. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىي ھەققىدۇر.

بەزىلەر مەسخىرە قىلىپ، ئىسلامدا راستىنلا سىياسىي تۈزۈم بولامدۇ؟ ئۇ تۈزۈمنىڭ بەلگىلىرى نېمە؟ قائىدىلىرى ۋە ئاساسى نېمە؟ دېيىشى مۇمكىن.

بۇ سەۋەبتىن ئىسلامدىكى سىياسىي تۈزۈم توغرىسىدا ئەسەر يېزىشقا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ ئاشقان ئىدى. مېنىڭ بۇ كىتابىم بىز ئاللاھتىن تېخىمۇ كۆپىيىشى ۋە بېيىشىنى تىلەۋاتقان ئۇ خىل ئىزدىنىشلەرنىڭ بىرىدۇر، خالاس.

ئاللاھ تائالا مېنى ئۆزىنىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دىن ئىبارەت توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە زىت كەلمەيدىغان توغرا، ئەمەلىي تەتبىققا ئاساسلىنىپ بۇ ماۋزۇدا قەلەم تەۋرىتىشىمگە يېتەكلىدى ۋە مۇۋەپپەق قىلدى.

ئىسلام سىياسىي فىقھىسى (قانۇنى) ئالىملىرىنىڭ قەلەم ئىزلىرى ئاساسلىق پايدىلىنىش مەنبەسى بولدى. بىرلا ۋاقىتتا ئۇ بۈيۈك ئالىملارنىڭ شەنى نەقەدەر يۈكسەك ۋە ئىلمى نەقەدەر چوڭقۇر بولسىمۇ ئۇلارنىڭمۇ خاتالىشىدىغان ۋە تۈزىتىدىغان، گۇناھ قىلىدىغان ۋە ئىستىغپار ئېيتىدىغان ئىنسانلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسىمدىن چىقارمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ۋە ئىسپاتلاپ چىقارغان ھۆكۈملىرىنى قىسقا ئەقلىم ۋە ئاللاھنىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىلەن سېلىشتۇردۇم. مۇۋاپىق كەلگەنلىرى ئېلىندى. مۇۋاپىق كەلمىگەنلىرى قالدۇرۇلدى. چۈنكى دىنىمىز بىزگە ئادەتتىكى بىر خىزمەتكارنىڭ ئىسلام شەيخى (ئىسلامدىكى بۈيۈك ئالىم، پېشىۋا) غا سۆز قايتۇرالايدىغانلىقىنى ئۆگەتتىدۇ.

ئۇنىدىن باشقا بۇ مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۈگۈنكى ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىۋاستە كۆچۈرۈش، مەزمۇنغا ئاساسلىنىپ پايدىلىنىش، توغرىلاش، زىتلىشىش ۋە قارشى تۇرۇش يوللىرى بىلەن جېدەللىشىش ۋە ئېغىزنى بوزۇشتىن ئۇزاق ھالدا مەركىزى ئىدىيىنى چۆرىدەش ئۇسلۇبىدا پايدىلىنىلدى.

ئۇيۇقتا چاقىنغان ئاللاھنىڭ پات ـ يېقىندا ئاتا قىلىدىغان غەلىبىسىنىڭ ئۈمىدلەنگەن ھالدا بۇ كىتابنى يازدىم ۋە ئىسمىنى «ئىسلامدىكى سىياسىي تۈزۈم» دەپ ئاتىدىم.

قەلەمنى توختىتىشتىن بۇرۇن ماڭا ئۆز مەرھەمىتى بىلەن بۇ كىتابنى يېزىشنى مۇۋەپپەق قىلغان قۇدرەتلىك بۈيۈك ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىمەن. ئۇنى ئۇلۇغلايمەن ۋە ماختاشلىرىمنى سۇنىمەن. باشتا ۋە ئاخىرىدا بارلىق ماختاش ئۇنىڭغا خاستۇر.

مەن ھۆرمەتلىك كىتابخانلاردىن قىممەتلىك مۇلاھىزە ۋە يول كۆرسىتىشلىرىنى مەن بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئىلتىماس قىلىمەن. مۆمىن قېرىندىشىنىڭ ئەينىكى، كىتابخانىدىن نەسىھەت تەلەپ قىلىش مېنىڭ ھەققىم. نەسىھەت قىلىنغۇچىغا ياخشىلىقنىڭ ئارزۇ قىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن دىن ـ نەسىھەت قىلىش بولغان. مەن قېرىنداشلىرىمنىڭ نەسىھەت قىلىشتا بېخىللىق قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

ئاخىردا ئاللاھ تائالاغا تېۋىنىپ، ئەمەللىرىمىزنى سۆزلىرىمىزدىن كۆپ قىلىشنى، ئەمەل ۋە سۆزلىرىمىزنى ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىشنى ۋە بىزگە رەھمەت ۋە مەغپىرەت ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن. ئۇ مەغپىرەت ئىگىسى ۋە قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر.

ئىلاھىم! سېنى پاكلايمەن ۋە ساڭا ھەمدۇ ئېيتىمەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، دەپ شاھادەت ئېيتىمەن ۋە سەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن ھەم سەن تەرەپكە قايتىمەن.

مۇئەللىپ

1400- (ھىجرى) يىلى - رەببىئۇسسانىنىڭ 23 - كۈنى

مىلادىيە 1980 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سۈۋەيلەم

# بىرىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدىكى سىياسىي تۈزۈم قائىدىلىرى

### بىرىنچى قائىدە: ھاكىمىيەت ئاللاھقا مەنسۇپ

ئىسلام شۈبھىسىزكى كائىناتتى، يەنى ئىچىدىكى دولقۇنلىغان دېڭىز، چاقنىغان يۇلتۇز، ئېقىۋاتقان دەريـاالار، كۆككـە تاقاشـقان تـاغلار، ئىنسـان ۋە مەخلـۇقاتلارنى ئـاللاھ تائاالنـىڭ ياراتقـانلىقىنى كەسكىنلەشتۈرىدۇ.

ئاللاھ تائاال قۇرئاندا بۇ ھەقىقەت توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئايەتلەرنى چۈشۈرگەن:

[شۈبھىسـىزكى، پەرۋەردىگـارىڭلار ئـاللاھ ئاسـمانلارنى ۋە زېمىننـى ئالتـە كۈنـدە (يـەنى ئالتـە دەۋردە) ياراتتى] سۈرە ئەئراف 54 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[ئاللاھ كېچىنى ۋە كۈندۈزنى، كۈننى ھەم ئاينى ياراتتى.] سۈرە ئەنبىيا 33- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[مېھرىبـان ئـاللاھ قـۇرئاننى تـەلىم بـەردى (ئـۇنى ھېـچزى قىلىشـنى ۋە چۈشىنىشـنى ئاسانلاشـتۇرۇپ بەردى). ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى.] سۈرە رەھمان 1- تىن 4 - ئايەتكىچە.

[ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى.] سۈرە فورقان 2 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پاك ئاللاھ ئۆزىلا يوقتىن بار قىلغۇچى، ئۆزىلا رىزق بەرگۈچى، ئىنسان، جىن ۋە ھايۋانلار كائىناتتا پەقەت ئۇنىڭ تەقدىر قىلغان رىزقى بىلەنلا ئۇزۇقلىنىدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەتلەر بىزنى بۇ ھەقىقەتكە باشلايدۇ:

[ ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (ئاللاھنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر] سۈرە زارىيات 58 - ئايەت.

[ئاللاھ سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى. ئاندىن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ] سۈرە رۇم 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يۇقىرىدىكى ئىككى ھەقىقەت، ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچىنىڭ يارالغۇچى ۋە رىزىقلانغۇچىنىڭ ئىگىسى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ:

[ئاسمانلارنىڭ، زېمىنىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ خالىغىنىنى خەلق ئېتىدۇ] سۈرە مائىدە 17 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[بىلەمسـەنكى، ئاسـمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنـىڭ پادىشـاھلىقى ئاللاھقـا خاسـتۇر] سـۈرە مائىـدە 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائاال ئۆزى ياراتقان بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئىگىسى، ئۇنىڭ مۈلكىگە ھېچكىم شېرىك بولالمايدۇ.

ئـاللاھ تائـاال مۇنـداق دەيـدۇ: [ ئېيتقىنكـى، «جىمـى ھەمـدۇ سانا بالىسـى بولۇشـتىن پـاك بولغـان، سـەلتەنىتىدە شـېرىكى بولمىغـان، خـارلىقتىن قۇتۇلـۇش ئۈچـۈن دوسـتقا موھتـاج بولمىغـان (يـەنى خـار بولمىغان، ياردەمچىگە موھتـاج بولمىغـان) ئاللاھقـا خاسـتۇر! ئـاللاھنى مۇكەممەل رەۋىشـتە ئۇلۇغلىغىن».] سۈرە ئىسرا 111- ئايەت.

ئەمما ئىلاھ دەپ داۋا قىلىنغان يالغان تەڭرىلەر ھېچكىمگە، ھەتتا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىۋاتقانلارغا ھەم ئۆزىگە قىلچىلىك پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [(ئى مۇھەممەد!) سىلەر ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟» دېگىن.] سۈرە مائىدە 76 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ مۇنداق دەيدۇ:

[ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن.] سۈرە مەريەم 42 ـ ئايەت.

ئاللاھ ـ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۆزىنىڭ مۈلكىنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ. ئۇ قىلغان ئىشلىرىدىن مەسئۇلىيەتكە تارتىلمايدۇ، ئەكسىچە مەخلۇقاتلار مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئېيتقىنكى، «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن، (شۇنىڭ بىلەن كېچە-كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ)؛ جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى، ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانسىز بولغان ئابمەنىدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابمەنىنى ) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن) چىقىرىسەن؛ ئۆزەڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن»] سۈرە ئال ئىمران 26-27- ئايەتلەر.

[ئاللاھ سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر] سۈرە بەقەرە 247 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت بەردۇق ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق بەردۇق.] سۈرە نىسا 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىنسان لوگىكىسىدا مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئۆز مۈلكىي ئۈستىدە خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارالىشى ھەر كىشى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ھەقىقەت. ئەگەر بىرسى ئۆز نەرسىنى ساتسا، بىرسىگە ھەدىيە قىلسا ياكى قوشنىسىغا ئارىيەت بەرسە ھېچكىم ئۇنىڭ قىلغىنىنى ھەقسىزلىق دېمەيدۇ. ئەگەر بىرەرسى ئېتىراز بىلدۈرسە ھەممە كىشى ئۇنىڭغا بۇ ئۇنىڭ شەخسى مۈلكى، ئۆزى ئىشلەتتى دەپ قارشى چىقىدۇ، ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئەگەر ئىنساندىن بولغان مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئۆز مۈلكى ئۈستىدە خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشى لوگىكىلىق، ئەقىلغا ئۇيغۇن بىر ئىش بولسا، ئەجىبا ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ھەر شەيئىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئۈچۈن بۇ لوگىكا قوبۇل قىلىنمايدۇ؟ بولۇپمۇ ئۆز مەخلۇقاتى توغرىسىدا يېپىدىن يىڭنىسىغىچە تولۇق ئىلمىگە ئىگە ئاللاھ ئۈچۈن بۇ نەزەرىيە ئەقىلمىزدىن ئۆتمەيدۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتنى ياراتقان، ئۇنى رىزىقلاندۇرغان بۇ ھەقىقەت ئىگىسى ئىلاھ پۈتۈن بۇ ئەشيالارنى باشقۇرغۇچى، ئىنسانىيەت ۋە ھايات قىسقىسى بارلىق كائىنات ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ھەر خىل خاھىش، سۆيەت ۋە تەبىئەتلەر بىلەن ھاياتتا ئۆزى ۋە باشقا مەخلۇقاتلار بىلەن مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتتە مۇھتاج بولغان ئىشلارنى قىلالايدىغان قىلىپ ياراتتى.

تولۇق ئىلىمگە ئىگە بولغان ئاللاھ ئىنسانلارغا نىمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئۇلاردىن ياخشى بىلگەچكە ئۇلارغا ئانىنىڭ بالىسىغا بولغان مۇھەببىتىدىنمۇ ئارتۇق كۆيۈنچ بىلەن پۈتۈن ھاجەتلىرىنى قاندۇرىدىغان، پايدا ـ مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، زىيانلىق ۋە يامانلىق ساقلايدىغان، بەختلىك، تىنچ ھاياتقا كاپالەتلىك قىلالايدىغان قانۇن تۈزۈملەرنى چۈشۈردى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.] سۈرە مۈلك 14-ئايەت.

[(سىلەرگە نىمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر] سۈرە بەقەرە 216 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزىنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتى توغرىسىدا مۇتلەق ئىلىم ئىگىسى ـ ئاللاھ ئىنسان ئۈچۈن ھاياتنى ئەڭ توغرا ئىنتىزامغا كىرگۈزىدىغان تۈزۈملەرنى چۈشۈرگەن بولۇپ، ئىنسانلارغا ئۆزى چۈشۈرگەن ۋە بۇيرۇق قىلغان يول بىلەن مېڭىشنى ۋاجىب قىلدى.

ئاللاھ بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: [ ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار، مۇشرىكلارغا سەن ئۇلارنى دەۋەت قىلغان نەرسە (يەنى تەۋھىد) ئېغىر كەلدى] سۈرە شۇرا 13-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەنە ئۇ رەسۇلۇللاھقا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

[ئاندىن سېنى بىز (ئى مۇھەممەد!) دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن] سۈرە جاسىيە 18-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر ئاللاھقىلا خاس بولغان، ھېچكىمنىڭ ئۇ توغرىدا داۋا قىلىش ھەققى بولمىغان ئۇلۇھىيەت (ئىلاھلىق) تەۋھىدىنىڭ ئەۋۋەلقى خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ـ ھاكىمىيەتنىڭ پەقەتلا ئاللاھقىلا تەئەللۇق ئىكەنلىكى يۇقىرىقىلاردىن ئايدىڭلىشىدۇ. قانۇن تۈزگۈچى ئاللاھ دۇر، بىر نەرسىنى ھالال ياكى ھارام قىلغۇچى ئاللاھ دۇر. شۇڭا ئاللاھ ھالال قىلغان ( قىلىشقا يوق قويغان) نەرسە ھالالدۇر، ھارام قىلغان (قىلىش چەكلەنگەن) نەرسە ھارامدۇر.

مانا بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بارلىق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد كەلىمىسى (سۆزى) ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەقىقەتتۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.] سۈرە ئەنبىيا 25-ئايەت.

**ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ ئېيتىلغان شاھادەت ھاكىمىيەتنىڭ ئاللاھقىلا خاس ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ.**

ئىلاھ (تەڭرى) سۆزىنىڭ مەنىسىگە قارايدىغان بولساق كۆپ ھاللاردا، مەيلى ھەقىقى ياكى يالغان بولسۇن، ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن «ئىبادەت قىلىنغۇچى» مەنىسىدە كېلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇت ئۈچۈن ئىلاھ سۆزى قوللىنىلغان يەنى: [ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئۆز ئاتىسى ئازەرگە: «سەن ئۆزەڭنى ياراتقان ئاللاھنى قويۇپ) بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالامسەن؟ مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن ئېنىق گۇمراھلىقتا كۆرىمەن» دېدى.] سۈرە ئەنئام 74-ئايەت.

تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ ئىنساننى ئۆز ئىشەنجىسىگە ئالغان ھاۋايى ھەۋەس ئۈچۈن ئىلاھ سۆزى ئىشلىتىلگەن.

[ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن] سۈرە جاسىيە 23-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خەلقنىڭ بېشىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسى بويىچە رەھىمسىزلەرچە ھۆكۈم يۈرگۈزگەن ھۆكۈمدار ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئايەتتىكىدەك ئىلاھ سۆزى ئىشلىتىلگەن يەنى پىرئەۋن مىسىرلىقلارغا: [مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن] (سۈرە قەسەس 38-ئايەت) دېگەن. يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سېلىپ: [«ئەگەر مەندىن غەيرىينى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن»] سۈرە شۇئەرا 29-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇنداقلا ئىلاھ سۆزى ياراتقۇچى ئاللاھقا قارىتا ئېيتىلىدۇ: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار.] سۈرە تاھا 8-ئايەت.

ئەمما «ئاللاھ» سۆزى پەقەتلا يوقتىن بار قىلغۇچى ھەقىقى ئىلاھ ئۈچۈنلا قوللىنىلىدۇ.

«ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» دېگەن ۋاقتىمىزدا، ئىبادەت قىلىنىشقا ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھنىڭ ھەقلىق بولمايدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن بولىمىز.

ئىبادەت ئىسلامدا قۇلچىلىق قىلىشقا دائىر تاشقى قائىدە - يوسۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسان ھاياتىدىكى ھەربىر كىچىك ئىشلارغىچە ئاللاھقا بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش ۋە باش ئېگىشتىن ئىبارەت.

بۇ چۈشەنچە ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى، ناماز، روزا، زاكات، ھەج، زىكىر ئېيتىش، تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتىشقا ئوخشاش ئىنسان بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە باغلايدىغان بارلىق قۇلچىلىق قىلىش قائىدە يوسۇنلىرىنى، ھارام نەرسە يېمەسلىك، ئىچمەسلىك، ھالالدىن كىيىنىش، بەدەن تازىلىقى ۋە ساغلاملىقىنى ساقلاشتەك ئىنساننىڭ ئۆز نەپسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، توي قىلىش، باللىق بولۇش، ئەۋلاد يېتىشتۈرۈش، تالاق، ئىددەت، ئاياللار ھەققى ۋە باشقىلاردەك ئائىلە مۇناسىۋىتىنى، سودا - سېتىق، ئېلىش - بېرىش، ئىجارە قىلىشقا ئوخشاش ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇئامىلە مۇناسىۋىتىنى، ئاللاھ شەرىئىتىنى يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانغا بويسۇنۇش، شەرىئەتنى ئاياغ ئاستى قىلغانلارغا قارشى چىقىشتەك ئىنسان ۋە ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ھەممىدە ئىسلام دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىسلام جەمئىيىتى ئىچىدىكى باشقا دىن، مەزھەب ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىنتىزامغا كىرگۈزۈشنى، شۇنداقلا، ئىسلام دۆلىتى بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنى بۈگۈنكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دېمەك ئىبادەت بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا باش ئېگىش، ئىتائەت قىلىش ۋە ئۆزىنى تاپشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

«بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» سۆزى ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى، پايدا ۋە زىيان يەتكۈزگۈچى، شۇنداقلا قانۇن چىقارغۇچى ۋە بىر ئىشنى

ھالال ـ ھارام قىلغۇچى يوقلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مانا بۇ «ھاكىمىيەت ئالLاھقا تەئەللۇقتۇر» دېيىلگەن ھۆكۈمنىڭ ماھىيىتى.

پەيغەمبەرلەر بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ھەقىقىتى

ئەگەر تارىخ بويىچە پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا ئالLاھنىڭ سالامى بولسۇن) بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزلىنىدىغان بولساق، ئۇنىڭ «ھاكىمىيەت كۈرىشى» بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىكى مۇشرىكلار ئالLاھنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ قۇرئان كەرىم مۇنداق خاتىرلەيدۇ:

[«ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئالLاھ » دەپ جاۋاپ بېرىدۇ] سۈرە لوقمان 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇشرىكلار بۇتلىرىنى ئالLاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە شاپائەت قىلىدىغان ۋاستە قاتارىدا كۆرۈپ ئىبادەت قىلاتتى. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق خاتىرلەيدۇ:

[«بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئالLاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر»] سۈرە زۇمەر 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قۇرئان كەرىم مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرىغا قىلغان ئىبادەتلىرى ئۈچۈن كۆرسەتكەن دەلىللىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

[«بۇلار (يەنى بۇتلار) ئالLاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دېيىشىدۇ] سۈرە يۇنۇس 18-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇشرىكلار ئالLاھنىڭ رىزىق بېرىدىغانلىقىغا، ئىنساننىڭ ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ۋە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈپ، تىرىكنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئالLاھ مۇنداق دەيدۇ:[ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىيا ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى، تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟» ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): «ئالLاھ» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(ئالLاھتىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن ئالLاھنىڭ ئازابىدىن) قورقماسىلەر؟.] سۈرە يۇنۇس 31-ئايەت.

ئۇلار يەنە ئالLاھ بىلەن قەسەم قىلاتتى. ئۇلار ئالLاھقا دۇئا قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئىشلىرىنى باشلايتتى. تەپسىر كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە «ئەبۇ جەھىل ۋە مەككە ئەھلىدىن بولغان مۇشرىكلار بەدرىگە ئۇرۇشقا چىقىشتىن بۇرۇن كەبىنىڭ يوپۇغىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: ئى ئالLاھ! ئىككى ئەسكەرنىڭ ئالىسىغا، ئىككى قەبىلىنىڭ ھۆرمەتلىكىگە ياردەم قىل» دەپ دۇئا قىلغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئايەت چۈشكەن: [(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى). ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز. قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، ئالLاھ ھەقىقەتەن مۆمىنلەر بىلەن بىللىدۇر] سۈرە ئەنفال 19-ئايەت.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللاھنىڭ كۈچى يېڭىلمەس كۈچ، ئاللاھ كىمگە ياردەم بەرسە ئۇ مەغلۇپ بولمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئىبنى ھىشام تارىخ كىتابىدا ئىبنى ئىسھاقتىن بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «خەفاف ئىبنى ئەيما ئىبنى رەھزەتۇلغەففارى ياكى دادىسى، قۇرەيش ئۇلارنىڭ يېرىدىن ئۆتكەندە ئوغلىدىن ئۇلارغا ھەدىيە ئۇچۇن قوي ئەۋەتىدۇ ۋە «ئەگەر خالىساڭلار قورال ۋە ئادەم ياردەم قىلايلى» دەيدۇ. قۇرەيش ئۇنىڭغا: «ئۇستۇڭلاردىكى ئۇرۇق - تۇغقانغا ياردەم بېرىش ۋەزىپىسى ئادا بولدى، دىنىمىز بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئىنسان بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان بولساق بىزگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەگەر مۇھەممەد گۇمان قىلغاندەك ئاللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولسا ھېچكىم ئاللاھقا تەڭ كېلەلمەيدۇ» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ».

ئەگەر ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساق «ئاللاھ پۈتۈن سىرلارنى بىلگۈچى» دېگەندەك ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە قۇدرەتلىرىنى بايان قىلغان شېئىرلارنى ئۇچرىتالايمىز.

ئىسلام دىنى بۇ ھەقىقەتلەرگە قارىماستىن ئۇلارنى قىيامەت كۈنى جەھەننەمدە مەڭگۇ قالىدىغان كاپىرلار، بۇ دۇنيادا ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغانلار قاتارىدا سانايدۇ.

بىز بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئىشەنچ بىلەن تەكىتلەپ ئېيتالايمىزكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇشرىكلار يول باشچىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى كۈرەش ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ھاكىمىيەتنىڭ كىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى، تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا قانۇن چىقىرىش ۋە ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنىڭ كىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى ھەققىدە بولغان.

قۇرئان بۇ مەسىلىنى خۇلاسە قىلىپ سوئال تەرىقىسىدە «ھاكىمىيەت كىمنىڭ؟» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

كاپىرلار ھاكىمىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاللاھنىڭ ھالال (بىر ئىشنى قىلىشنى يولغا قويۇش) ياكى ھارام (بىر ئىشنى قىلىشنى چەكلەش) قىلىشىغا قارىماستىن، ئۆزلىرى بىر ئىشنى ھالال قىلسا ھالال، ھارام قىلسا ھارام. نەتىجىدە ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلارنىڭ كۆپ سانلىقىدا ھاراق ئىچىش، جازانە، زىنا قىلىش، يالىڭاچلىنىش، ئەر - ئايال ئارىلىشىش ۋە قىمارلارنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارشى ھالدا يولغا قويۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئاللاھنىڭ قانۇنىغا قارى چىققۇچىلار ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىگە ۋە ھەممە ئىشنى قىلىشقا كۈچى يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى مۇمكىن. لېكىن ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە چۈشۈرگەن قانۇن، تۈزۈملىرىنى رەت قىلىشى، قانۇن تۈزۈش ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى بىلەن زالىم ياكى كاپىر دېگەن نامغا تېگىشلىك بولماسمۇ.

بىرىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىپ ئىسلام شەرىئىتى (قانۇنى) ۋە تۈزۈمىنى رەت قىلىشى ئۇنىڭ دۆتلىكى ۋە بىلىمسىزلىكىدىن بولىدۇ. بەلكى ئۇ ئەڭ دۆت ۋە ئەڭ بىلىمسىز ھېسابلىنىدۇ.

مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلقادىر ئەۋدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىپ، تۈزۈمىنى قوبۇل قىلمىغانلارغا ھەيران. ئەقىدىنى ئاللاھ تەرەپتىن قوبۇل قىلىپ، تۈزۈمنى ئاللاھنىڭ غەيرىدىن قوبۇل قىلىش ئەقىلغا ئۇيغۇنمۇ؟ [(ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى، «(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقاندۇر)». بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار ھېچبىر سۆزنى (يەنى ھەممە شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ.] سۈرە نىسا 78- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇستاز ئابدۇلقادىر ئەۋدە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامنى دىن قىلىپ چۈشۈرگەن ئاللاھ، ئۇنى ئوخشاشلا ئەقىدە ۋە تۈزۈم قىلدى. شەكسىزكى ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىسلامدىن باشقا دىننى قوبۇل قىلىشىنى رەت قىلىدۇ. [كىمكى ئىسلام (دىنىدىن غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر] سۈرە ئال ئىمران 85 - ئايەت.

ئىسلام ئەقىدىسىنى تۈزۈم ۋە ئىسلام دەپ ئىككىگە ئايرىغۇچىلار قەستەن ياكى بىلمىسىزلىكتىن بولسۇن ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلغۇچىلاردۇر.

بىز دەيمىزكى، ئىسلام دېمەك - ئەقىدە ۋە شەرىئەت (قانۇن) دىن ئىبارەت. ئەقىدە ۋە شەرىئەت بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىرى - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش - ئازغۇنلۇق، كاپىرلىق ۋە دىندىن چىققانلىقتۇر. ئەقىدىنى قوبۇل قىلىپ شەرىئەتنى تاشلىۋېتىش كاپىرلىق، شەرىئەتنى قوبۇل قىلىپ ئەقىدىنى تاشلىۋېتىشمۇ ئوخشاش كاپىرلىق.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ.] (سۈرە نىسا 60 -ئايەت) [كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەمەلى (نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ.] سۈرە مائىدە 5 -ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەسۇلۇللاھتىن باشلاپ بارلىق پەيغەمبەرلەر «ھاكىمىيەت - ئاللاھنىڭ» دېگەندىن ئىبارەت بىرلا ھۆكۈمنى ئاڭلىتىدۇ. قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى خاتىرىلەپ مۇنداق دەيدۇ: [ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ] سۈرە يۈسۈف 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەنى ئىنسانلارغا چىقىرىلىۋاتقان ۋە ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلىۋاتقان كاپىرلارنىڭ بۇ قانۇن - تۈزۈملىرى يىلتىزىدىن باتىل، خاتا ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىلمەيدۇ. ئەكسىچە ئىنسانلارغا ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئۇنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋاجىب ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قانۇن چىقارغۇچىلارنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

[ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟ (ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى قىيامەتكىچە تەخىر قىلىش توغرىسىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە (دۇنيادىلا) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى كاپىرلار) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ] سۈرە شۇرا 21-ئايەت.

سەييىدە قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئاللاھ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرىنىڭ ئاللاھنىڭ قانۇنى ۋە يولغا قويغانلىرىدىن باشقا قانۇن تۈزۈش ھەققى يوق. ئاللاھ پۈتۈن كائىناتنى ياراتقانلىقى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قانۇنىيەتلىرىنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن پەقەت ئۇلار بەندىلىرى ئۈچۈن قانۇن تۈزىدۇ. ئىنسان ھاياتى بۇ بۈيۈك كائىنات ئىچىدىكى كىچىك بىر زەررەدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھاياتى ئۇ ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى مەۋجۇدىيەت قانۇنىغا ماسلىشىدىغان تۈزۈم ئاستىدا بولۇشى كېرەك. بۇ پەقەت ھايات ۋە كائىنات

توغرىسىدا تولۇق ئىلىم ئىگىسى ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۈبھىسىزكى ئۇ مۇتلەق ئىلمنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ئىنساننىڭ، ئىنسانلار ھاياتى ئۈچۈن توغرا بىر قانۇن تۈزۈپ چىقالىشىغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

بۇ ھەقىقەت ئاسماندىكى قۇياشتىنمۇ روشەن بولغاندىن كېيىنمۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇ ھەقىقەتنە مۇنازىرىلىشىدۇ ياكى قانائەت قىلمايدۇ ۋە خەلقىگە ياخشىنى تاللاش، ئەمەلى شارائىتى بىلەن قانۇننى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئەجىبا ئۇلار ئاللاھتىنمۇ ئىلىملىك ۋە ھېكمەتلىكمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلار توغرىسىدا قانۇن چىقىرىدىغان شېرىكلىرى بارمۇ؟ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەقىلسىزلىك ۋە ئاللاھقا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلىش بولمايدۇ.»

كاپىرلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەندىن ئىبارەت تەۋھىد سۆزىنى ئاڭلىغان چاغدىلا ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئورنى ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان تەسىرىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ھەممىيلەنگە ئۇنىڭ ھەقىقىتى ئايدىڭ ئىدى. بىر ئەرەب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شاھادەت كەلىمىسى «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» گە دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تەبىئى ھالدا: «سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى پادىشاھلار ئۆچ كۆرىدۇ» دېگەن. پادىشاھلار نېمە ئۈچۈن ئۆچ كۆرىدۇ؟ چۈنكى ئۇ سۆز ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقىغا ۋە پادىشاھلىق ئورنىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. باشقا بىرسى مۇنداق دېگەن: «ئۇنداقتا ئەرەبلەر ۋە باشقىلار سەن بىلەن قارشىلىشىدۇ».

كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن شاھادەت، ئەرەب ياكى ئەرەبنىڭ غەيرىلىدىن بولسۇن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە باشقا قانۇن يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئىنقىلاب ئىدى. ھېچكىم «ئاللاھ باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن شاھادەت كەلىمىسى ۋە ئاللاھ شەرىئىتىدىن باشقىسى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش بىر قەلبتە ھەم بىر زېمىندا بىر يەرگە كېلەلەيدۇ، دەپ چۈشەنمەيتتى.

تەۋھىدكە، يەنى ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشقا قىلىنغان دەۋەتنىڭ مەقسىتى ھاكىمىيەتنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە خەلقنىڭ غەپلىتىدىن پايدىلىنىپ بولۋاتقان ئىمتىيازلىرى بۈيۈك خەتەرگە ئۇچرايتتى. پەيغەمبەرلەر ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بۇ قول قىلىنغان ۋە غەپلەتتە قالغان خەلقنى كاپىرلارنىڭ زۇلمىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق كاپىرلار ھەممە كۈچىنى ئىشقا سېلىپ پەيغەمبەرلەر، ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە زەھەر خەندىلىك بىلەن ئېتىلدى. بەلكى پۈتۈن تارىختا بىرمۇ پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ سۇيقەستىدىن خالىي قالمىغان. ھەر بىر مىللەت ۋە ھەر بىر ماكان ئەھلى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە سۇيقەست قىلغان ئىدى.

قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى خاتىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: [(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى ئۇممەتلەردىن) ھەر ئۇممەت ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى ھالاك قىلىشنى قەستلىدى. ھەقنى بىكار قىلىشى ئۈچۈن باتىل (سۆزلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلىرى بىلەن) مۇنازىرە قىلىشتى] سۈرە غافىر 5-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چۈنكى ھەربىر كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۇممەت (يەنى ھەق دىندا) ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى)، ئاللاھ (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى

ئەۋەتتى؛ (ئاللاھ) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى، پەقەت كىتاب بېرىلگەن كىشىلەرلا ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ (يەنى كاپىرلار مۆمىنلەرگە ھەسەت قىلىپ)، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى.] سۈرە بەقەرە 213-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەرھۇم مەراغى تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئاللاھنىڭ كىتابى كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلغان نەرسىلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنىدۇ. يەنى ھاكىملار چوقۇم كۆڭلى تارتقان ۋە يا ئىزاھلاش (تەۋىل قىلىش) ھەۋەسلىرى چىرايلىق كۆرسەتكەن نەرەپكە ئازماستىن ئۆز پېتىچە ھۆكۈم قىلىشى كېرەك»

## مۆمىنلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان مەيدانى

ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلغا ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەردىن دىنىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىش، ئاللاھنىڭ ھاكىمىيەتكە تەسلىم بولۇش ۋە بوي ئېگىشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: [(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز - نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر.] سۈرە ئەئراف 3-ئايەت.

مۇسۇلمانىنىڭ ئەڭ تېز ئاتلىنىدىغان ئىشى - ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى رازىلىقى ۋە رىغبىتى بىلەن بويسۇنغان ۋە تەسلىم بولغان ھالەتتە ئىجرا قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [(پەيغەمبەر) مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدائۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر] سۈرە نۇر 51-ئايەت.

## قۇرئاننىڭ ھاكىمىيەت مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشى

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان ھاكىمىيەت مەسىلىسى ھەققىدە ئىككى يۈزگە يېقىن ئايەت، ئەللىكتىن ئارتۇق سۈرىدە نۇرغۇنلىغان بايانلارنى بېرىشى، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ سەۋەبى ھاكىمىيەت مەسىلىسىنىڭ بىۋاستە ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن، يەنى بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدە. ئەگەر ھاياتنىڭ پۈتۈن ساھەسىدە ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلسە كىشىلەر بەختكە ئېرىشىدۇ، تۇرمۇشى باياشاتلىشىدۇ، كۆڭلى ئامانلىققا تولىدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ياراتقان ساپ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن ئىلاھى قانۇن تەبىقلانغان بولىدۇ.

شەرىئەت - ئىلاھى ئىلمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىنسانلارنىڭ بارلىق چوڭ - كىچىك قىيىنچىلىقلىرىنى ماھىرلىق ۋە ھېكمەت بىلەن ھەل قىلالايدىغان ئىلاھى قانۇندۇر. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلارنى يوق قىلىپ، ھاياتقا قولايلىق كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنى قابىلىيىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:[ ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.] سۈرە بەقەرە 286-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ] سۈرە بەقەرە 185-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى] سۈرە ھەج 78-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىنسانىيەت تارىخى شاھىد بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى شەرىئەتنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا ياشىغان زامانلىرى شۈبھىسىز بەختلىك ياشىغان چاغلىرىدۇر. يەنى ئۇ زامانلاردا ئەتراپ خاتىرجەملىك، ئىمان، سالامەتلىك ۋە ھۇزۇرغا تولغان، جەمئىيەتنى ئادالەت، باياشاتلىق ۋە تىنچلىق قاپلىغان ئىدى.

يەنە تارىخ ئۆز سەھىپىلىرىگە كاپىرلارنىڭ توغرا ھاكىمىيەتكە دۈشمەنلىك قىلىپ ھاكىمىيەتنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىش ئارقىلىق ئاز خاھىشى بويىچە تۈزگەن قانۇنىنىڭ زۇلمى ئاستىدا كەچۈرۈلگەن ھاياتىنىڭ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ بەختسىز دەۋرى ئىكەنلىكىنى خاتىرلەيدۇ.

كاپىتالىزم تۈزۈمىدە كاپىتالىستلار ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەندە ئۆز مەنپەئىتىگە پايدىلىق، ئىشچىلارغا زۇلۇم قىلىدىغان قانۇنلارنى تۈزىدۇ. ئەكسىچە ئىشچىلار ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەندە ئۆز مەنپەئەتىگە پايدىلىق ۋە كاپىتالىستلارغا زۇلۇم قىلىدىغان قانۇنلارنى تۈزىدۇ ۋە بايلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قان تۆكىدۇ. روسىيەدىكى بولشىۋىك ئىنقىلابىنىڭ ۋە باشقا يەرلەردىكى كوممۇنىستلارنىڭ قىلغانلىرى بۇنىڭ ئاچچىق مىسالى.

ئەگەر ھاكىمىيەت شەخسى بىر كىشىنىڭ بولسا ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسى ھەۋسى بويىچە قانۇن چىقىرىدۇ ۋە ھېچكىمگە تېگىشلىك بولمىغان ھەتتا بەزىدە قانۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئالاھىدىلىك ۋە ئىمتىيازلارنى ئىگەللىۋالىدۇ. ئوغۇرلۇق قىلسا، ئادەم ئۆلتۈرسە ۋە يا زىنا قىلسىمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ.

كاپىرلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن يەرلىك قانۇنلار ئىنسانلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە ماس كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالمايدۇ. نەتىجىدە مۇقىملىققا ئىگە بولالمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تۈزىتىش ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەتتا بەزى ۋاقىتتا قىسمەن تۈزىتىش ياكى ئۆزگەرتىشلا ئەمەس، بەلكى ئىنقىلاب قىلىنىپ بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلارنىڭ قانۇنى سەھنىدىن يوق قىلىنىدۇ.

مۇشۇنىڭدەك ھەربىر تۈپكى ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى داۋا قىلسا، باشقىسى ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇپ بۇرۇنقىلار كەلگەن ئاساس بويىچە مەيدانغا چىقىدۇ.

يەرلىك قانۇنلارنىڭ ماھىيىتى ئىنسانلار جامائىتىنى مىللەتچىلىك، يۇرتۋازلىق، ئومۇمى مەنپەئەت ۋە باشقىلىرىدەك نۇرغۇنلىغان توپلىنىش نۇقتىسىغا ئايرىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قانۇن سەۋەبى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئۆزئارا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت قاپلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توپلىنىش نۇقتىسىنىڭ ئىنسانلار جامائىتىنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ. پەقەت ئىنسانلارنى جانلىرى ۋە تەنلىرى بىلەن ئۆزئارا ئۇيۇشتۇرالايدىغان بىردىنبىر كۈچ ئەقىدىدىن ئىبارەت.

بەزى ۋاقىتتا كاپىرلارنىڭ ھەتتا ئۆز كىشىلىرى ئارىسىغا ئاداۋەت چېچىپ، ئۆزئارا بۆلگۈنچىلىك سېلىش بىلەن، ئۇلارنى ئىدارە قىلىشلىرىنى قولايلاشتۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

مانا بۇ دەل ئۆتمۈشتە دىنىمىز دۈشمەنلىرىنىڭ ۋە ھازىر ئىشغالچىلارنىڭ قىلغانلىرى ۋە قىلىۋاتقانلىرى. ئوخشاشلا بىز بىلەن بىر قىبلىدىن كەلگەن، تىلىمىزدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئارىمىزدا ياشايدىغان ساتقۇنلار جامائەت ئىچىدە ئۆز ئارا قارشىلىق پەيدا قىلىش ۋە ئاممىنى ھەرخىل پارتىيە - گۇرۇھلارغا بۆلۈش بىلەن ئالدىنقىلىرىنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە ھەر كىشى ئۆز ئىختىلاپلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەبىئى ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

## ئاللاھ چۈشۈرگەن ھۆكۈمنى رەت قىلىش ـــ كاپىرلىق

ئىسلامدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلغان كىشى كاپىر، پاسىق، زالىم سانىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر. ] سۈرە مائىدە 44-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[ ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر.] سۈرە مائىدە 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[ ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر. سۈرە مائىدە 47 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلقادىر ئەۋدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلغان كىشى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھنىڭ شەرئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلمىسا، ياكى ئاللاھنىڭ شەرئىتىدىن باشقا قانۇننىڭ ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلسا ئۇ كاپىردۇر ۋە قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمان بولمايدۇ. ئۇ گەرچە ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسى مۇسۇلمان بولسىمۇ ياكى ئىسلام داۋاسى قىلسىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاللاھنىڭ ھۆكمى شۇدۇر. چۈنكى (كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.)»

ئەگەر ئىسلامنىڭ ھۆكمى شۇ بولۇشىغا قارىماي ئىسلام دىيارلىرىدىكى ئىسلامنى ھۆكۈمرانلىقتىن چىقىرىپ تاشلىغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىسلامدا قانچىلىك ھەققى بارلىقىنى، بىشىدا ئازراق ئەقلى بار كىشى بىلەلەيدۇ ۋە قىينالماستىنلا «بۇ ھۆكۈمەتلەر مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ ۋە مەجبۇرلاۋاتىدۇ» دېيەلەيدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد رەشىد رىزا «المنار» دېگەن تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ دىنىغا باش ئەگكەن بىر مۆمىننىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بىر ھۆكۈمنى پەرز قىلغانلىقىغا ئىشىنىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئۆزگەرتىشى، ھاۋايى ـ ھەۋىسى بويىچە باشقا بىر ھۆكۈمنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل كۆرۈپ ئالماشتۇرۇشى بىلەن بىرگە ئىمانى ۋە ئىسلامى ئالدىدا ئۆزۈر تىلىشى ئەقىلغا سىغمايدۇ».

مەلۇمكى، بۇ خىل ھالەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ شەرئىتىگە قارشى ھۆكۈم يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلارغا قارشى چىقىشى، بەلكى قارشى چىقىشىلا ئەمەس ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشى ۋاجىب. ئەگەر ئۇلارنى قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، مىنىڭچە ئۇ دىيار ئىسلام دىيارى دەپ قارالمايدۇ.

## ھاكىمىيەت داۋاسى قىلىش ـــ كاپىرلىق

ئىسلام ئۆزىگە ھاكىمىيەت داۋا قىلغان كىشىنى ئىسلامدىن چىققان كاپىر دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەت تەۋھىدىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئالدىنقىسىنى ئۆزىگە داۋا قىلغان بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۆزىنى كىشىلەرگە ئىلاھ دەپ ئېلان قىلغاندەك ياكى ئاللاھنىڭ شېرىكى قىلغاندەك بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك ھاكىمىيەت ئاللاھقىلا خاس. يەنى [ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈمەتلەر پەقەتلا ئاللاھقىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ توغرا دىندۇر.] سۈرە يۇسۇف 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەييىدە قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «شەكسىزكى ھاكىمىيەت ئاللاھنىڭ. ئۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەت تەۋھىدىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقىلا خاس. كىم ھاكىمىيەت ھەققىنى داۋا قىلسا، داۋا قىلغۇچىنىڭ بىر كىشى، تەبىقە، پارتىيە، ھەيئەت، مىللەت ياكى دۇنياۋى گورۇھقا ئىگە

باشقا ھەر قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئۇلۇھىيەت خۇسۇسىيىتىنى تالاشقان بولىدۇ. كىم ئاللاھتىن ئۇلۇھىيەت خۇسۇسىيەتلىرىنى تالاشسا ۋە ئۆزىگە داۋا قىلسا ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق كاپىر بولغان بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەت خۇسۇسىيەتلىرىنى تالىشىش ۋە بۇ ھەقنى داۋا قىلىش ئارقىلىق دىنىدىن چىقىش بىرلا شەكىلدە بولمايدۇ. يەنى پىرئەۋنگە ئوخشاش «سىلەرنىڭ مەندىن باشقا ئىلاھىڭلار يوق» ياكى «مەن ئەڭ بۈيۈك رەببىڭلار» دەپ ئاشكارا داۋارڭ سېلىشى شەرت ئەمەس. پەقەت ئاللاھنىڭ شەرىئەت قانۇنىنى ھاكىمىيەتتىن ئۆچۈرۈش ۋە باشقا ئاساسلاردىن قانۇن تۈزۈش، يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئوخشاش ئاللاھنىڭ غەيرىگە قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىنى ھەتتاكى پۈتۈن مىللەت ياكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بىرلىككە كېلىپ تاپشۇرسىلا ئاللاھنىڭ بۇ خىل ھەققىنى داۋا قىلغانلىق ۋە تالاشقانلىق بولىدۇ»

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، يېزىق ياكى سۆھبەت ئارقىلىق ئۇلۇھىيەت داۋا قىلىۋاتقانلارغا بۇ ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش، قىلىۋاتقانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە دەلىل كۆرسىتىش ۋە چۈشەندۈرۈش كېرەك.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلىنىپ مەرھۇم ئۇستاز ھەسەنۇلبەننانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى چۈشىنەلەيمىز: «ھاكىمىيەت مەسىلىسى فىقھى (شەرىئەت ئەھكاملىرى توغرىسىدىكى ئىلىم) كىتابلىرىمىزدا تارماق ئەمەل ـ ئىبادەت بولماستىن، بەلكى ئەقىدە ۋە ئاساس مەسىلىسى قاتارىدا سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دېمەك ھاكىمىيەت ۋە ئىجرا قىلىش، قانۇن چىقىرىش ۋە تەلىم ئېلىش، شۇنىڭدەك قانۇن ۋە ھۆكۈم قىلىش دېمەكتۇر. بۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ».

تېخىمۇ پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى سۆزلىرىنىڭ داۋامىغا قاراپ باقايلى: «ئىسلامى ئىسلاھاتچى ئۆزىنىڭ بىلىملىك، ھەممە ئەھكاملارغا باش ئەگىدىغان، ئىسلام تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىدىغان، دىندا كىچىكتىن چوڭغىچە ئىنچىكىلەيدىغان بولۇشى بىلەنلا قانائەتلىنىپ، ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئۈممەتكە، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قانۇنلارنى چىقىرىش ۋە ئۇلارنى زورلۇق بىلەن ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرلىشى بىلەن كارى بولمىسا، تەبىئى ھالدا بۇ ئىسلاھاتچىنىڭ ئاۋازى دېڭىزغا تېمىتقان تامچە بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ سۆز ۋە يېتەكلەش قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلىكى بىلەن ئىجرا قىلغۇچىلاردىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قولاق سالىدىغان، ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىدىغانلارنىڭ تېپىلىپ قىلىشى ئەقىلغا ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەمەلىيەت بىز كۆرۈۋاتقاندەك ئىسلام شەرىئەت بىر ۋادىدا، ئىجرا قىلىش باشقا بىر ۋادىدا. ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كېچىشى ئىسلامى جىنايەت بولۇپ، ئۇ پەقەت توزغۇلۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش كۈچىنى ئىسلام ئەھكاملىرى بويىچە ماڭمايدىغان، دىنسىزلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش بىلەنلا يۈيۈلىدۇ»

«ھاكىمىيەت، فىقھى كىتابلىرىمىزدا ئەقىدە ۋە ئاساس مەسىلىلىرى قاتارىدا سانىلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھاكىمىيەت ـ ئەقىدە ۋە ئۇنىڭ ئەركانلىرىغا دائىر ئىشلارنىڭ بىرى. بىر كىشى ئىسلامدىكى ھۆكۈمنى ئىنكار قىلسا ياكى ئۆزىگە ھاكىمىيەتنى داۋا قىلسا كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەقىدىگە دائىر ئىشلارنىڭ بىرىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. ئەقىدىگە دائىر ئىشلارنىڭ بىرىنى ئىنكار قىلغان كىشى ئىسلام مىللىتىدىن چىقىدۇ. ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ئىسلامدىن چىقىشى تېخىمۇ مۇقەررەرلىشىدۇ.

## ئۆز رازىلىقى ۋە رىغبىتى بىلەن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرىدىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىش - كاپىرلىق

بىز ئالدىنقى ماۋزۇدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلغان ياكى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى بايان قىلغان ئىدۇق.

بۇ يەردىكى ھۆكۈم قىلىنغۇچىلارغا دائىر يەنە بىر ھۆكۈم شۇكى، ئۆز رازىلىقى ۋە رىغبىتى بىلەن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرىدىن ھۆكۈم تەلەپ قىلغان كىشى ئىسلامدىن چىققان، كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

[(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.] سۈرە نىسا 65-ئايەت.

[ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ.] سۈرە نىسا 60-ئايەت.

[ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.] سۈرە نىسا 59-ئايەت.

ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىشىلەرنىڭ دىنىنىڭ ئاساسىدىن تارماقلىرىغا قەدەر قىلىشقان ئىختىلاپ، دەتالاشلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە قايتۇرۇلۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا قىلىنغان بۇيرۇق» ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [سىلەر (دىن ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەرقانداق نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاب قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا ئاللاھ ھۆكۈم چىقىرىدۇ] سۈرە شۇرا 10-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە سۈننەت قىلغان ھۆكۈمنىڭ شەكسىز توغرىلىقىغا ۋە ھەقلىقىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز. ھەقىقەتتىن باشقىسى ئازغۇنلۇق. شۇڭا ئاللاھ تائالا دەيدۇكى: «ئەگەر ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن بولساڭلار». ئاراڭلاردا يۈز بەرگەن ئاداۋەت ۋە جاھالەتلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە قايتۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلىڭلار. بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىختىلاپلاشقاندا كىتاب ۋە سۈننەتكە قايتىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكمىنى ئىزلىمىگەنلەر ئاللاھ ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتمىغانلار بولىدۇ».

### ئىبنى كەسىرنىڭ ئەلياسادىن ھۆكۈم تەلەپ قىلغانلار ھەققىدە بەرگەن پەتىۋاسى

ئىبنى كەسىر ياشىغان زاماندا، «ئەلياسا» ناملىق بىر كىتاب مەيدانغا كەلدى. بۇ كىتاب دۆلەت قانۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەيتاننىڭ يوليورۇقى بىلەن چىڭگىزخان تەرىپىدىن يېزىلغان ئىدى ۋە كىشىلەرنىڭ زورلۇق بىلەن ئۇ كىتابنىڭ ھۆكمىگە چاقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى كەسىر بۇ پەتىۋانى بەرگەن:

«بۇلار ھەممىسى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئەلەيھىسسالاملارغا چۈشۈرگەن شەرىئەتلىرىگە مۇخالىپ، كىم، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن شەرىئەت قانۇننى تاشلاپ، ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئالدىنقى شەرىئەتلەردىن ھۆكۈم تەلەپ قىلسا كاپىر بولغان تەقدىردە، ئەلياسادىن ھۆكۈم تەلەپ قىلغان ۋە ئۇنى ئىلاھ شەرىئەتنىڭ ئالدىغا قويغان كىشىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ ئۇنى قىلغان كىشى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر بىرلىكى بىلەن كاپىردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار.] سۈرە مائىدە 50 ــئايەت.

[(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.] سۈرە نىسا 65-ئايەت.

ئىبنى كەسىر جۇۋەينىدىن ئەلياسا توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىم زىنا قىلسا ئۇنىڭ مۇھسىن (ئۆيلۈك) ياكى غەيرى مۇھسىن بولۇشىغا قارىماي ئۆلتۈرۈلگەن، كىمكى قەستەن يالغان ئېيتسا، سېھرگەرلىك قىلسا، ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ بىرىگە ياردەم بەرسە، تۇرغۇن سۇغا كىچىك تەرەت قىلسا، چۈشسە، ئىگىسىدىن سورىماي ئەسىرگە تاماق ۋە يا كىيىم بەرسە ياكى قاچقۇن كۆرۈپ قايتۇرمىسا ئۆلتۈرۈلگەن. كىم ھايۋان بوغۇزلىسا شۇ شەكىلدە بوغۇزلانغان»

ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرىدىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىش جازالىنىشقا تېگىشلىك جىنايەت

شۈبھىسىزكى ئۆز رازىلىقى ۋە رىغبىتى بىلەن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرىدىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىش كاپىرلىق ۋە دىندىن چىققانلىق. ئىسلامدا دىندىن يېنىشنىڭ جازاسى ئۆلۈم.

ئىبنى كەسىر تەپسىرىدە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ھاپىز شۇئەيبتىن، ئۇ ئەبۇلمۇغىيرەدىن. ئۇ ئۇتبە ئىبنى زەمرەدىن ئۇ ئىبنى ئۇبەيتتىن تۆۋەندىكىلەرنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىككى كىشى داۋالىشىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ھەق ئىگىسگە ھەققنى بۇيرۇپ بەردى. مەغلۇب بولغۇچى:

- قانائەتلەنمىدىم، دېدى.

- ئۇنداقتا نېمە ئىستەيسەن؟ دەپ سورىدى يەنە بىرى.

ــ ئەبۇبەكر سىددىقنىڭ ئالدىغا بارىمىز. دېدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشتى. ھەق ئىگىسى ئەبۇبەكرىگە:

- رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا داۋالىشىپ بارغان ئىدۇق، ھەققىمنى ھۆكۈم قىلىپ بەردى.

- ئاراڭلاردا داۋا رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈم قىلغىنى بويىچە بولىدۇ دېدى ئەبۇبەكر

مەغلۇب بولغۇچى يەنە قوبۇل قىلمىدى ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

- رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا داۋالشىپ بارغان ئىدۇق، ھەققىمنى ھۆكۈم قىلىپ بەردى، لېكىن ئۇ قانائەتلەنمىدى، دېدى ھەق ئىگىسى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قارشى تەرەپتىن سورىدى ۋە ئۇخشاش جاۋاب ئالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيدىن قىلىچىنى ئېلىپ چىقىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولمىغان كىشىنىڭ بېشىنى ئالدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى چۈشۈرگەن:

[(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.] سۈرە نىسا 65-ئايەت.

ئىسلامدىكى سياسىي تۈزۈم قائىدىلىرىنىڭ بىرىنچىسى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇكى، ھەربىر مۇسۇلمان ھاكىمىيەت ئاللاھقا تەئەللۇق، ھېچكىم ئۇنىڭغا شېرىكلىشەلمەيدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشى كېرەك. ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىشى ۋە داۋالىرىنى شۇ بۇيىچە بىر تەرەپ قىلىشى، ئەكسىچە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرىدىن ھۆكۈم تەلەپ قىلماسلىقى ۋە ئۇلارغا داۋا ئېلىپ بارماسلىقى، ھەتتا يەرلىك قانۇنلارنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلىشى ۋاجىب. چۈنكى بۇ قائىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلغان كىشىن ھاكىمىيەت داۋاسى قىلغان كىشى ۋە ئۆز رىغبىتى، ئىرادىسى ۋە رازىلىقى بىلەن كاپىردىن ھۆكۈم تەلەپ قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## ئىككىنچى قائىدە: ئادالەت ۋە باراۋەرلىك

1- ئىسلامنىڭ ئىنسانلارغا بولغان كۆز قارشى

ئىسلام ئىنسانلارغا «بىرلا نەسەبتىن يارىتىلغان» دەپ باراۋەر كۆز قارايدۇ. يەنى ئاتىلىرى ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئانىلىرى ھەۋۋا. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

[ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت )بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر] سۈرە ھۇجرات 13-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار] سۈرە نىسا 1 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھ ئىنسانلارنى پادىشاھ ۋە خىزمەتكار، ھۆكۈمران ۋە پۇقرا، خوجايىن ۋە مالاي، ئەرەب ۋە غەيرى ئەرەب، ئاق ۋە قارا قىلىپ، بىرلا سۈرەتتە، يەنە يالاڭ ئاياق، يالىڭاچ ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە ياراتتى. شۇنداقلا قىيامەت كۈنى تۇغۇلغان سۈرەتتە يالاڭ ئاياق، يالىڭاچ ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز.] سۈرە ئەنبىيا 104 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۆۋەندىكىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسى:

«يالاڭ ئاياق، يالىڭاچ ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە تىرىلدۈرىلىسىلەر»

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ تاغاق چىشىغا ئوخشاش باراۋەر بولۇپ، ئورنىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مىزاننىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش، ئۇنىڭدىن قورقۇش، چەكلىگەن ئىشلىرىنى قىلماسلىق ۋە گۇناھ - مەسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش دەرىجىسى ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا: «ھەقىقەتەن تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر» دەيدۇ.

ئىنسانلارنى رەڭگى، تىلى، جىنسى، قەبىلىسى، يۇرتى، ئىجتىمائىي ۋە يا ئىقتىسادى ھالىتىگە قاراپ قەدىرلەش ۋە كۆتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق.

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى خۇتبىسىدە بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلەپ ئېيتقان سۆزلىرى: «ئى ئىنسانلار! رەببىڭلار بىر ئەمەسمۇ، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشتىن باشقا ئەرەبنىڭ غەيرى ئەرەبتىن، غەيرى ئەرەبنىڭ ئەرەبتىن، قارا تەنلىكنىڭ قىزىلدىن، قىزىل تەنلىكنىڭ قارىدىن ئارتۇقچىلىقى يوق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر».

بەيھەقى ئەبى ئەمامەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرنىڭ جاھىلىيەتتىكى پەخىرلىنىشىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقىڭلارنىڭ ھەممىسى بىكار قىلدى. ھەممىڭلار ئادەم ۋە ھەۋۋانىڭ بالىلىرى، بىرساﺋ (ئېغىرلىق بىرلىكى) بىر ساﺋغا تەڭ بولغاندەك باراۋەر. ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر، ئەگەر ئالدىڭلارغا دىن ۋە ئامانەتدارلىقتا ئىشەنچىلىك بىرسى كەلسە ئۆيلەپ قويۇڭلار»

يەنە ئەلبەززار ھۇزەيفەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەممىڭلار ئادەمنىڭ بالىلىرى ۋە ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان، ئاتىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان مىللەتلەر چوقۇم توگىسۇن. بولمىسا ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۇ مىللەتنىڭ قۇرت ـ قۇڭغۇزچىلىك قىممىتى بولمايدۇ»

ئەبۇزەررىلغەففارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانىسى ئەرەب بولمىغان بىر قارا تەنلىك مۇسۇلمان بىلەن جىدەللىشىپ قالىدۇ ۋە ئۇنى ئانىسىنىڭ رەڭگى بىلەن ئەيىبلەيدۇ. ئۇ شىكايەت قىلىپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇزەر بىلەن كۆرۈشۈپ: «ئى ئەبۇزەر، سەن جاھىلىيەتنىڭ تەسىرىنى ساقلىغان كىشى ئىكەنسەن» دەيدۇ. ئەبۇزەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆزئارا تىللاشقاندا ئاتا ـ ئانا تىلغا ئېلىنىدۇ» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئى ئەبۇزەر، سەن جاھىلىيەتنىڭ تەسىرىنى ساقلىغان كىشى ئىكەنسەن. ئۇلار ئاللاھ بىلەن قول ئاستىڭلاردا قىلغان قېرىنداشىڭلار، ئۇلارغىمۇ يېگەن نەرسەڭلاردىن تاماق بېرىڭلار، كېيگەن نەرسەڭلاردىن كېيتىدۈرۈڭلار، قىيىن كېلىدىغان ئىشلارغا بۇيرۇماڭلار، ئەگەر بۇيرۇساڭلار ياردەم بېرىڭلار» (مۇسلىم مەئۇر ئىبنى سۇۋەيددىن رىۋايەت قىلغان)

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ بايلىقىغا، شەكلىگە ۋە رەڭگىگە ئەمەس بەلكى قەلبىگە ۋە ئىچىگە يوشۇرۇنغان ياخشىلىق ياكى يامانلىققا ۋە ئۇنىڭدىن مەيدانغا كەلگەن خالىس، ياخشى ئەمەللىرىگە قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شەكسىزكى، ئاللاھ شەكلىڭلارغا، بايلىقىڭلارغا ئەمەس، بەلكى قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ».

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى. ئۇلارغا يۈكلەنگەن بۇيرۇق. چەكلىمە ۋە ئەھكاملارنىڭ ئۇنىڭمۇ ئۈستىگە يۈكلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:[ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئاللاھ دۇر] سۈرە كەھف 110-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىنسانلارغا بىرلا كۆزدە قارايدىغان ئىسلامنىڭ باراۋەرلىك نەزەرىيىسى ئىسلامى جەمئىيەتتە ساھابىلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئارىسىدا تولۇق ئومۇملىشىپ، ھاياتلىرىغا تەتبىقلانغان ھالدا قەلبلىرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى.

ئەڭ ياخشى ئۈلگىمىز ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلام خەلىپىلىكىنى تاپشۇرۇۋالغاندا كۆپچىلىككە قىلغان تۇنجى سۆزى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. «سىلەرگە باشلىق بولۇپ سايلاندىم ۋە لېكىن مەن

سىلەردىن ياخشى ئەمەس. ئەگەر توغرا يولدا ماڭسام ماڭا ياردەم بېرىڭلار. ئېزىپ كەتسەم مېنى تۈزلەپ قويۇڭلار. ئىچىڭلاردىكى كۈچلۈكلەر ماڭا نىسبەتەن ھەققىنى قايتۇرۇپ ئالغۇچىلىك ئاجىز، ئاجىزلار ماڭا نىسبەتەن ھەققىنى قايتۇرۇپ بەرگۈچىلىك كۈچلۈك»

بۇ ھەقىقەتنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفەدە ۋالىيلىق قىلىۋاتقان ئەبۇمۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يازغان خېتىدىمۇ ئوخشاش تەكرارلايدۇ. ئۇنىڭغا گەرچە ۋالى بولسىمۇ ئۇنىڭ پەقەت ئاللاھ يۈكىنى ئەڭ ئېغىر قىلغان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەنلىكىنى كۆرىمىز: «ئى ئەبۇ مۇسا! سەن ھەقىقەتەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىرى، پەقەت ئاللاھ سېنىڭ يۈكۈڭنى ئۇلارنىڭكىدىن ئېغىر قىلدى. مۇسۇلمانلارغا باش بولغان كىشىگە، خۇجايىنىنىڭ ئالدىدا قۇلىغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە يۈكلىنىدۇ».

يەنە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا (ئۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ رەئىسى ۋاقتىدا) ھوقۇقى، ئادالىتى، تەقۋادالىقى ۋە ئىخلاسمەنلىكىگە قارىماي، قانۇن ئالدىدا ئۇنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى دەيدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلار توپلانغان بىر يىغىلىشتا ئۇلاردىن: «ئەگەر ئەمىرۇلمۆمىنىن (مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت رەئىسى) بىر ئايالنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرسە قانداق قارايسىلەر؟ دەپ سورايدۇ. «تۆت شاھىد كەلتۈرىدۇ ياكى بۆھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن دەررە ئۇرۇلىدۇ. ئۇ ئۇ ھالەتتە باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئەلى.

ئىسلام ئەھكاملىرى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى ئىسلامدىكى ئىبادەتلەر، مۇئامىلىلەر، جازا، قىساس ۋە باشقىلاردا يېتەرلىك باراۋەرلىكنى ئۇچرىتىدۇ. ئىسلامدىكى ھەربىر ئىبادەتتە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئوچۇق باراۋەرلىكنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مەسىلەن: نامازنى ۋە يوقسۇل، ھاكىم ۋە پۇقرا، ھۆرمەتلىك ۋە ھۆرمەتسىز ھەممىسى بىرلا يەر - مەسجىتتە بىرى بىرىنىڭ يېنىدا ياپ باراۋەر سەپتە تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. ھېيت نامازلىرىدا ھەممە كىشى ئوخشاش بىر مەيداندا، قۇياش هارارىتى ئاستىدا تۇرۇپ نامازلىرىنى ئادا قىلىدۇ.

ھەج قىلىشتا كۆرىمىزكى، ئوخشىمىغان رەڭ، ئىرقتىكى ۋە ئوخشىمىغان تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىدە، ئوخشىمىغان يۇرتلاردىن كېلىپ بىر يەرگە توپلىنىدۇ. ھەممىسى ئوخشاشلا ئاق كىيىم كىيىپ ئەرەپاتتا تۇرىدۇ. مۇئەييەن ۋاقىتتا كەبىنى تاۋاب قىلىدۇ ۋە ھەجنىڭ باشقا ئەمەللىرىنى ھەيئەت، شەكىل ۋە ۋاقىتتا پەرقلەنمىگەن ھالەتتە باراۋەر ئادا قىلىدۇ؟

رامىزاندا روزا تۇتۇش ئاللاھنىڭ يوقسۇل، باي، ئەر - ئايال ھەممە كىشىگە مىللەت، تەبىقە، ياكى مەرتىۋە ئايرىماستىن ئورتاق قىلغان پەرزى. بۇ پەرز شەرت توشسا ھەتتا دۆلەت رەئىسىدىنمۇ ئەپۇ قىلىنمايدۇ.

شۇنىڭدەك زاكات بېرىش ھېچكىم مۇستەسنا قىلىنماستىن قادىر بولغان كىشىنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش پەرز قىلىنغان. ھەتتا زاكاتنى كۆپ ئايرىيدىغان سېخى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش مىقداردا پەرز قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا جازا ۋە قىساس ئىشلىرىدىمۇ ھەممە ئىنسان قانۇن ئالدىدا باپ - باراۋەر.

2- كاپىرلارنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپىغا بولغان مەيدانى

ئىسلام كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ تاغاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش باينىڭ يوقسۇلدىن، ھۆكۈمرانىنىڭ پۇقرادىن، خۇجايىنىنىڭ خىزمەتكاردىن ھېچ پەرقى يوقلىقىدىن ئىبارەت باراۋەرلىك شۇئارىنى ئېلىپ كەلدى. شەرىئەت نەزىرىدە ھەممىسى ئوخشاش. ئەجدادىدىن پەخىرلىنىش ۋە نەسەبىگە قاراپ

باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىش چەكلەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىززەت ۋە چوڭچىلىق ئىزلەش يۈزىسىدىن كاپىرلاردىن بولغان توققۇز ئەجدادىغىچە نەسەبىنى ئۇلغان كىشى جەھەننەمدە ئۇلارنىڭ ھەمراھى بولىدۇ» (ئىمام ئەھمەد ۋە بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

قىيامەت كۈنى ئاللاھ پەقەت تەۋھىد، ئىبادەت ۋە ئىتائەت ئەقىدىلىرى بىلەن ئۆزىنى ئاللاھقىلا تەۋە قىلغانلاردىن باشقىلارنىڭ بارلىق تەۋەلىكى ۋە نەسەبىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر - بىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) سوراشمايدۇ.] سۈرە مۆمىنۇن 101-ئايەت.

تابرانى ۋە ئىبنى مەردەۋيە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! مەن بىر نەسەب (تەۋەلىك) ئورناتتىم، سىلەر باشقا نەسەب قوبۇل قىلدىڭلار، ئەڭ تەقۋادارلىرىڭلارنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك قىلدىم، پەقەت پالانى پالانىنىڭ بالىسىن پالانى پالانىدىن ھۆرمەتلىك دېدىڭلاركى، باشقىسىنى رەت قىلدىڭلار. بۈگۈن مەن ئۆزەم ئورناتقان نەسەبنى قىممەتكە ئىگە قىلىمەن، باشقىسى قىممەتسىز. ئەجىبا مېنىڭ ئەۋلىيالىرىم (دوستلىرىم) ـ تەقۋالىق قىلغۇچىلار (ئاللاھتىن قورققۇچىلار) ئەمەسمۇ؟»»

مانا بۇ ئىسلامدىكى باراۋەرلىك پىرىنسىپى. بۇ پىرىنسىپ ئەمەلى ھايات بىلەن مۇناسىۋەتسىز قەغەزدىلا بولماستىن بەلكى قەلبتە ۋە ئەمەلى ھاياتا ئەكس ئېتىدۇ

ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا مۇسۇلمانلار بۇ ئاساسنى ئەمەلى تەتبىقلاشقا باشلىغان. يېغىلىش ۋە باشقا پائالىيەتلىرى ھەبەشىستانلىق بىلال ئىبنى رەباھ، ئەممار ئىبنى ياسىر، رۇملۇق سۇھەيب ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئاجىز قۇل ۋە خىزمەتكارلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرمەيتتى.

مەككىدىكى مۇشرىك ۋە كاپىرلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى قىلىشتىن ئۇيالمىغان. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇۋاتقان ئاجىز مۇسۇلمانلارنى كۆرۈپ : «ئى مۇھەممەد! ئاشۇلارنىڭ سەن بىلەن بىرگە بولۇشىغا رازى بولدۇڭمۇ؟ ئاللاھ ئارىمىزدىن ئۇلارنى تاللاپتۇمۇ؟ بىز شۇلارغا ئەگىشەمدۇق؟ ئۇلارنى يېنىڭدىن ھەيدىۋەت. ئەگەر ھەيدىۋەتسەڭ ساڭا ئەگىشىپ قىلىشىمىز مۇمكىن» دەيدۇ. ئۇنىڭغا قارىتا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈرگەن: [ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە،ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن] سۈرە ئەنئام 52-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەنە باشقا رىۋايەتتە ئۇلار يۇقىرىغا قوشۇپ مۇنداق دەيدۇ: «مەجلىسىڭدىن بىزگە باشقا ئەرەبلەر بىزنىڭ ئەۋزەللىكىمىزنى كۆرەلەيدىغان ئالاھىدە بىر ئورۇن تەييارلىشىڭنى تەلەپ قىلىمىز. باشقىلارنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەندە ئۇلارنىڭ بىزنى ئۇ قۇللار بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرىشىدىن نومۇس قىلىمىز. بىز يېنىڭغا كەلگەندە ئۇلارنى بىزدىن ئۈزاقلاشتۇر. بىز سېنىڭ يېنىڭدىن كەتكەندىن كېيىن خالىغانچە ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇۋالغىن» بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەت چۈشكەن: [ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە،ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن] سۈرە ئەنئام 52-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسلامنىڭ بۇ ھەقتىكى جاۋابى يۇقىرىقىدەك روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھېچقانداق سۈلھى ۋە يا يۇمشۇتۇش قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ، پرىنسىپنى ئەمەلى تەتبىق قىلىش جەريانىدا مۇھاپىزە قىلىش ۋە ھەرىكەت جەريانىدىكى كۆپ خىل مەۋقەلەرگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

3- ئىنسانلار ئارىسىدا ئادالەتنى ئومۇملاشتۇرۇش - ۋاجىب

ھەربىر شەخس، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە دۇنيا مىقياسىدا ئادالەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ھۆكۈمران ياكى باشلىقلارنىڭ مىجەزى ۋە ئىستىكىگە قاراپ خوشى كەلسە قىلىدىغان ئىشلار جۈملىسىدىن بولماستىن، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ۋە مۇھىم ۋاجىبلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى ئادالەتنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدا ئورتاق پىكىرگە ئىگە. مەرھۇم فەخرۇرازى مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈمران بولغان كىشىنىڭ ئادالەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشىنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن».

پەخرۇررازى نەقىل قىلغان پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن بۇ ھۆكۈم نۇرغۇنلىغان ئايەت ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان. تۆۋەندىكىلەر بۇ ھەقتىكى بىر نەچچە ئايەت:

(1) ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ] سۈرە نەھل 90-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەلۇم بولغىنىدەك ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ۋاجىبلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.

(2) ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ] سۈرە نىسا 58 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ئايەتتىن شۇنى مۇلاھىزە قىلىمىزكى، ئاللاھ تائالا ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشنى، ئۇندىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىشنى ۋاجىب قىلىدۇ. يەنى ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىگە قارىتا ئادالەتنى يۈرگۈزۈش مەقسىتىدە ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشنى بۇيرۇغاندىن كېيىن باشقىلارغا قارىتا ئادالەت يۈرگۈزۈشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ خىل خىتاب قىلىش ئۇسۇلى تېخىمۇ تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە.

پەخرۇررازى تەپسىرىدە تىلغا ئالغان تۆۋەندىكى سۆزلىرى بۇ مەنانى ئىپادىلەيدۇ: «بىلگىنكى ئامانەت دېگىنىمىز - ئەگەر ئۆستەڭدە ئۆتەشكە تېگىشلىك باشقىلارنىڭ ھەققى بولسا، ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشۇڭدىن ئىبارەت. ھۆكۈم دېگىنىمىز - ئەگەر بىر كىشى ئۈستىگە ھەق يۈكلەنگەن بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇ ھەقنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشنى بۇيرۇشتىن ئىبارەت.

ئىنساننىڭ بىر ئىشنى ئاۋۋال ئۆزىدىن باشلاپ، ئۇندىن كېيىن باشقىلارغا تەۋسىيە قىلىشى توغرا تەرتىپ بولغىنىدەك، ھېكمەتلىك ئاللاھ ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئاۋۋال ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشنى ئاندىن كېيىن ئادىل ھۆكۈم قىلىشنى زىكىر قىلىدۇ».

(3) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ياكى ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى

گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر.] سۈرە نىسا 135-ئايەت.

ئايەتتە «ئادالەت بەرپا قىلغۇچى» دېگەن سۆز مۇبالىغە دەرىجىدە كەلگەن. (ئادالەت بەرپا قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ ـ ت) يەنى بۇ ـ ئاللاھنىڭ بارلىق ۋاجىب ئىگىلىرىگە ئادالەت بەرپا قىلىش ۋە زۇلۇم، ھەقسىزلىقتىن ساقلىنىشقا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بولغان يېقىنچىلىق ۋە باشقىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماستىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقنى بويىچە خالىس گۇۋاھلىق بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بۇيرۇقى. ئادىل گۇۋاھلىق بەرمەسلىك ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش خىيالى ئارقىسىدا ئۇلارغا مايىل بولۇش ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ يامانلىق ۋە زىيانكەشلىك قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

(4) ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: «ئاللاھ نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم] سۈرە شۇرا 15-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھ تائالا ئايەتتىكى «ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم» دېگەن سۆزى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىشنى بۇيرىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ۋاجىب باشقا ھۆكۈمرانلارغىمۇ ئوخشاش يۈكلىنىدۇ.

ئىسلام نەزىرىدە كىم ئادالەتتىن ئۆزلاشسا زالىم ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا زۇلۇم قىلىشنى چەكلەيدۇ ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى تەنقىتلەپ قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاب ۋە دۇنيادا ھالاكەتكە دۇچار بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [(ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار] سۈرە سافات 22-ئايەت.

[زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن] سۈرە ئىبراھىم 42-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئەنە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى (ئادەمزاتتىن) خالى بولۇپ قالدى.] سۈرە نەمل 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھ تائالا ھەدىسۇلقۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئى قۇللىرىم! ئۆزەمگە زۇلۇمنى ھارام قىلدىم، شۇنداقلا ئاراڭلاردىمۇ ھارامدۇر. ئۆزئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار»

مەئقەل ئىبنى يەسار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «ئاللاھ تەرەپتىن بىر خەلقنىڭ باشلىقلىقى (مەسئۇلىيىتى) تاپشۇرۇلغان ھەربىر قول، ئۇلارغا بولغان نەسىھەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمايدىكەن، ئۇنداقتا جەننەتنىڭ پۇرىغىنىمۇ پۇرالمايدۇ»

ئىبنى بەتتال مۇنداق دەيدۇ: «بۇ زالىم ھۆكۈمرانلارغا قىلىنغان ئېغىر تەھدىت. ئاللاھ بىر خەلقنىڭ مەسئۇلىيەت ھەققىنى تاپشۇرغان كىشى بۇ ھەقنى زايا قىلىۋەتسە، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا، ئۇلارغا خائىنلىق قىلسا ياكى زۇلۇم قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇ خەلقنىڭ ھەققى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنداقتا پۈتۈن بىر ئۈممەتكە زۇلۇم قىلغان كىشىنىڭ ھېسابى قانچىلىك بولماقچى»

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى بىر نىدا قىلغۇچى (پەرىشتە) زالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى قەيەردە؟» دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن زالىملارغا قەلەم كۆرسىتىپ قويغان ياكى سىياھ تىۋزەپ بەرگەن (ئۇلارغا قىلچىلىك ياردەم قىلغان ياكى ھەمداشلىق قىلغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) كىشىلەردىن باشلاپ ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلايدۇ ۋە جەھەننەمگە تاشلايدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ئەڭ ئەشەددى ئازابقا ئۇچرايدىغان كىشى زالىم ھۆكۈمران».

بەززار ۋە بەيھەقى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئون كىشىگە باشلىق بولغان ھەربىر كىشى قىيامەت كۈنى كىشەنلەنگەن ھالدا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنى ياكى ئادالەت كىشەندىن ئازات قىلىدۇ، ياكى زۇلۇم كىشەنلىك ھالىتىدە قالدۇرىدۇ».

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەردىن ئىسلام دىنىدا زۇلۇمنىڭ ھارام ۋە قاباھەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ئىسلامدا ھەربىر ھارامنىڭ قارشىسىدا بىر ۋاجىب بولغىنىدەك، زۇلۇمنىڭ ئەكسى ئادالەتنى ۋاجىب قىلىنغان.

ئىسلام دىنى ئادالەتتىن ئۇزاقلاشقان ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان كىشىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ ۋە جىددىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنھۇنىڭ كىشىلەرگە قىلغان بۇ سۆزلىرى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ: «مەن سىلەر بىلەن دېڭىزنىڭ ئۇتتۇرىسىدا شەرقتىن تاكى غەربكىچە يۈرۈيدىغان بىر كېمىدە بولسام دېمەن. ئەگەر كىشىلەر قىيىنچىلىققا يولۇقسا، ئارىسىدىن بىر كىشىنى ئۆزلىرىگە باشلىق سايلىسا، ئەگەر ئۇ توغرا يولدا ماڭسا ئۇنىڭغا ئەگەشسە، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتسە ئۇنى ئۆلتۈرسە» تەلھە: «ئەگەر ئېزىپ كەتسە ۋەزىپىسىدىن ئالسا، دېسەڭ قانداق» دەيدۇ.

ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ: «ئۆلۈم كېيىنكىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ئىبرەتلىك بولىدۇ» دەيدۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

يەنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زۇلۇمنىڭ يولىنى كېسىش ۋە زۇلۇم يولىنى تۇتقان ھۆكۈمرانلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن زۇلۇمدىن قول ئۈزمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ.

ھەقىقەتەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئىشلىرىدا ھەقسىزلىق كۆرسە ئۆزىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشىگە رازى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە راۋا كۆرگەن نەرسىنى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرۈشى تەبىئىي.

ئىسلام شەرىئىتى، ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت هاياتى زۇلۇم بىلەن ئورالغان ھەتتا ئۇنى تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي ئادەت قىلىۋالغان ئىنسانلارغا يۇقىرىدىكىدەك ئايەتلىرى بىلەن خىتاب قىلىپ كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

يەنە «كۆلنى ئوقيا بىلەن ياسىمىغان يېقىلىدۇ ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلمىغان كىشى زۇلۇم قىلىنىدۇ» دېگەندەك مەنىلەردىكى جاھىلىيەت شېئىرلىرى ۋە «قېرىندىشىڭغا زۇلۇم قىلغۇچى ياكى زۇلۇم قىلىنغۇچى بولۇشىغا قارىماي ياردەم قىل» ئېقىمى ئۇ دەۋردە زۇلۇمنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىك.

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى جاھىلىيەت دەۋرىدە قېرىنداشقا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا باشقىلارغا قارشى ئۇنىڭ ھەقلىق ياكى ھەقسىز، زالىم ياكى زۇلۇم قىلىنغۇچى بولۇشىغا قارىماي ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «قېرىندىشىڭغا زۇلۇم قىلغۇچى ياكى زۇلۇم قىلىنغۇچى بولۇشىغا قارىماي ياردەم قىل» دېگەن بۇ سۆزنى تۆۋەندىكىدەك مەنىدە بايان قىلدى: ئەگەر زۇلۇم قىلىنغۇچى

بولسا ئۇنىڭغا زالىمدىن ھەققىنى ئېلىپ بېرىش، زۇلۇم قىلغۇچى بولسا ئۇنى زۇلۇمدىن قايتۇرۇش بۇ ئۇلارغا قىلغان ياردەم بولىدۇ.

ھەتتا بەزىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە ئادالەتنى ياقىلاش، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىش، زۇلۇم، ئەسكىلىك ۋە دۈشمەنلىكتىن قول ئۈزۈش ئەيىب ۋە كەمچىلىك ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئادالەت ئەھلىلىرى ئەيىبلىنەتتى ۋە مازاق قىلىناتتى. ئۇ دەۋردە يېزىلغان باشقىلارنى ھەجۋى قىلىش مەقسىتىدىكى «قەۋمى باشقىلارغا قىلچىلىك زۇلۇم قىلمايدۇ» دېگەندەك شېئىرلار بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى دۇنياغا كېلىپ بۇ مەنىسىز چۈشەنچىلەر ۋە ئەقىلغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئادەتلەرنى يوق قىلدى. قىممەت ئۆلچىمى ۋە مىزانلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئادالەتنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە ھەقسىزلىقنىڭ ئورنىغا يېڭى قائىدە ـ تۈزۈم ئورناتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ [بىز ھۇجۇم قىلىمىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا، ھەق باتىلنى يوقىتىدۇ، باتىل ناگاھان يوقىلىدۇ] سۈرە ئەنبىيا 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[«ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئۆچۈشكە تېگىشلىكتۇر» دېگىن.] (سۈرە ئىسرا 81 ـ ئايەت.) دەپ راست ئېيتقانلىقىغا شاھادەت ئېيتىمىز.

4- ئادالەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ھاۋايى ھەۋەسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ

ئىسلام ھۆكۈمرانلارغا كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ تىلى، ۋەتىنى ياكى ئىجتىمائى ئورنىغا قارىماستىن ئوخشاش ئادالەت يۈرگۈزۈشنى ۋاجىب قىلىدۇ. ھۆكۈم قىلغۇچى جىددىيلەشكەن ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا يېڭىلگۈچى تەرەپنىڭ باي، يوقسۇل ياكى قانچىلىك يۇقىرى ئىش ئورنىغا ئىگە دوست ـ دۈشمەنلىرىنىڭ بولۇشىنى نەزەرگە ئالماستىن ئادىل ھۆكۈم قىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر] سۈرە مائىدە 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايەت شۇنى بايان قىلىدۇكى بىر مىللەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشقا ئېلىپ بارمىسۇن، ئەكسى ھالدا مۇھەببىتىڭلار ئۇلارغا بولغان مەيل ۋە يان بېسىشقا ئېلىپ بارمىسۇن.

مەرھۇم ئۇستاز ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى ئاللاھ تائالانىڭ [سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئادالەت بەرپا قىلىشقا بۇيرۇلدۇم] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «يەنى مەن ئاداۋەتكە ئەمەس، ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. بىرسىگە مايىل بولۇپ ياكى قارشى تۇرۇپ ئايرىمچىلىق قىلىش مېنىڭ ئىشىم ئەمەس. كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئادالەت ۋە ئىنساپ مۇناسىۋىتى. مەن ھەق ئىگىسى بىلەن بىللە ۋە ھەقسىزنىڭ قارشىسىدا. دىنىمدا كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھېچكىمگە ئالاھىدە ئىمتىياز يوق. توغقانلىرىم بىر خىل غېرىپلار باشقا بىر خىل ھوقۇققا ئىگە ئەمەس. مەن ئۈچۈن چوڭ ـ كىچىك، ئابرۇيلۇق ۋە ئابرۇيسىز پەرقسىز، ھەق ۋە گۇناھ ھەممە كىشىگە ئائىت، ھالال، ھارام ۋە پەرزلەر ھەممە كىشىگە ئوخشاش، ھەتتا مەنمۇ ئىلاھى قانۇن ھۆكۈمرانلىقىدىن مۇستەسنا ئەمەس».

بۇ ئاساسقا ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە قازىلىرى كىشىلەر ئارىسىدا ھېچقانداق ماددى ئېتىبارغا قارىماستىن ئادىل ھۆكۈم چىقىراتتى، ھەتتا دۈشمەنلىرى ئەسكىلىك قىلسىمۇ ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. تۆۋەندە بۇ ھەقتە بەزى شاھىدلارنى نەقىل كەلتۈرىمىز.

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ مېۋىلىرىنىڭ يېرىمىنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى يىللىق مېۋە مىقدارىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ

ئەلەيھىسسالام زىرائەت ۋە مېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېرىمىنى ئېلىش بەدىلىگە ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدا قالدۇرغان ئىدى. يەھۇدىيلار ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ كەلگىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بىر قاپچۇق ئالتۇن پارا بېرىشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ: «ئى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى! سىلەر ماڭا پارا بەرمەكچىمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ماڭا مايمۇن ۋە چوشقىلاردىنمۇ بەتتەر، مۇھەممەد ماڭا جېنىمدىنمۇ ئەزىز ۋە لېكىن سىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىم ۋە ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم مېنى ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىققا ئېلىپ بارمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا: [بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر] دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ» دەيدۇ ۋە مېۋە مىقدارىنى ئىككى تەرەپكە زۇلۇم قىلماستىن توغرا ھېسابلايدۇ».

(2) ئەبۇلھەسەن بىلازىرى (ھىجرىيىنىڭ 279 – يىلى ۋاپات بولغان) يازغان «يۇرتلارنىڭ پەتھى قىلىنىشى» دېگەن كىتابتا مۇنداق يېزىلىدۇ: «ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە باشقىلار دەيدۇكى، مەرھۇم ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپىلىك مەنسىۋىگە ئولتۇرغاندا، سەمەرقەندە ئەھلىدىن بىر توپ كىشى قۇتەيبەنىڭ شەھەرلىرىگە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ھالدا كىرىپ، مۇسۇلمانلارنى يەرلەشتۈرگەنلىكى ھەققىدە ئەرز قىلىپ كېلىدۇ. ئۆمەر خىزمەتچىلىرىگە ئۇلارنىڭ شىكايىتى ھەققىدە بىر قازى تۇرغۇزۇش، ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەردىن چىقىپ كېتىشى ھۆكۈم قىلىنسا، چىقىرۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. جۇمەيە ئىبنى ھازىر ئەلبادى قازى بولۇپ تەيىنلىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەردىن چىقىپ يۈزمۇ - يۈز ئۇرۇشۇش نەتىجىسىدە قايتا كىرىشىنى ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەمەرقەندە ئەھلى ئۇرۇش قىلماستىن، مۇسۇلمانلارنى يۇرتلىرىدا قالدۇرىدۇ».

(3) ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇرۇشتا يوقىتىپ قويغان قالقىنىنى بىر يەھۇدىنىڭ يېنىدىن تاپىدۇ ۋە ئۇ يەھۇدىغا قارشى داۋاسىنى قازى شۇرەيە ئىبنى ھانىغا ئاپىرىدۇ. ئۇ مەھكىمە قائىدىسى بويىچە ئۇ ئىككىسىنى مەھكىمە ئالدىدا ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە ھۆكۈم تەرتىۋىنى بىردىن - بىر ئېلىپ بارىدۇ. داۋانى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ قەسەمگە ئاساسەن، داۋا قىلغۇچىنىڭ دەلىلىنىڭ كۈچگە ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ راستچىل بولۇشىغا قارىماي، قالقاننى يەھۇدىغا بۇيرۇپ بېرىدۇ.

(4) دۆلەت رەئىسلىرىمۇ قازىنىڭ ھۆكمىگە بويسۇناتتى. خەلىپە ۋاقتىدا ئۈستىدىن بىر يەھۇدى مەھكىمىگە شىكايەت قىلالىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بىر مىسالى: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن پۇلىسىنى دېيىشىپ بىر ئات ئالىدۇ ۋە ئۇ يەھۇدى ئاتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆمەرگە يۈكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئاچچىقلىنىدۇ. ئۇ قارشى چىقىدۇ. ئۆزئارا تارتىشىپ قالىدۇ.

- ئارىمىزدا بىر كىشى ھۆكۈم قىلىپ قويسۇن، دەيدۇ ئۆمەر.

- مەن شۇرەيە ئەلئىراقنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىمەن دەيدۇ ئۇ.

- ئۆمەرگە - «سەن ئۇنى ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ ئالغان ئىكەنسەن، ساق - سالامەت قايتۇرۇش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ شۇرەيە.

5 - كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بەرپا قىلىشنىڭ مېۋىلىرى

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئەگەر كىشىلەر جەمئىيەتتە مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان بولمىغانلارغا ئوخشاشلا ئادالەتنىڭ ئومۇملاشقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىرىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا، روھى جەھەتتىن تىنچلىققا ئېرىشىدۇ، كۆڭلى خاتىرجەملىشىپ تۇرمۇشى

رەتكە چۈشىدۇ، جەمئىيەت گۈللىنىپ ھايات ياخشىلىق، تىنچلىق، ئامانلىق، سالامەتلىك ۋە ئىسلام كەيپىياتقا تولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بۇ ئۇممەت سۆز قىلغاندا سادىق (راستچىل) ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ۋە رەھىم تەلەپ قىلىنغاندا رەھىملىك بولسىلا ياخشىلىق ئىچىدە ياشايدۇ»

ئادالەت ماھىيەتتە سادىقلىق ۋە رەھىم قىلىش دېمەكتۇر. كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولمىغان كىشى ئۆزى ۋە باشقا كىشىلەرگە سادىق بولمايدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولمىغان كىشى زۇلۇم قىلىنغۇچىغا ئىنساپ بىلەن قارىمىغان، باشقىلارغا رەھىم قىلمىغان ھەتتاكى قەلبىدە قىلچىلىك مەرھەمەتنىڭ ئىزى بولمىغان كىشىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنىڭ ھاياتىدىكى ئادالەتنىڭ پەزىلىتى ۋە مېۋىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئادىل پادىشاھنىڭ بىر كۈنى ئاتمىش يىللىق ئىبادەتتىن ياخشى ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە زېمىندا بېرىلگەن شەرئەت جازاسى قىرىق كۈنلۈك يامغۇردىن بەكرەك پاكىزلىغۇچى».

ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلار سۇسىز ياشىيالمىغىنىدەك، ئادالەتسىز ئىززەتلىك، شەرەپلىك، باياشات ھايات كەچۈرەلمەيدۇ.

شەكسىزكى ئاللاھ كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزگەنلەرگە قىيامەت كۈنى ئالىي مەنزىل ھازىرلىدى. يەنى ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان ئۇ كۈندە ئۇلارنى سايىدىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۆزىنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان كۈندە يەتتە خىل كىشىنى ئۆز سايىسى ئاستىغا ئالىدۇ. ئادىل پادىشاھ....» يەنى ئەڭ ئەۋۋەل ئادىل پادىشاھنى زىكىر قىلىدۇ.

ئادىل ھۆكۈمرانلار زۇلۇم دەھشىتىنى يوقىتىپ، زېمىننى ئادالەت ۋە نۇر بىلەن بىزىيەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مۇكاپاتلاپ نۇردىن بولغان مىنبەرگە ئولتۇرغۇزىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادالەتچىلەر مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نۇردىن بولغان مىنبەردە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىلى قولى ئوڭدۇر. ئادالەتچىلەر ئائىلىسى ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە نىسبەتەن ئادىل ھۆكۈمدە بولغۇچىلاردۇر».

ئاللاھ كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت يولىنى تۇتقان ھۆكۈمرانلارنى ھەق ئۈستىدە قانچىلىك مۇستەھكەم تۇرسا شۇنچىلىك قوللايدۇ. زۇلۇم قىلىشقا باشلىسا ئۇلارنى تاشلايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شەكسىزكى قازى زۇلۇمغا مايىل بولمىغىچە ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە. ئەگەر زۇلۇم قىلسا ئاللاھ ئۇنى تاشلايدۇ ۋە شەيتان ھەمراھ بولىدۇ» (ھاكىم رىۋايەت قىلغان)

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ دىن ئەمەلىي ھاياتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا زۇلۇمنىڭ يوقىتىلىدىغانلىقى، مۇسۇلمان ھاكىمنىڭ ئادالەت يولىنى ھېچنېمە توسىيالمايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھاكىملىرىنى قويۇپ ئادالەت ۋە پاكلىق ئىشەنچىسى بىلەن ئىسلام ھۆكمىگە كېلەتتى. بەنىنەزىر ۋە بەنى قۇرەيزەلىك ئىككى يەھۇدىنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ راھىبلىرىنى قويۇپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كېلىشى بۇنىڭ بىر مىسالى.

ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرەيزە ۋە نەزىردىن ئىبارەت ئىككى يەھۇدى قەبىلىسى بار ئىدى. نەزىر قۇرەيزەدىن ھۆرمەتلىك ئىدى. قۇرەيزەلىك بىرسى نەزىرلىك بىرسىنى ئۆلتۈرسە قاتىل ئۆلتۈرۈلەتتى. ئەگەرچە نەزىرلىك بىرسى

قۇرەيزەلىك بىرسىنى ئۆلتۈرسە يۈز ۋەسەق (مىقدار بىرلىكى) خورما تۆلەم تۆلىنەتتى. رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، بىر نەزىرلىك قۇرەيزەلىك بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بارايلى، ئۇ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارسۇن دېيىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى تۆلەمنى ئوخشاش قىلىدۇ ۋە بۇ ھەقتە [ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن] (سۈرە مائىدە 42 ـئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەت چۈشىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان)

6 ـ ئىسلامنىڭ جەمئىيەتتە ئادالەت بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى

ئىسلام شۈبھىسىزكى، ئىسلامدىكى ھۆكۈم قىلىش قائىدىلىرىنىڭ ئاساسى بولغان بۇ قائىدىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش ۋە تەكىتلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئەگەر بۇ قائىدىنى ئىسلامى جەمئىيەتتە بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئىسلامى ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنىڭ باش ئاساسى دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. ھەقىقەتەنمۇ زۇلۇم ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئادالەتنى بىلمىگەن بىر جەمئىيەتتە ئىسلامنىڭ مەۋجۇدىيىتى بولمايدۇ.

ئىسلام قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدە بۇ قائىدە توغرىسىدىكى بايانلارغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىش ئارقىلىق، بۇ قائىدىنىڭ مۇھىملىقى، بىنا قىلىنىشى ۋە كۈچلەندۈرۈلۈشىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە كىشىلەرنىڭ قانۇن ئالدىدا ئوخشاش ۋە باراۋەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. مۇسۇلمانلاردىن بولغان سىياسىي فىقھى (سىياسىي قانۇن ) ئالىملىرى خەلق ئىچىدە ئادالەتنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ يوللىرى، ئادالەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش، زۇلۇمدىن قورقۇتۇش، ھۆكۈم قىلىشقا ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك شەرتلەر، ئەگەر ھۆكۈم قىلغۇچى ھەقسىزلىق ياكى زۇلۇم قىلسا خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مەيدانى ۋە بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا تەرەپلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى.

ئىسلام ئالىملىرى ۋە قانۇنشۇناسلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىشتىكى بىردىن ـ بىر سەۋەب شۇكى ئادالەت، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ پاراۋانلىقى ۋە بەخت ـ سائادىتىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىنىڭ ئاساسى.

ئەگەر ئىلاھى ئادالەت ئىنسانىيەت ھاياتىدا رېئاللىققا ئايلانسا ئىنسانىيەت بەخت ۋە تىنچلىققا ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە ئىنسانىيەت ھاياتىدىن ئىلاھى ئادالەتنىڭ نۇرى ئۆچسە ئىنسانىيەت بەختسىزلىككە پاتىدۇ ۋە زۇلمەت دەھشىتى ئىچىدە ياشايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش بولغان. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.] سۈرە ھەدىد 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسلامنىڭ ئادالەتكە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى ـ باشتا ئىسلام دۆلىتىنىڭ رەئىسلىكىدىن كىچىك ۋەزىپىلەرگە قەدەر تەيىنلىنىدىغان كىشىگە ئادالەتنىڭ شەرت قىلىنىشى. بەزى شەرىئەتشۇناسلار ئىسلام دۆلىتى رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدىغان كىشى ئۈچۈن ئادالەتتىن باشقا مۇئەييەن شارائىتلاردا ئۆزى ئويلىنىپ يول تېپىپ مېڭىشقا (ئىجتىھاد قىلىش) جۈرئەت ـ شىجائەتلىك بولۇشقا ئوخشاش بەزى شەرتلەرگە كەڭچىلىك قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئادالەتسىز باشلىق ھېچبىر زامان قوبۇل

قىلىنمايدۇ. ئادالەتتىن ئىبارەت بۇ شەرتنى تېپىلمىغان كىشىنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ. بۇ تەقدىردە ئادالەتنى بەرپا قىلىش، زۇلۇمنى يوقىتىش ۋە ھۆكۈم قىلغۇچىلار، مەسئۇللار ۋە خىزمەتچىلەردىن ھېساب ئېلىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قارىمايدىغان كىشىنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟»

دوكتۇر ئەھمەت شەلەبى «تۈزۈملەر ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى قامۇسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام ئادالەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئىسلام خەلىپىسى ياكى دۆلەت رەئىسى سايلاشتىكى ئەڭ يۇقىرى شەرت قىلدى. ئۇندىن كېيىنلا ئىلىم ۋە شىجائەت شەرت قىلىندى. لېكىن ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ئەگەر رەئىس شىجائەتسىز بولسا مۇسۇلمانلار سېپىدىكى شىجائەتلىك قەھرىمانلار بىلەن ئىلىمسىز بولسا ئۆز ئىچىدىكى ئىلىم ئىگىلىرى بىلەن بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى، لېكىن ئادالەتسىز بولسا ھېچكىم ھېچقانداق نەرسە ئارا تۇرالمايدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ياكى رەئىس سايلاشتىكى ئادالەت شەرتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان چۈشەنچە تېخىمۇ ئاشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۆز قۇللىرى ئىچىدىن مەلۇم خەلقنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تاپشۇرغان كىشى قول ئاستىدىكىلىرىگە ھىيلىگەرلىك، خائىنلىق قىلغان ھالدا ئۆلسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ».

يەنە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھ! ئۈممىتىمنىڭ بىر ئىشىغا مەسئۇل بولغان كىشى خەلققە قاتتىق زۇلۇم قىلسا ئۇنىڭغا قاتتىقلىق قىلغىن، رەھىم قالسا ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن»

## 7. ئىسلام ئادالەت بەرپا قىلىشنىڭ يولىنى توسقان ھەربىر توسالغۇنى يوق قىلىدۇ

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلارغا كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ۋاجىب قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ھەربىر ئىنسانغا ھەققىنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاسان، تېز، چىقىمسىز يوللىرىنى ئاچقانلىقىنى ۋە مەيدان ھازىرلىغانلىقىنى كۆرىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ھەق ئىگىسىنىڭ ئۆز ھەققىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توسالغۇ بولۇش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ۋاستىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ.

بەزى ئالىملار مەھكىمە ھەققىنى ھەق ئىگىسىنىڭ ئۆز ھەققىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى توسالغۇلارنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ. چۈنكى ھەق ئىگىسى ئەڭ ئاۋۋال مەھكىمە ھەققىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، مەھكىمىگە داۋا قىلىش ۋە داۋاسى ئىشلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر مەھكىمە ھەققىنى تاپشۇرۇشقا قادىر بولمىسا، ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

مەرھۇم ئۇستاز ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى مۇنداق دەيدۇ: «ۋە مۇھىم بولغان بىر ئىسلاھ نۇقتىسى بولسا ئادالەت تۈزۈملىرىمىزنى چوقۇم ئىسلامى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن قىلىش، يەنى مەھكىمە ھەققىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش. ئۇ بولسىمۇ غەرب تۈزۈمى پۈتۈن جەددى - جەمەتى بىلەن ئىسلام دۇنياسىغا زەھەر چاچقىلىنى ئۆزلارتقاندىن كېيىن قوبۇل قىلىنغان، ئىسلامدا ئاساسى يوق قېپقىزىل بىدئەت (ئىسلامدا ئاساسى يوق يېڭىلىق) ئىسلامنىڭ تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ مەھكىمىسىنى پۇلنى تۆلىمەستىن ئادالەتكە ئېرىشەلمەيدىغان دۇكان قىياپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئەبەدى قۇرۇق قۇللارنى زۇلۇم ۋە ھەققىدىن قۇرۇق قىلىشقا سەۋرى قىلدۇرىدىغان جىھاز بولالمايدۇ. ئەكسىچە ئىسلام مەھكىمىسى ئۈستىگە يۈكلەنگەن باش ۋەزىپە - زالىم ۋە زۇلۇم قىلىنغۇچى، ئاجىز ۋە كۈچلۈك ئارىسىدا ئادالەتنى يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

نۇرغۇنلىغان ئىسلام دىيارلىرىدا يۈرگۈزۈلىۋاتقان ھەرخىل داۋالار ۋە جىنايەت ۋەقەلىرىدە داۋا قىلغۇچى ۋە داۋا قىلىنغۇچىنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش خىيالى بىلەن ئۆزئارا ئادۋۇكات ئىشلىتىش تۈزۈمى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئادالەتسىزلىككە ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى ئادۋۇكات ئىشلىتىش داۋا ئىگىسىنى ئىنتايىن كۆپ مەبلەغ سەرپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇنى تۆلەشكە ئاجىز كەلسە ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلىش ياكى ساقلاپ قىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ھۆكمىنى يۈرگۈزمىگەنلىك سەۋەبىدىن دۇچار بولغان زۇلۇم ۋە پىشكەللىك. ئىنسان ھاياتىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق زۇلۇم ۋە پىشكەللىك بولمايدۇ.

## 8- ئادالەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئەمەلى تەتبىق قىلىنىشى

ھەقىقەتەن مۇسۇلمان ئىسلامى جەمئىيەتتە ئىسلامى ھاياتلىرىنى كەچۈردى. نەتىجىدە ئادالەت ھۆكۈملىرى ۋە ئادىل ھۆكۈمرانلار بىلەن تارتۇقلاندى. ئۇ جەمئىيەتتە دوست، دۈشمەن، خەلىپە، باشلىق ۋە خەلقلەر ئارىسىدا ئادالەت كۆپ خىل كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ھەقىقەتكە ئايلاندى. ئالدىنقى بەتلەردە بۇنىڭ بەزى مىساللىرى تىلغا ئېلىنغان. تۆۋەندە يەنە بىر نەچچە مىسال كەلتۈرىمىز:

### رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ قىساسىنى بېرىدۇ

بۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى ۋە ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىدىن باشلاپ ئىجرا قىلاتتى. ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۆزىدىن قىساس ئېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى ۋە بۇيرۇيتتى.

بەدىر ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قولىدا ئوقيا تۇتقان ھالدا سەپلەرنى تۈزەيدۇ. سەۋاد ئىبنى غەزىيە سەپنىڭ سىرتىدىرەك تۇرغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنى ئوقيا بىلەن ئىتتىرىپ قويىدۇ ۋە «تۈز تۇر، سەۋاد» دەيدۇ. سەۋاد: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئاغرىتتىڭ، ئاللاھ سېنى ھەق ۋە ئادالەت بىلەن ئەۋەتكەن ئىدى» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «قىساسىڭنى ئال» دەپ قورسىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ «قىساسىمنى ئالمەن» دەپ قۇچاقلاپ رەسۇلۇللاھنىڭ قورسىقىنى سۆيىدۇ.

### ئۆمەر ئۆزىنى قول ئاستىدىكى ھەرقانداق بىرى بىلەن باراۋەر ئورۇندا قويىدۇ

ئەتەبى مۇنداق دەيدۇ:«ئۆمەرگە كىيىم - كېچەك ئەۋەتىلدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە تارقىتىپ بەردى. ھەربىر كىشىگە بىردىن تەقسىم قىلىنغان ئىدى. ئۇ ئۈستىگە ئىككى قۇر كىيىم كېيگەن ھالدا سۆز قىلماق ئۈچۈن مىنبەرگە چىقتى.

- ئى ئىنسانلار! ماڭا قۇلاق سالامسىلەر؟
- قۇلاق سالمايمىز، دېدى سەلمان.
- نېمە ئۈچۈن؟ ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ.
- چۈنكى سەن بىزگە بىر قۇردىن كىيىم تەقسىم قىلدىڭ، ئەمما ئۆزەڭگە ئىككى قۇر قالدۇرۇپسەن.
- يېنىكلىك قىلما، ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ دېدى ۋە «ئابدۇللاھ» دەپ چاقىردى. ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى.

ـ ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ئۆمەر ئوغلى ئابدۇللاھ) دەپ تەكرارلىدى.
ـ لەببەيك، ئى ئەمىرۇلمۆمىنىن (مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى)
ـ سىنى ئاللاھ بىلەن شاھىدلىققا تارتىمەنكى، ئۇستۇمدىكى كىيىم سىنىڭ ئەمەسمۇ؟
ـ ئاللاھ كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى شۇنداق.
ـ ئەمدى سۆزلە، ئاڭلايمىز، دىدى سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ»
ئۆمەر قول ئاستىدىكى مەسئۇللاردىن ھەر كىشىگە ھەققىنى بىرىش ئاساسى بويىچە ھىساب ئالاتتى.

ئۇ، قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەر ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆز ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بىلىشى ئۈچۈن، ھەممىسى توپلانغان بىر يىغىندا بۇ پىرىنسىپنى ئىيلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن خىزمەتچىلىرىمنى كۆڭلۈڭلارغا ئازار بىرىشكە، نومۇسۇڭلارغا تىل ئۇزارتىشقا، بايلىقىڭلارنى ئىلىۋىلىشقا ئەمەس، ئەكسىچە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىمەن.

كىمكى خىزمەتچىلىرىمدىن بىرە زۇلۇمغا ئۇچرايدىكەن، زۇلۇم قىلىنغۇچى ئالدىمغا كىلىشتىن بۇرۇن ئۇ خىزمەتچىدىن قىساس ئىلىنغان، ھەق ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلغان بولىدۇ».

ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى ئەمرۇلمۆمىنىن! ئەگەر بىر مەسئۇل قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بىرىنى ئەدەپلىسىمۇ ئۇنىڭدىن قىساس ئالامسەن؟ دەپ سورايدۇ. ئۆمەر: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز نەپسىدىن باشقىلارنىڭ قىساسىنى بەرگەنلىكىنى كۆرگەن تۇرسام، قانداقمۇ قىساس ئالماي» دەيدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەجناد مەسئۇللىرىغا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مۇسۇلمانلارغا قاتتىق قوللۇق قىلماڭلار، ئۇلارنى خارلىغان بولىسىلەر، بىر ئىشتىن مەھرۇم قويماڭلار، كاپىرلىققا ئۈندىگەن بولىسىلەر. دۈشمەن تۇپرىقىدا ئۇزۇن ساقلىماڭلار، پىتنىگە قويىسىلەر، غەزەپلەنمەڭلار، يولدىن چىقىپ كىتىسىلەر».

## ئەسكەر، باشلىقىدىن قىساسنى ئىلىشقا ھۆكۈم قىلىنىدۇ

ئىبنى ھەزم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرنىڭ يىنىدا بىر كىشى بولۇپ، ئۇرۇشلاردا بۈيۈك خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ بىر قىتىملىق ئۇرۇشتا نۇرغۇن غەنىمەت قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەبچى بولىدۇ. ئەمما ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى ئۇنىڭغا غەنىمەت ھەققىنىڭ بىر قىسمىنى بىرىدۇ. ئۇ تولۇق ئىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ مۇسا ئۇنى يىگىرمە قامچا ئۇرىدۇ ۋە چىچىنى چۈشۈرتىدۇ. ئۇ چۈشۈرگەن چىچىنى يىغىپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كىلىدۇ. جۇرەير ئىبنى ئابدۇللاھ دەيدۇكى، مەن ئۆمەرنىڭ يىنىدا ئىدىم. ئۇ چىچىنى چىقىرىپ ئۆمەرنىڭ كۆكسىگە ئاتتى ۋە «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بولمىغان بولسا؟» دىدى. ئۆمەر: «نىمە بولمىغان بولسا؟» «ۋەللاھى (ئاللاھ بىلەن قىلىنغان قەسەم) راست ئىيتتى. ئەگەر جەھەننەم بولمىغان بولسا» دىدى. ئۇ، ئۇرۇشلاردا بۈيۈك خىزمەتلەرنى كۆرسەتتىم، دىدى ۋە بولغان ۋەقەلەرنى ئاڭلاتتى. ئۆمەر ئەبۇمۇساغا مۇنداق مەكتۇب يازدى: «پالانى ئالدىمغا كىلىپ بولغان ۋەقەلەرنى ئاڭلاتتى. ئەگەر ھەققەتەن شۇنداق قىلغان بولساڭ، ئۇنىڭ ھەققى ھەرگىزمۇ سەندە قالمايدۇ. ئۇ جازانى كىشىلەر ئارىسىدا بەرگەن بولساڭ، مەنمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭغا قىساسنى ئىلىپ بىرىمەن. يالغۇز يەردە بەرگەن بولساڭ، مەنمۇ يالغۇز يەردە قىساسنى ئىلىپ بىرىمەن.» ئۆمەرنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر «باشلىغىڭنى ئەپۇ قىل» دىيىشتى، ئۇ كىشىگە ئۇ، ۋەللاھى

ياق، ھېچكىم ئۇچۇن ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيمەن دېدى. لېكىن قىساس پەيتى كەلگەندە بېشىنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ! ئۇنى ئەپۇ قىلدىم» دېدى.

## مىسىرنىڭ ۋالىسى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىگە قىلغان سۆزى ئۈچۈن جازالىنىدۇ

ئىبنۇلجەۋزى مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئەمر ئىبنى ئاس يېنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىگە «ئى مۇناپىق» دەيدۇ. ئۇ كىشى، مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپ مۇناپىقلىق قىلمىدىم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلگۈچە بەدىنىمگە سۇ تەككۈزمەيمەن دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئەمر مېنى مۇناپىقلىقتا چىقاردى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپ مۇناپىقلىق قىلمىدىم، دەيدۇ. ئۆمەر ئەمرگە خەت يازىدۇ. ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا خېتىنى مۇنداق باشلايدۇ: «ئاس ئوغلى ئازغۇچىغا، پالانى سېنىڭ ئۇنى مۇناپىقلىقتا چىقارغانلىقىڭنى ئېيتتى. ئەگەر ئۇ ئىككى شاھىد كەلتۈرسە سېنى قىرىق قامچا ئۇرۇشنى بۇيرۇق قىلدىم». ئۇ كىشى: «ئاللاھ گۇۋاھچىم بولسۇنكى ئەمرنىڭ ئۇ سۆزىنى بىر كىشى ئاڭلىغان ئىدى» دەيدۇ ۋە ئۇ كىشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئارقىدىنلا پۈتۈن مەسجىدتىكىلەر ھەممىسى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەمرنىڭ قوللىغۇچىلىرى: «ۋالىيىڭنى ئۇرماقچىمۇ سەن؟» دەيدۇ ھەم ئۇنى بىر نەرسىلەر بىلەن قايىل قىلماقچى بولىدۇ، ئۇ رەت قىلىدۇ. ئۇلار يەنە سورايدۇ:

- ۋالىيىڭنى ئۇرماقچىمۇ سەن؟
- بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيمەن.
- ئۇنى مېنى قامچىلاشتىن توسماڭلار، دەيدۇ ئەمر ئالدىدا ئولتۇرۇپ بېرىدۇ.
- ھازىر ھوقۇقۇڭ بىلەن مېنى توساپ قالالامسەن؟ دەيدۇ ئۇ.
- ياق.
- ئىشىڭ بۇيرۇلغىنىڭچە بولسۇن. سېنى ئاللاھقا قويدۇم.

## قازىلار خەلىپىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ

ئىسلامنىڭ ھاكىم ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باپ ـ باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئالدىنقى سەھىپىلەردە بايان قىلغان ئىدۇق. بىرخەلىپە بىلەن ئادەتتىكى بىرسى ئىختىلاپلىشىپ قالسا ھەقىقەتەن قانۇن ئۆز ئادالىتىنى كۆرسەتتى.

ئەلبەيھەقى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارىسىدا بىر تام توغرىسىدا تارتىشما چىقىدۇ. ئۆمەر: «ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا زەيد ئىبنى سابىت ھۆكۈم چىقارسۇن دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشىدۇ» ئۇ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

## قازىلار باشلىقلار ۋە باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ

بىر ئايال كۇفەنىڭ قازىسى شۇرەيكىنىڭ يېنىغا كېلىپ، مەن ئاۋال ئاللاھ ئۇندىن قالسا قازىدىن ياردەم سورايمەن دەيدۇ.

- كىم زۇلۇم قىلدى؟
- ئەمىرۇلمۆمىنىننىڭ تاغىسى ـ باشلىقىمىز مۇسا ئىبنى ئىيسا پۇراتتا دادامدىن قالغان خورمىلىق بېغىم بار ئىدى. ئۇنى قېرىنداشلىرىم بىلەن بۆلۈشكەن ئىدۇق. پاسىلغا تام سالغان ئىدىم. باشلىق

قېرىنداشلىرىمدىن باغلىرىنى سېتىۋالدى. مەندىنمۇ سېتىۋالماقچى بولدى. لېكىن ساتمىدىم. ئۇ بۇ كېچە 500 كىشى بىلەن كېلىپ تامنى ئېلىۋەتتى. خورمىلىرىمنى ئايرىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم.

ئۇ خىزمەتچىسىگە تامغا بېسىش ئۈچۈن سۇرۇخ كەلتۈرۈشنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇسانى مەھكىمىگە ئېلىپ كېلىشنى بويرۇيدۇ. ئۇ ئايالمۇ تامغا بېسىشقا سۇرۇخ ھازىرلايدۇ.

- قازى ئۈستۈڭدىن ھۆكۈم چىقارماقچى، مانا بۇ تامغىسى دەيدۇ خىزمەتچى مۇساغا:

ئۇ ساقچى چاقىرتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىدۇ:

- قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سۇبھانەللاھ (ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرىدۇ) قىلغان ئىشىڭ ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك، بىر ئايالنىڭ داۋا قىلىشى بىلەن بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن كېيىن چىقىرىلامدۇ؟» دېگىن.

- مېنى ئۇنىڭغا مەجبۇرلىمىسىڭىز قانداق؟ دەيدۇ ساقچى.

- بېرىۋەر، نېمىدىن قورقاتتىڭ؟

ساقچى سۇرەيكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ باشلىقىنىڭ دېگەنلىرىنى يەتكۈزىدۇ. ئۇ ۋە مۇسانىڭ نۇرغۇن ئادەملىرى تۇتۇپ قېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئىبنى ئىسا ئۆزى تۇتۇپ تۇرۇش ئۆيىگە بېرىپ ئۇلارنى چىقىرىدۇ. شۇرەيك بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا «ۋاللاھى، ئۇلاردىن بۇنى كۈتمىگەن ئىدىم ۋە لېكىن بىزنى مەجبۇر قىلدى، بىزگە ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولدى, بىزمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا جاۋاب قايتۇرىمىز» دەپ خەلىپىگە ئەرز قىلىش ئۈچۈن باغداتقا يولغا چىقىدۇ. بۇ خەۋەرنى مۇسا ئاڭلاپ كۇفە كۆۋرىكىدە ئۇلارغا يېتىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلايدۇ. ئاخىرىدا ئۇ، قازىنىڭ ھەممە تەلىۋىگە ماقۇل كېلىدۇ ۋە مەھكىمە ئالدىغا چىقىدۇ. ئۇ ئايال باشلىقىنىڭ ئۈستىدىكى بارلىق داۋالىرىنى ئاڭلىتىدۇ. مۇسامۇ راستلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. قازى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ:

- ئۇنىڭدىن ئالغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرسەن، تام تېزلىك بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرىلىدۇ دەيدۇ.

- ھەممىنى بەجا كەلتۈرىمەن دەيدۇ، مۇسا ئىبنى ئىيسا.

## قازى، ئادالەتتىن قانائەتلەنمىگەن باشلىقىنىڭ گۇۋاھچىلىقىنى رەت قىلىدۇ

«ئەندەلۇس قازىلىرىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابتا مۇنداق يېزىلىدۇ: «قازى مۇھەممەد ئىبنى بەشىر مەئاپىرى، داۋا قىلغۇچىلاردىن بىرى ئەندەلۇسنىڭ باشلىقى ـ ھەكەمنىڭ تامغۇسى بېسىلغان بىر پارچە خەتنى گۇۋاھچى سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەندەك «بۇنىڭ گۇۋاھچى بولۇش سۈپىتى يوق. مەھكىمىدىن ئۆتەلەيدىغان شاھىد ئېلىپ كەل» دەپ ئۇنى رەت قىلىدۇ. ئۇ بۇنىڭدى ئىنتايىن ھەيران ئىچىگە چۆمىدۇ ۋە باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «سەلتەنەتىمىز ۋە شەۋكىتىمىز تۈگەپتۇ. ئۇ قازى سىزنىڭ گۇۋاھچىلىقىڭىزنى رەت قىلىۋاتىدۇ. ئاللاھ سىزنى خەلقىگە مەسئۇل قىلغان. جان ۋە ماللىرىنى قول ئاستىڭىزدا قىلغان تۇرسا، ئۇنىڭ قىلغىنىغا قاراپ تۇرامسىز؟ دەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنى ئېزىقتۇرۇشقا، قازىنى جازالاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ھە كەم ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ «ئى تاغا! مېنى سەن دېگەندەك قىلىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قازى ياخشى كىشى. ئۇ ئاللاھنىڭ يولىدا ھېچنىمىدىن قورقمايدۇ. ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى تىلغا ئال، بىز قىيىن كىرەلەيدىغان ئىشكىلەر تاقالمىسۇن. ئاللاھ ئۆز رەھمىتىدىن ۋە بىزدىن ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن». دەيدۇ. ئۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئاچچىقلىنىپ «بولدى، سېنىڭ بىلەن ئىشىم تۈگىدى» دەيدۇ.

ھەئە ـ قىلىدىغىنىم مۇشۇنچىلىك، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى قازى ئاللاھنىڭ دىنى ئالدىدا ئىھتىيات قىلغان ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن قارىشىلاشمايمەن. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىخلاسمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇش بىلەن مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق قىلمايمەن، دەيدۇ ھەكەم.

ئىبنى بەشىر ئۇ كىشى تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەندە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەقىلسىز، گۇۋاھچىلىق چوقۇم شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئەگەر باشلىقنىڭ گۇۋاھچىلىقىنى قوبۇل قىلسام كىم ئۇنىڭغا قارى چىقىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؟ ئەگەر گۇۋاھچىلىق قوبۇل قىلىشتا ئادىل بولمىسام ئارىدا ھەقسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ».

## خۇلاسە

ئىسلام بارلىق ئىنسانلارنى قانۇن ئالدىدا مۇقەررەر ھالدا باپ ـ باراۋەر دەپ قارايدۇ. يەنى باي ۋە يوقسۇل، ۋەزىر ۋە پۇقرا ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق. ئۇ ئىسلام ئۇممىتىگە ئائىلە، جەمئىيەت ۋە دۆلەت مىقياسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىشنى پەرز قىلىدۇ.

ئىسلام كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىشنى پەرز قىلىش بىلەن بىرگە ئىنسانلارنىڭ قىممەت ئۆلچىمىنى ئۆلچەيدىغان مىزاننىڭ ئاللاھنىڭ ئايىتى «ھەقىقەتەن ئاللاھ ھۇزۇرىدا ئەڭ ھۆرمەتلىكىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلاردۇر» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ مىزان ئىنسانلار ھاياتىدا ئومۇملاشسا بەخت ـ سائادەتنىڭ، ئەكسىچە بولسا بەختسىزلىكنىڭ ھۆكۈم سۈرىدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ.

ئىسلام ھەربىر زۇلۇم قىلىنغۇچىغا ھەققىگە ئېرىشىش، زۇلۇم قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئادالەت يۈرگۈزەلەيدىغانلار بىلەن ۋاستىسىز مۇناسىۋەتلىشىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەردى. ئىنساننىڭ ئۆز ھەققىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توسالغۇ بولىدىغان بارلىق ئامىللارنى يوق قىلدى.

مۇسۇلمان ھاياتىدا بۇ پرىنسىپلارنى تەكىتلەيدىغان، كۆچلەندۈرىدىغان ئەمەلى شاھىد ۋە تەتبىقاتلار مەيدانغا كەلگەن.

## ئۈچىنچى قائىدە: ئىتائەت قىلىش

ئىتائەت قىلىش ئىسلامدىكى ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئاساسلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈم قائىدىلىرىنىڭ بىرى. ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادالىتى، خەلقنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىتائىتى ۋە ھۆكۈمرانلار بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ئۆزئارا كېڭىشىش بولمىغان ھالەتتە، ساغلام تۈزۈم، تىنچ ۋە كۈچلۈك دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

دىنىمىزدىكى ئىتائەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ «جامائەتسىز ئىسلام، باشلىقسىز جامائەت ۋە ئىتائەت باشلىق بولمايدۇ» دېگەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن ئاللاھ رازى بولسۇن.

ئىسلام يالغۇز كىشىلىك دىن ئەمەس بەلكى جامائەتچىلىك دىنى، يەنى جامائەت ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ۋنىڭ ئۈچۈن شەرئەت خىتابىنىڭ كۆپ ھاللاردا ئىنسان جەمئىيىتى ۋە جامائىتىگە قارىتا قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (قاتلوا) ئۇرۇش قىلىڭلار. (فاجلدوا) قامچا ئۇرۇڭلار، (فاقطعوا) قولىنى كېسىڭلار، گەرچە ئوغرىنىڭ قولىنى بىر كىشى كەسسىمۇ، ئۇ، جامائەتنىڭ ياردىمىسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئوخشاشلا زىنا قىلغۇچىغا قامچا بىر كىشى تەرەپتىن ئۇرۇلسىمۇ ئۇ جامائەتنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ھەر كىشى ئورتاق بىر تۈزۈم، ئىشلىرىنى رەتكە سالىدىغان ئورتاق بىر يولباشچىنىڭ رىياسەتچىلىكى ئاستىغا توپلانماستىن يالغۇز ياشايدىغان بولسا جامائەت ياكى ئىنسانلار توپىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ياكى تۈزۈمسىز، ئىنتىزامسىز بارلىققا كەلگەن يولباشلىغۇچى قانچىلىك دەرىجىدە گۈزەل سۈپەت، ئالاھىدە قابىلىيەت، ئەقىل - پاراسەت، توغرا پىكىر ۋە تەمكىنلىككە ئىگە بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قىممەت كەلتۈرەلمەيدۇ. جامائەتنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىقى ۋە قارشى چىقىشى بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىك ۋە قابىلىيەتلىرى نۆلگە تەڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار توپىنى قىممەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى - پۈتۈن جامائەتنىڭ ساغلام تۈزۈم ئاستىدا يولباشچىسىنى قوللىشى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشىدىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ بۇيرۇقنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى، چۈشەنچىسى، چەك - چېگراسى ۋە ئۇنىڭ يوقلىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھاياتقا بولغان خەتىرىنى بايان قىلىشقا ئۇ قەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئەجەبلەنمەيمىز. شەرىئەت مۇسۇلمان باشلىقلارغا ئىتائەت قىلىش، ئۇلارغا قارشى چىقماسلىقنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. پەقەت مۇئەييەن ھالەتلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ زۇلۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى چىقىشى يولغا قويۇلغان.

## باشلىقلارغا ئىتائەت قىلىش - ۋاجىب

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەت، ھەدىسلىرىنى چۈشىنىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش نەتىجىسىدە بىلەلەيمىزكى، ئىسلام مۇسۇلمانلارغا باشلىقلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلىدۇ. شۇنىڭدەك قارشى چىقىشنى چەكلەيدۇ.

(1) قۇرئان ئايەتلىرىدىن:

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار] سۈرە نىسا 59 -ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىزگە مەلۇمكى قانۇنشۇناسلارنىڭ قائىدىسىدە ئايەتتىكى بۇيرۇق ئۇ ھۆكۈمنى مۇستەھەپ (قىلىش تەرغىب قىلىنغان) ياكى مۇباھ (قىلىش رۇخستى بېرىلگەن) ھۆكۈملىرىگە ئۆزگەرتىدىغان باشقا دەلىل بولمىسىلا، ۋاجىبلىق ھۆكمىنى بېرىدۇ. بۇ ئايەتتە ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان خەلىپىلەر، باشلىقلار، يول باشلىغۇچىلار، قوماندانلار، ۋەزىرلەر ۋە قازىلارغا ئوخشاش مەسئۇلىيەت ئىگىلىرىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇلغان ۋە بۇيرۇقنى مۇستەھەپ ياكى مۇباھقا ئۆزگەرتىدىغان باشقا دەلىل يوق. ئەكسىچە ئۇلارغا قارشى چىقىش ۋە ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەلگەن. ئۇلار باشلىقلارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

ئاللاھقا بولغان ئىتائەت قۇرئان ئەھكاملىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە پەيغەمبەرگە بولغان ئىتائەت ئۇنىڭ سۈننىتى بويىچە مېڭىش ۋە بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرگە بېشى قۇرۇق ئۈزۈمگە ئوخشايدىغان ھەبەشىستانلىق بىر قۇل باشلىق قىلىنىسىمۇ ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار» (بۇخارى، ئىبنى ماجە ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «بىشىنىڭ قۇرۇق ئۆزۈمگە ئوخشتىلىشىدىن ئۇنىڭ ئىتىۋارسىز، شەكلىنىڭ كۆرۈمسىز ۋە قامەتسىز ئىكەنلىكى مەقسەت قىلىنىدۇ».

دېمەككى، باشلىقنىڭ رەڭگى، سۈپىتى ۋە شەكلىنىڭ قانداق ۋە مال - مۈلكىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى قوشۇپ قويۇشقا ئەرزىيدۇكى قۇلنىڭ مەسئۇل ياكى باشلىق بولۇشى جائىز بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ خوجايىنىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ـ ھەمدە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ مال - مۈلكى، جېنى ۋە شەرەپ - نومۇسى ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇش مۇۋاپىق بولمايدۇ.

ھەبەشىستانلىق بىر قۇلنىڭ باشلىق قىلىنىشى ھەققىدىكى ھەدىس باشلىققا ئىتائەت قىلىشقا بولغان تەرغىبنى مۇبالىغە قىلىش يۈزىسىدىن ئوخشىتىش قىلىنىپ ئېيتىلغان. ئۇ قۇلنىڭ باشلىق قىلىنىشىنىڭ دەلىلى ئەمەس.

خەتتابى: «ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان نەرسىمۇ مىسال قىلىنىشى مۇمكىن» دەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. ماڭا ئاسىيلىق قىلغان كىشى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. باشلىقىغا ئىتائەت قىلغان كىشى ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، باشلىقىغا ئاسىيلىق ئىتائەت قىلغان ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ».

بۇ ھەدىس باشلىققا بولغان ئىتائەت ـ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىتائەت، ئۇنىڭغا بولغان ئىسيان ـ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىسيان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

دېمەككى قۇرئان ئايىتى بىلەن ۋاجىب قىلىنغان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىتائەت، باشلىققا بولغان ئىتائەتنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «قەدىرلىك پەيغەمبىرىم ماڭا كۆزلىرى ئەيىبلىك قۇل بولسىمۇ ئۇنىڭغ قۇلاق سېلىش ۋە ئىتائەت قىلىشنى ۋەسىيەت قىلدى».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دەيدۇ: «قولايلىق ۋە قىيىنچىلىق زامانلىرىڭدا، ۋەزىيەپ ئورۇنلاشنى خالايدىغان ۋە خالىمايدىغان چاغلىرىڭدا، ساڭا ئېغىر كەلگەن تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا بۇيرۇقنى ئاڭلىشىڭ ۋە ئىتائەت قىلىشىڭ كېرەك».

ساغلام ئەقىل لوگىكىسىغا ئاساسلانغاندا،ئىسلام ئۈممىتىنىڭ خىزمىتىگە تەيىنلەنگە بىر باشلىقنىڭ، سۆزى خەلق تەرىپىدىن ئاڭلانمىغان، بۇيرۇغى ۋە چەكلىمىلىرى ئىجرا قىلىنمىغان ھالدا، ئاللاھ تائالا ۋە ئىسلام ئۈممىتى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالىشى مۇمكىن ئەمەسىز ئۇ چوقۇم خەلقنىڭ قوللىشىغا، ياردەم بېرىشكە ئاۋاز قوشۇشىغا مۇھتاج.

## باشلىققا ئىتائەت قىلىش چەك ـ چېگرىسىز ئەمەس

خەلققە باشلىقلىرىغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب قىلغان ئىسلام، ئۇنى ھەرگىزمۇ چەك ـ چېگرىسىز ۋە شەرتسىز قىلمايدۇ. چۈنكى شەرتسىز ئىتائەت قىلىش دىكتاتورلۇق ۋە مۇستەبىتلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈممەتنىڭ كىملىكى يوقىلىپ، بەربات بولىدۇ. مانا بۇ ئىسلامنىڭ كەسكىن رەت قىلىدىغان ۋە قارىش تۇرىدىغان نۇقتىلىرىنىڭ بىرى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام مۇسۇلمانلارغا باشلىقىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ مۇئەييەن دائىرىسى ۋە شەرتلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىچە:

باشلىق ياكى مەسئۇل كىشى ئىسلام شەرىئىتىنى ئەمەلى تەتبىقلىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئىسلام شەرىئىتى تەتبىقلانمىغان بولسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب ئەمەس. بۇنىڭغا ئاساسەن زامانىمىزدىكى ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشنى رەت قىلىۋاتقان ھۆكۈمرانلارغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.] سۈرە نىسا 59-ئايەت.

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «بەزى تابىئىنلارنىڭ (ساھابىلارنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار) بەنى ئۇمەييە خەلىپىلىكىنىڭ بەزى باشلىقلىرى: «ئۆزەڭلاردىن بولغان ئى ئۈستىدىكىلەر» ئايىتىدە ئاللاھ تائالا سىلەرنى بىزگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەسمۇ؟» دېگەندە بەرگەن جاۋابى نەقەدەر ئورۇنلۇق.

- سىلەر ئاللاھنىڭ «ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاب قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسەڭلار» دېگەن ئايىتىگە خىلاپلىق قىلساڭلار، سىلەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتمايمىزمۇ؟»

تايىبى مۇنداق دەيدۇ: «ئىتائەت قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئايرىم كۆرسىتىش ئۈچۈن «رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار» دىكى «ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن سۆز قايتا تەكرارلانغان ۋە لېكىن باشلىقلار ئارىسىدا ئىتائەت قىلىنمايدىغانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يېئىل قايتا تەكرارلانمىغان. ئۇندىن كېيىن «ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار» دېگەن قىسمىدا بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق چەشەندۇرىدۇ.

يەنى ئەگەر ئۇلار ھەق بىلەن ئىش قىلمىسا ئىتائەت قىلماڭلار، ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشىڭلارنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتۇرۇڭلار.

ئەبۇ ئۇبەيدۇلقاسىم ئىبنى سالام ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتاب بىلەن ھۆكۈم قىلىش ۋە ئامانەتنى ئادا قىلىش باشلىقنىڭ مەجبۇرىيىتى. بۇ مەجبۇرىيەت ئورۇنلانغاندىن كېيىن بۇيرۇقنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش خەلقنىڭ مەجبۇرىيىتى»

(2) كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزگەن بولۇشى كېرەك. ئەگەر باشلىقلار بۇ ۋاجىبنى ئىجرا قىلسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش كېرەك. ئەكسىچە جەۋر زۇلۇم قىلسا، ھەددىدىن ئاشسا، خەلقنىڭ ھوقۇقىنى ئاياق - ئاستى قىلسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زالىم باشلىقلارغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب ئەمەس. زۇلۇم، گۇناھتۇر، زۇلۇم قىلغۇچى - ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغۇچىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەيدۇكى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىغان كىشىگە ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

پەخرۇررازى تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى ئاللاھ تائالا باشلىق ۋە مەسئۇللارنى خەلق ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇسا، خەلقنى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: [ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.] (سۈرە نىسا 59-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بۇ ئايەت ئالدىنقى [شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە

قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ] (سۈرە نىسا 58-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتنى تەكىتلەيدۇ.

(3) قول ئاستىدىكىلەر گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇماسلىقى كېرەك. مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسىنى باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، پەزىلەتلىك ئىشلارنى قانات يايدۇرۇش، رەزىللىككە قارشى كۆرەش قىلىش. ئەگەر يۇقىرىقىلارنى ئىشقا ئاشۇرسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب، ئاسىيلىق قىلىش ھارام بولىدۇ.

ئەمما ھۆكۈمرانلار قول ئاستىدىكىلەرنى ياكى ئۇلارنىڭ بىرىنى ھاراق ئىچىش، جازانە قىلىش، ئەر - ئايال ئارىلىشىش ۋە يا ئاياللارنىڭ يالىڭاچلىنىشىغا ئوخشاش ئوپ - ئوچۇق گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇسا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش قەتئىي چەكلىنىدۇ، بۇيرۇقلىرى ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئىسلامدا ياراتقۇچى ئاللاھقا گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

ئەگەر گۇناھ - مەسىيەت بولىدىغان ئىشلاردىنمۇ ئىتائەت قىلىش يولغا قويۇلغان بولسا شەرئەت ھۆكۈملىرى ئارىسىدا قارمۇ قارشىلىق كېلىپ چىقاتتى.

ئىسلام مۇسۇلمان كىشىگە گۇناھ ئىشقا بۇيرۇلمىسىلا خالاش ياكى خالىماسلىقىغا قارىماستىن بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىشنى مەجبۇرىيەت قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئەگەر گۇناھ مەسىيەتكە بۇيرۇلسا قۇلاق سېلىنمايدۇ ۋە ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

بۇ ھۆكۈمنى بايا قىلىدىغان ھەدىسلەر يېتەرلىك، ئىمام بۇخارى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەنسارلاردىن (رەسۇلۇللاھنى مەدىنىدە ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان ساھابىلار) بىرىنى باشلىق قىلىپ بىر قوشۇن چىقىرىدۇ ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ ئۇلارغا غەزەپلىنىپ «رەسۇلۇللاھ سىلەرنى ماڭا ئىتائەت قىلىشنى بۇيرىغان ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ؟

- شۇنداق.

ــ ئوتۇن يىغىشىڭلارنى ۋە ئۇنىڭغا ئوت يېقىشىڭلارنى، كېيىن ئۇنىڭغا كىرىشىڭلارنى بۇيرۇق قىلىمەن.

ئۇلار ئوتۇن يىغىدۇ ۋە ئوت ياقىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئوتقا كىرىشكە تەمشىلىۋېتىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالىدۇ ۋە بەزىلىرى: «بىز رەسۇلۇللاھقا پەقەت ئوتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەگەشكەن تۇرسا، يەنە ئوتقا كىرەمدۇق؟» دەيدۇ. ئۇلار شۇھالەتتە تۇرۇۋاتقاندا ئوت ئۆچىدۇ، ئۇنىڭ غەزىپىمۇ پەسلەيدۇ. ئۇ ۋەقەنى رەسۇلۇللاھقا ئاڭلاتقاندا، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلار ئوتقا كىرگەن بولسا، ئوتتىن ئەبەدى چىقمىغان بولاتتى. ئىتائەت قىلىش پەقەتلا توغرا ئىشلاردا بولىدۇ».

بۇ ھەدىسنىڭ سۆز مەنىسىگە ئاساسەن زېھنىمىزگە تېزلا «ئەگەر ئۇلار ئوتقا كىرگەن بولسا مەڭگۈ ئوتتا قالغۇچىلاردىن بولاتتى» دېگەندەك چۈشەنچە كېلىشى مۇمكىن. بۇ چۈشەنچە توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلمان ئوتتا مەڭگۈ قالمايدۇ.

بۇ ھەدىس شۇنى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇكى، ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى ياققان ئوتقا، باشلىقلىرىغا ئىتائەت قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن كۆيدۈرۈلمەيمىز، دېگەن گۇمانلار بىلەن كىرگەن بولسا، ئوت ئىچىدە ئۆلگەن بولاتتى. بۇ دۇنيادىكى ھاياتقا قايتالمىغان بولاتتى.

شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئوخشاش بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلماسلىقنى تەلىم بېرىدۇ. پەقەت ياخشىلىقتا ئىتائەت قىلىنىدۇ، يامانلىقتا ئىتائەت قىلىنمايدۇ. بەزى ئالىملار پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئەگەر ئۇتقا كىرگەن بولسا، ئەبەدى چىقمىغان بولاتتى» دېگەن سۆزى ئىبرەت ئالدۇرۇش، ئاگاھلاندۇرۇش، قورقۇتۇش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان، دەپ قارايدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ھەدىس كىتابلىرىدا ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت (ئەھدە) قىلدۇق. ئۇ، مىجەزىمىز بىر ئىش قىلىشنى خالايدىغان ۋە خالىمايدىغان چاغلىرىمىزدا، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان ۋە ئازادىلىكتە ئېرىشكەن ۋاقىتلىرىمىزدا، بىزگە ئېغىر كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇخشاشلا بۇيرۇقنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش، قولىمىزدا ئاللاھ تەرىپىدىن ئېنىق دەلىلى بار ئوپ ئوچۇق كاپىرلىقنى كۆرمىگۈچە ئىش ئەھلىلىرىدىن ئىشنى قايتۇرۇپ ئالماسلىق ئۈستىدە بىزدە ئەھدە ئالدى. بىز ئۇنىڭغا ئەھدە بەردۇق».

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «قولۇڭلاردا ئاللاھ تەرىپىدىن ئېنىق دەلىلى بار» دېمەكتىن، قۇرئان ياكى ئىزاھلاش تەلەپ قىلىنمايدىغان توغرا ھەدىستىن ئىبارەت ئىككى خىل دەلىل مەقسەت قىلىنىدۇ.

## باشلىق ۋە ھۆكۈمرانلارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ساھەلىرى

ئالدىنقى ماۋزۇلاردا بايان قىلغانلىرىمىزغا ئاساسەن ئېيتىمىزكى، ئەگەر باشلىق ۋە ھۆكۈمرانلار ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلىغان، كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت يۈرگۈزگەن، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلمىغان ۋە خەلقنى ئاسىيلىق قىلىشقا بۇيرىمىغان بولسا، خەلقنىڭ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلقىگە ياكى خالىغان بىرىگە ۋاجىب (قىلىش لازىم بولغان) مۇستەھەب (قىلىش تەرغىب قىلىنغان)، مۇباھ (قىلىش رۇخسەت قىلىنغان) ئىشلار، قۇرئان ئايىتى ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىس بولمىغان ياكى بولغان تەقدىردىمۇ ئىزاھلاشقا تېگىشىكل يەرلەردە ئۆزى ئىزدىنىپ ھۆكۈم ئالغان ئىشلارنى بۇيرۇش ھەققى بولىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە قوشۇن ئەزالىرى ئوتۇن يېغىش ۋە ئوت يېقىش ئىشلىرىدا قۇماندانغا بويسۇنىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلارنى قىلىش گۇناھ ئەمەس. ئەمما ئۆزلىرىنى ئوتقا تاشلاش ئىسلامدا چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

ئىبنى ھەجەر يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن («قولۇڭلاردا ئاللاھ تەرىپىدىن ئېنىق دەلىلى بار» دېمەكتىن، قۇرئان ئايىتى ياكى ئىزاھلاش تەلەپ قىلىنمايدىغان توغرا ھەدىستىن ئىبارەت ئىككى خىل دەلىل مەقسەت قىلىنىدۇ). دېگەن چۈشەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئايەت ياكى ھەدىستىن كەسكىن ھۆكۈم بولمىغان تەقدىردە، مۇناسىۋەتلىك ئايەت، ھەدىسلەرنى ئىزاھلاش، ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ئېلىنغان ھۆكۈملىرىگىمۇ قارشى چىقىشقا بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن خالىغان بىر شەخس ياكى گورۇپپىنىڭ ئۆز كۆز قارىشىغا مۇخالىپ كېلىشىگە قارىماي، باشلىقنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە ئىزدىنىپ چىقارغان بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلىشى، ئىتائەت قىلماسلىقى چەكلىنىدۇ ياكى ھارام قىلىنىدۇ. شۇڭا ھەربىر مۇسۇلمان ئۆز كۆز قارىشىنى توغرا ۋە باشلىقنىڭ كۆز قارىشىنى خاتا قىلىپ كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىشنى ۋاجىب ياكى يوللۇق دەپ قاراشقا ئۈندەيدىغان شەيتان ۋەسۋەسىسىگە ھەرگىز ئالدانماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەسلىكى كېرەك. بولمىسا مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن ئايرىلىش ۋە ئاللاھنىڭ غەزىۋىگە ئۇچراشتەك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى باشلىقىدىن ئۆچ كۆرىدىغان بىر ئىش كۆرسە سەۋرى قىلسۇن. مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن بىر غېرىچ ئايرىلىپ ئۆلگەن كىشى جاھىلىيەت (ئىسلامدىن بۇرۇنقى دەۋر) ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ».

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى باشلىقىدىن بىرئىشنى ئۆچ كۆرسە سەۋرى قىلسۇن؛ مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىدىن بىر غېرىچ ئۇزاقلىشىپ ئۆلگەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ».

تىرمىزى، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھەببان ھارىس ئىبنى ھارىستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلىدىكەن خۇددى بويىنىدىكى ئىسلامنىڭ تۇتقۇسىنى ئاجراتقاندەك بولىدۇ»

ئەگەر ھەممە كىشى باشلىقىنىڭ كۆز قارشى ۋە ھۆكمىگە رىئايە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا مۇخالىپ بولغان ئۆز كۆز قارىشىدا چاھىللىق قىلىشنى يوللۇق دەپ قاراپ، ئەتراپىغا ئادەم توپلاشقا تىرىشسا، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىرلىك ـ باراۋەرلىكى زەئىپلىشىش، ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىش ۋە بۆلۈنۈشتىن ئىبارەت ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ئۇممەتنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارىتا كۈچ ـ قۇۋۋىتى، ھەيۋىتى ۋە تەسىرى قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ] سۈرە ئەنفال 46 ـئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسلام بۇ خەتەرلىك مەسىلىنى ھەل قىلىشتا كەسكىنلىك بىلەن ئىش كۆرىدۇ باشلىققا ئىتائەت قىلىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە جامائەتنى بۆلۈشكە ئۇرۇنغان كىشىنىڭ قېنىنى ھالال قىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇكى ئۇرفىجە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇ، يامانلىقلار بولىدۇ، ئۇممەت بىرلىككە كەلگەن ھالەتتە ئۇممەتنىڭ ئىشىنى بۆلۈشكە ئۇرۇنغان كىشىنىڭ كىم بولۇشتىن قەتئىي نەزەر قىلىچ بىلەن كاللىسىنى ئېلىڭلار».

ئەبۇ سەئىد خۇدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنسا بىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار»

بۇ ھەدىستىن شۇنى مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۆلگۈنچىگە قاماق جازاسى بېرىڭلار، ئۇنى قامچىلاڭلار، سۈرگۈن قىلىڭلار، ئەدەپلەڭلار ياكى ئۇنىڭدىن جەرىمانە ئېلىڭلار دېمەستىن، بەلكى كەسكىنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈڭلار دەيدۇ. مانا بۇ ئۇممەتنى پارچىلىماق، بىرلىكنى بۆلمەك بەلكى يوق قىلماقچى بولغاننىڭ دۇرىسى. يەنى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ھەممىدىن ئەلا ۋە مۇھىم.

خۇلاسە

شۈبھىسىزكى ئىسلام، خەلقنىڭ باشلىقىغا ۋە مەسئۇللىرىغا ئىتائەت قىلىشنى پەرزلەرنىڭ ۋە ئىسلامدىكى ھاكىمىيەت قائىدىلىرىنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ. سىياسىي ھايات پەقەت ئۇنىڭ بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ ۋە لېكىن باشلىققا ئىتائەت قىلىش شەرتسىز بولماستىن بەلكى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەتبىق قىلىنىشى، كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ۋە خەلقنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتكە بۇيرۇلماسلىقىغا باغلىق.

تۆتىنچى قائىدە: كېڭەش

1- كېڭەش ئۇقۇمى

كېڭەش دېگىنىمىز ئەڭ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىلىم ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ مەلۇم بىر مەسىلە توغرىسىدىكى ئوخشىمىغان كۆز قاراش ۋە چۈشەنچىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشى ۋە سېلىشتۇرۇشى ئارقىلىق توغرا پىكىرگە كېلىشى، ياكى ياخشىراق، توغرىراقىغا ئېرىشىش، يەنى ئورتاق خىزمەت نەزەرىيىسى تۈرغۇزۇش جەريانىدىن ئىبارەت.

2- ئىسلامدا كېڭەشنىڭ ئەھمىيىتى

كېڭەش بارلىق تەشكىلات ۋە جامائەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. خەلىققە تىنچلىق، ئېسەنلىك، ئوگۈشلۈق ۋە غالىبىيەت كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان تەرەققى قىلغان دۆلەتلەرمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ، شەخس، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ پايدا ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كۆز قاراش ۋە مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىغا ئېرىشىشنىڭ ساغلام يولى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاھى دىن ئىسلامنىڭ كېڭەش پىرىنسىپىنى ئالاھىدە ئورۇنداق قويۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ بىر سۈرىسىنى «كېڭەش سۈرىسى» (سۈرە شۇرا) دەپ ئاتىغانلىقىدىن ئەجەبلەنمەيمىز. ئاللاھ بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ كېڭەش ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقى، بەلكى ھەممە ئىشلارنىڭ كېڭەش بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئايەتتىكى كېڭەشنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان نۇقتا شۇكى، ئۇ ناماز، زاكات ۋە قەبىھ ئىشلاردىن ساقلىنىش قاتارلىق پەرزلەر بىلەن بىر يەردە زىكىر قىلىنغان. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

[گۇناھى كەبىرىلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر] سۈرە شۇرا 37-تىن 39-ئايەتكىچە.

قۇرئان كەرىمنىڭ كېڭەشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىپادىلىرىنىڭ بىرى كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقتا يولۇققان ۋاقىتلىرىدا كېڭەش ئارقىلىق مۇناسىپ ھەل قىلىش يولى تېپىشى، ئۇنىڭ پايدىسىنى ئەمەلىي ھاياتىدا كۆرىشى ئۈچۈن كېڭەشنىڭ ئەمەلى تەتبىق قىلىنىشىنى ئايەت قىلىپ خاتىرلىشىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

[ ئانىلار (باللارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئاتا ـ ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر باللىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار، قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلارلا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.] سۈرە بەقەرە 233-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قۇرئان كەرىم بىزگە يەمەندىكى سەبە مەلىكىسى بىلقىسنىڭ قىسسىسىنى ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ. قىسسىدە ئېيتىلىشچە، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ ئاللاھقا تەسلىم بولۇش ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشكە چاقىرىپ يازغان مەكتۇبى كەلگەندە قانداق جاۋاب قايتۇرۇش ھەققىدە ئۆز يالغۇز قارار ئالماستىن، قول ئاستىدىكى ۋەزىر - مەسئۇل ۋە ئىلىم ئىگىلىرى بىلەن كېڭەشكەن. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ مەيداننى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

[ ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار، سىلەرنى ئۇستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق»] سۈرە نەمل 32 ـئايەت.

بۇ كاپىر ئايال «ئى ئىلىم ئىگىلىرى ۋە كېڭەش ئەھلى! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار. مېنىڭ ئەزەلدىن سىلەرنىڭ مەسلىھەتلىرىڭلارسىز بىر ئىش ئۇستىدە ھۆكۈم چىقارمايدىغانلىقىمنى بىلىسىلەر» دەۋاتقان، ئۇستىگە ئاللاھ تەرەپتىن كېڭەش ۋە مەسلىھەتلىشىش پەرز قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئەڭ بۇرۇن تەتبىقلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك سۈننەتلىرى كېڭەشنىڭ ئەمەلى تەتبىق قىلىنىشىنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇتىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ئىسلامنىڭ كېڭەش مەسلىسىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئەڭ كۆپ مەسلىھەتلەشكەن ۋە كېڭەشكەن كىشى ئىدى. ئۇ، بۈيۈك بەدىر ئۇرۇشى ھەققىدە مۇسۇلمانلار بىلەن كېڭىشىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇسۇلمانلار! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار» ۋە ئۇنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلايدۇ. ھۆرمەتلىك ساھابى ھەبباب ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدىردە ئەسكەرلەرنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە مەسلىھەتى قوبۇل قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەدىر ئەسىرلىرىنى ئۆلتۈرۈش ياكى بەدەل تۆلىتىش بىلەن قويۇپ بېرىش ھەققىدە مۇسۇلمانلاردىن مەسلىھەت سورايدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلاربىلەن كېڭىشىش ئىشى ئۇھۇد ئۇرۇشى، خەندەك ئۇرۇشى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇ ئاللاھنى زىيارەت قىلىشقا توسالغۇ بولۇش ئارقىلىق قۇرەيشكە ياردەم بەرگەن ئەلئەھابىشلەرگە قارشى بولغان ھۇدەيبىيە ئۇرۇشىدىمۇ ئوخشاش تەكرارلىنىدۇ.

بۇخارى مەسۋەرە ئىبنى مەخرەمە ۋە مەرۋان ئىبنى ھەكەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيە يىلى ساھابىلاردىن يۈز ئۇننەچچە كىشى بىلەن يولغا چىقىدۇ. زۇلھۇلەيپەگە يېتىپ كەلگەندە قۇربانلىقلىرىغا قۇربانلىق بەلگىسى قىلىدۇ ۋە ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلايدۇ. خۇزائەلىك بىر كۆزەتكۈچىنى ئالدىن ئەۋەتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يولنى داۋاملاشتۇرۇپ غەدىرۇلئەشتات دېگەن يەرگەن يېتىپ كەلگەندە كۆزەتكۈچى مۇنداق دەپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ: «قۇرەيش سىزگە قارشى نۇرغۇن ئادەم توپلاپتۇ. ئەھابىشلەرمۇ سىزگە قارشى توپلۇنۇپتۇ. ئۇلار سىز بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى ۋە سىزنى بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشتىن توسماقچى بولىۋاتىدۇ». رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدىكىلەرگە: «ئى ئىنسانلار! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار، بىزنى بەيتۇللاھتىن توسۇۋاتقان ئۇ كىشىلەرنىڭ ئائىلە ـ ئەھلىگە ھۇجۇم قىلىشىمنى مۇۋاپىق دەپ قارامسىلەر؟ ئەگەر ئۇلار بىز تەرەپكە كەلمەكچى بولسا ئاللاھ تائالا كۆزەتكۈچىسىنى بىزگە يامانلىق قىلىشتىن ساقلىغان بولىدۇ، ئەكسى تەقدىردە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمىز» دەيدۇ. ئەبۇبەكرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ چىقتىڭ. بىرسىنى ئۆلتۈرمەكچى ۋە يا بىرسى بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى ئەمەسسەن.

يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، كىم يولىمىزنى توسسا ئۇرۇشايلى» دەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن مېڭىڭلار، دەيدۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شەخسى ئىشلىرىدىمۇ بەزى ساھابىلاردىن مەسلىھەت سورايتتى. مەسىلەن: ئائىلىسىدىن ئايرىشى ئىشىدا ئۇسامە ئىبنى زەيد، ئىبنى ھارىسە ۋە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن مەسلىھەت سورىغان. ئۇلارمۇ بىلگىنى بويىچە مەسلىھەت بەرگەن ۋە يول كۆرسەتكەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ساھابىلار (ئۇلاردىن ئاللاھ رازى بولسۇن) كېڭەش پىرىنسىپىنى ئۆزلىرى سىياسىي ھاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈردى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەسلىھەت سورايتتى. قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېنىق دەلىلى بولمىغان ئىشلار توغرىسىدا ساھابىلارنى يىغىپ ئۇلار بىلەن كېڭەش ئېلىپ باراتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئوخشاش باشقا ساھابىلاردىن مەسلىھەت سورايتتى. ئابدۇراھمان كېيىن كىمنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كىشىلەر بىلەن كۈچىلاردا، يىغىلىشلاردا كېڭەشكەن ئىدى.

سەقىيەگە توپلانغانلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كىمنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆزئارا كېڭىشىدۇ. ئاخىرىدا ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىگە بىرلىككە كېلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ. ئارقىدىن باشقا مۇسۇلمانلارمۇ بەيئەت قىلىدۇ.

ئىسلام ئالىملىرى، دانىشمەنلىرى ۋە فىقھشۇناسلىرى كېڭەشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئەقلىيە سۆزلەرنى ئېيتىدۇ:

كېڭەشتىن كېلىپ چىققان خاتا، شەخسى پىكىر ۋە ئىستىبداتلىقتىن كېلىپ چىققان توغرىدىن ياخشى.

«كەلىلە ۋە دەمنە» نىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: «پادىشاھنىڭ چوقۇم ئۆز سىرىنى ئېيتالايدىغان، ئىشەنچلىك، كۆز قاراشتا ياردەم بېرەلەيدىغان بىر مەسلىھەتچىسى بولۇشى كېرەك. مەسلىھەت سورىغۇچى مەسلىھەت بەرگۈچىدىن ئەۋزەل، ئەقىللىق ۋە توغرا پىكىرلىك بولسىمۇ، ياغ ئوتنى نۇرلاندۇرۇپ ئۇلغايتقانغا ئوخشاش ئۇنىڭدىن پايدىلىق كۆز قاراشتا ئېرىشىپ قىلىشى مۇمكىن».

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى كېڭەشسىز قىلىنغان ھۆكۈمدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «بىر مىللەت ئىشلىرىنى كېڭەك بىلەن قىلسىلا توغرا يولنى تاپىدۇ ۋە ئىشلىرى توغرا يۆنىلىشتە داۋاملىشىدۇ».

بىر سەھرالىق ئەرەب مۇنداق دەيدۇ: «مىللىتىم ئالدانمىسىلا مەنمۇ ھەرگىز ئالدانمىغان بولمەن».

- بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

- مىللىتىمنىڭ مەسلىھەتىسىز ھېچ ئىش قىلمايمەن.

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: تەجرىبىلىكلەردىن مەسلىھەت سورىغىن، ئۇلار بەدەل تۆلەپ ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن مەسلىھەت بېرىدۇ. سەن ئۇنى بەدەلسىز ئالىسەن.

كېڭەش - ئۇممەتنى تەربىيىلەيدىغان ۋە تەربىيىلەش جەريانىدا ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى تونۇتىدىغان، ماھىيىتىنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرىدىغان مەكتەپ. شۇنداقلا دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. مۇسۇلمانلار كېڭىشىش پرىنسىپىغا تايىنىپ نۇرغۇنلىغان غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، پادىچىلىقتىن دۇنيا خەلقىنىڭ خوجايىنلىقىغا يۈكسەلگەن.

ئىسلام پارس زېمىنىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەسناسىدا پارس قوشۇنىنىڭ قوماندانى مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى بىلەن قان تۆكمەسلىك ھەققىدە سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئازراق ۋاقىت بەرگىن «ئەسكەرلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالاي»، دەيدۇ. پارس قوماندان بۇ جاۋابتىن ھەيران قېلىپ سورايدۇ:

- سەن ئۇلارنىڭ قوماندانى ئەمەسمۇ؟

- ئەلۋەتتە.

- بىز مەسلىھەتلىشىدىغان كىشىنى ئۆزىمىزگە باشلىق قىلمايمىز.

- شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دائىم سىلەرنى مەغلۇپ قىلىمىز. ئەمما بىز مەسلىھەتلەشمەيدىغان كىشىنى ئۆزىمىزگە باشلىق قىلمايمىز.

ئۆتكەن زامانلاردا كېڭەش قائىدىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلى ھاياتىمىزغا تەتبىقلىغانلىقىمىز ئۈچۈن غەلىبە ھامان بىزگە مەنسۇپ بولغان. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ھاياتىمىزدىن يوقۇلىشى نۇرغۇنلىغان مەغلۇبىيەتلەرگە سەۋەب بولدى.

ئىسرائىلىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى موشى دەياننىڭ 1967 - يىلىدىكى ئۇرۇش خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەرەب قوشۇنلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. بەزى قىسىملار بىر پاي ئوق، بىر تامچە قېنى قالغۇچە باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى. بۇنىڭ سىرىنى تاكى ئۇلارنىڭ بىر قوماندانى ۋە ئەسكەرلىرىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىمىغۇچە بىلەلمىدى ۋە ئۇنى سوراق قىلىشقا باشلىدى.

ــ ئەسكەرلىرىڭنى تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇشتىن بۇرۇن ئۇلار ۋە سەپداش قوماندانلىرىڭ بىلەن كېڭەشتىڭمۇ؟

- بىز ئۆزىمىزدىن تۆۋەنلەر بىلەن ئەسلا كېڭەشمەيمىز دەيدۇ چوڭچىلىق بىلەن.

- شۇنىڭ ئۈچۈن دائىم سىلەرنى مەغلۇب قىلىمىز.

ئۇندىن كېيىن سوھيونى (يەھۇدىي تەشكىلاتىنىڭ ئىسمى) قوماندانىنى سىرتقا چىقىشقا بۇيرۇپ «بىر يەھۇدىي قوماندان دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە تاماق يەيدۇ، ئادەتتىكى كىشىدەكلا بىرگە ياشايدۇ. دىنى دەرسلەرگە بىرلىكتە قاتنىشىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇنىڭ دائىملىق ئىش ئۆزئارا كېڭىشىش ۋە چۈشىنىش، دەيدۇ.

(3) كېڭەشنىڭ ھۆكمى ۋە پايدىلىرى

[ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن] (سۈرە ئال ئىمران 159-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولغان شارئىت ۋە ئۇ ۋاقىتتىكى ئادەمنى ئويغا سالىدىغان ھادىسىلەرگە قارايدىغان بولساق نېمىنى مۇلاھىزە قىلالايمىز؟

بىز بۇ ئايەتنىڭ مۇسۇلمانلار ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن نازىل بولغانلىقىنى بىلىمىز. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كېڭەش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۆز كۆز قارشىنى كۆپچىلىكنىڭ كۆز قارشىنىڭ ئارقىسىدا قويۇش ئارقىلىق ئۇرۇشقا چىققان ئىدى. بەزىلەرنىڭ زېھنىگە «ئەگەر ئۇلار كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىگە ئەمەس، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پىكرىگە ئەگەشكەن بولسا، نەتىجە ئەكسىچە بولاتتى. ئەسلىدە كېڭەش ۋە مەسلىھەتلىشىشنىڭ بولماسلىقى تېخىمۇ ئەۋزەل ۋە مۇۋاپىق ئىدى» دېگەندەك چۈشەنچىلەر كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ھۆكۈم ۋە ئىنسانلار مەنپەئەتىنىڭ ئاساسىنىڭ كېڭەش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. كېڭەش نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار گەرچە بىر ئۇرۇشتا زىيانغا ئۇچرىسىمۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىنىڭ زىيانغا

ئۇچرىشىدىن، يەنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىر شەخسنىڭ ئۇلارنىڭ ئىمكانىيىتى، قېنى، بايلىق ۋە ئار ـ نومۇسى ئۈستىدىن يالغۇز ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن ياخشى.

بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھقا دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ياردەم ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە كېڭىشىشكە بۇيرۇشىنىڭ ھېكمەتلىرىنى تونۇپ يېتىپ مۇنداق دەيدۇ:

بۇ تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ۋە ئىسلامنى سۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن كېڭىشىشكە بۇيرۇلغان.

(2) كېڭەش ئارقىلىق ئۇرۇشتا ئاساس بولىدىغان توغرا كۆز قاراشقا ئېرىشىلىدۇ.

(3) كېڭەش مەنپەئەتىنىڭ قولغا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

(4) باشقىلارنىڭ ئۈلگە ئېلىشى ئۈچۈن كېڭىشىشكە بۇيرۇلغان.

كېڭەش ئەمەلىيەتتە مەسئۇلىيەتنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدىن ئىبارەت. نەتىجە قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، يالغۇز بىر شەخس ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ بولىدۇ. سەلبى نەتىجە سەۋەبىدىن ئۆزئارا مالامەت قىلىشىش، يۈز ئۆرۈش ۋە جىدەل قىلىشلار كېلىپ چىقمايدۇ.

كېڭەشنىڭ ئەڭ مۇھىم پايدىلىرىنىڭ بىرى ـ ئۇ يوشۇرۇن كۈچ ۋە قابىلىيەت ئىگىلىرىنى بايقاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. ئۇنىڭ بىلەن قابىلىيەتلىكلەر مەيدانغا چىقىدۇ ۋە ئۇممەت ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىدۇ.

ئۇندىن باشقا كېڭەش، كېڭەش ئەھلىنى كېڭەش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ھۆكۈم ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش، تەجرىبىگە بېيىتىش، ئاقىلانە پىكىر قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە يېتىشتۈرىدۇ.

ئەمىرۇلمۆمىنىن ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېڭەشنىڭ پايدىلىرىنى بايان قىلىپ دەيدۇكى، كېڭەشنىڭ يەتتە خىسلىتى بار:

(1) توغرىنى تېپىپ چىقىش

(2) كۆز قاراش توپلاش

(3) پىكىرنىڭ چۈشۈپ قىلىشىدىن ساقلىنىش

(4) مالامەتتىن ساقلىنىش

(5) نادامەتتىن قۇتۇلۇش

(6) قەلبلەرنى باغلاش

(7) سۈننەتكە ئەگىشىش. لوقمان ھەكىم ئوغلىغا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئوغلۇم! مۇھتاجلىق بىر ئىش قىلىشقا مەجبۇرلىسا باشقىلارنىڭ ئەقلىنى ئۆزەڭنىڭ قىلۋال.

ـ باشقىلارنىڭ ئەقلىنى قانداق ئۆزەمنىڭ قىلىۋالالايمەن؟ دەپ سورايدۇ ئوغلى.

ـ ئىشلىرىڭدا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن.

ئۇ يەنە دەيدۇكى، ئەگەر بىر كىشى رەببىدىن ياخشىلىق تىلىسە، باشقىلار بىلەن كېڭەشسە ۋە ئۆز كۆز قارىشىدا ئىزدەنسە قىيىنچىلىقنى ئوڭۇشلۇق يېڭىلەيدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆز ياخشى كۆرگەن ئىشلارنى تەقدىر قىلىپ بېرىدۇ.

ئەھنەف ئىبنى قەيستىن مۇنداق دەپ سورىلىدۇ: نېمە بىلەن دۇچ كەلگەن ئىش ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە توغرىلىقنىڭ كۆپىيىپ، خاتالىقنىڭ ئازىيىدۇ؟

- تەجرىبىلىك ۋە دانا پىكىرلىك كىشىلەردىن مەسلىھەت سوراش بىلەن.

ھۆكۈم قىلغۇچى قانچىلىك دەرىجىدە ئۆتكۈر پىكىرلىك، نەزەر دائىرىسى كەڭ، تەجرىبىگە تولغان بولسىمۇ، ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن كېڭەشكەندىكىدەك ۋە ئۇلارنى ئىشقا ئارلاشتۇرغاندىكىدەك توغرا نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى ھۆكۈم قىلغۇچى باشقىلار بىلەن كېڭەشمەستىن ئۆز پىكرىدە جاھىللىق قىلسا، ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولىدۇ. كىم ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولىدۇ. كىم ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا ھەقىقەت ۋە توغرىدىن ئازىدۇ.

بىر دانىشمەندىن مۇنداق دەپ سورىلىدۇ:

بىر ئاقىل كىشى كېڭەشنى ئۆز - ئۆزىگە تايىنىپ ئەقلىغا ئۇيغۇن ئېلىپ باردىم دېگەن تەقدىردىمۇ، توغرا ۋە كېرەكلىك نەتىجىگە يېتىشتىن ئاجىز كەلسە، باشقىلاردىن ئالغان مەسلىھەتى پايدا بېرەمدۇ؟

- ئۆز - ئۆزى بىلەن قىلغان كېڭەش (ھاۋايى - ھەۋەس بىلەن يۇغۇرۇلغان بولىدۇ. ئەمما باشقىلار بىلەن قىلغان كېڭەش) ھاۋايى - ھەۋەس يىراق بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئۇ.

بۇ قىسمنى مۇھەممەد ئىبنى تەلھە قۇرەيشىنىڭ كېڭەش ھەققىدە ئېيتقان ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن تاماملاشنى مۇناسىپ كۆردۈم.

(1) كېڭەشتىن كۆڭۈلۈك ياردەمچى ۋە ئەقىلدىن ئارتۇق ياردەم بولمايدۇ. كېڭەش ئىرادىنى كۈچلەندۈرىدۇ، غالىبىيەت ئېلىپ كېلىدۇ، ھەقىقەتنى يورۇتىدۇ. سەۋەب كۆرستىشنى ئازايتىپ ئىشتىن كېيىنكى نادامەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ؛ ئەقىل بولسا ئىگىسىنى كېڭەشنىڭ مۇۋىسىنى يىغىشقا يېتەكلەيدۇ.

(2) ئىشلىرىدا مەرىپەت ئىگىلىرى ۋە دانىشمەنلەردىن مەسلىھەت سوراپ، ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرگەن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشى كۆپ ھاللاردا مەقسىتىگە يېتىدۇ. قان - تەرى بىكارغا كەتمەيدۇ. تەقدىر ئۇنى مەقسىتىگە يېتىشتىن مەھرۇم قويسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزرىسى بولىدۇ. مالامەتكە قالمايدۇ.

(3) كېڭەشسىز ئىش قىلغان كىشىلەر نەتىجىسىز قالىدۇ ۋە مالامەتچىلەرنىڭ ئۇلجىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

(4) كېڭەشنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىنى ئاشكارىلاش. بىر كىشىنى كېڭەشكە تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆز قارشى، مەيدانى، دۇرۇسلىقى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلگىكى بولىدۇ.

(5) كۆپ كېڭەشكەن كىشى نەتىجىگە ئېرىشكەندە كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ؛ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا مالامەتكە قالمايدۇ.

4- كېڭەشنىڭ ھۆكمى

كېڭەش ئىسلامدا ھۆكۈمرانىنىڭ رىغبىتىگە ئاساسەن خالىغاندا ئىجرا قىلىپ - قىلمايدىغان قوشۇمچە ئىشلاردىن بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمران، مەسئۇل ياكى باشلىقنىڭ ئىجرا قىلىشى كېرەك بولغان ۋاجىبتۇر.

بۇ ھۆكۈم ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدىن ئېلىنغان: [ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن] سۈرە ئال ئىمران 159-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايەتتىكى «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئاندىكى بۇيرۇق ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىدىغان باشقا ئەھۋال بولمىغاندا ۋاجىبلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

پەخرۇررازى مۇنداق دەيدۇ: «بۇيرۇق ۋاجىبلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى «كېڭەشكىن» دېگەن سۆز ۋاجىبلىقنى تەقەززا قىلىدۇ».

ئالللاھ تائالا، پۈتۈن گۇناھلاردىن پاك، ۋەھيى يول كۆرسىتىۋاتقان، ئۆز خىيالىدىن سۆزلىمەيدىغان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ساھابىلىرى بىلەن كېڭىشىشنى بۇيرۇغان ۋە ۋاجىب قىلغان تەقدىردە، كېڭىشىش باشقا ھۆكۈمران ۋە باشلىقلارغا تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە ۋاجىب بولمامدۇ؟

قۇرئان كەرىم كېڭەشنى ناماز ئوقۇش بىلەن بىر يەردە زىكىر قىلىپ ئۇنىڭ ھۆكمىنىڭمۇ نامازنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئالللاھ مۇنداق دەيدۇ:

[پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئالللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر] سۈرە شۇرا 38 - ئايەت.

سەييىدە قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى بارلىق ئىشلارنى كېڭەشكە باغلايدۇ ۋە پۈتۈن ھاياتنى مۇشۇ ئۆلچە بىلەن قۇرىدۇ. بۇ ئايەت ئېيتقىنىمىزدەك مەككىدە، يەنى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن نازىل بولغان.

كېڭەشنىڭ بۇ تەتبىقلىنىش دائىرىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا دۆلەت ئۇقۇمىدىن تېخىمۇ كەڭ ۋە ئومۇمى بولىدۇ. دۆلەت ئۇقۇمى خاس شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىمۇ بۇ قائىدە ئىسلامى جامائەتنىڭ بارلىق ھالەتلىرىگە مەنسۇپ.

ئەمەلىيەتتە ئىسلامدىكى دۆلەت جامائەنىڭ تەبىئىتىدىكى ئايرىم بىر قىسىم، ئەسلى ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، جامائەت دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىلگىرىلەيدۇ ۋە ئۇنى ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلىش، شەخس ۋە جەمئىيەت ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزۈش ۋاستىسى قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كېڭەش جامائەت ئىچىدە بۇرۇنلا يولغا قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ساھەلىرى دۆلەت ۋە ھۆكۈم يۈرگۈزۈش دائىرىسىدىن تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر. ئۇ - ئىسلامى ھاياتىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ۋە ئىنسانلارنىڭ يول باشلىغۇچىسى قىلىپ تاللانغان جامائەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ئالاھىدىلىكى. شۇنداقلا ئۇ يول باشلىغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەرنىڭ بىرى.»

كېڭەشنىڭ ۋاجىب ئىشلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىگە پۈتۈن ئۈممەت ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن، ھەتتا قۇرتۇبى تەپسىردە ئىبنى ئەتىيە دىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈممەت ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كېڭەش، شەرىئەت قائىدىلىرى ۋە مۇھىم ھۆكۈملەرنىڭ بىرى. ئىلىم ئىگىسى ۋە دىن ئەھلى بىلەن كېڭەشمىگەن كىشىنى ۋەزىپىسىدىن چۈشۈرۈش ۋاجىب. بۇ ھەققىدە ئىختىلاپ بولمىغان بىر ھۆكۈم».

ئىبنى خۇۋەيزمەنداد مۇنداق دەيدۇ: «مەسئۇللارنىڭ بىلمىگەنلىرى ھەققىدە ۋە دىنى ئىشلىرىدا ئالىملار بىلەن، ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا قوشۇن ئەھلى بىلەن، پايدا، مەنپەئەتكە دائىر ئىشلاردا دانىشمەنلەر بىلەن، يۇرتنىڭ مەنپەئەتى ۋە گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا كاتىبلار، ۋەزىرلەر ۋە خىزمەتچىلەر بىلەن كېڭىشىشى ۋاجىب».

جەسساس «كېڭەش ۋاجىب ئەمەس» دەپ قارىغانلارنىڭ گۇمانىنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كېڭەش ـ ساھابىلارنىڭ روھى دۇنياسىنى كۆتۈرۈش ـ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ (بەزى فىقھى ئالىملىرى ئېيتقاندەك)، دەپ قاراپ توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئەگەر كېڭەش ئەھلى ئۆزلىرى كېڭەش ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر مەسىلە ھەققىدە قوللىنىلمايدىغانلىقى ۋە قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلسە، كېڭەش ئۇلارغا نىسبەتەن روھىنى كۆتۈرۈش ۋە يا ئىقتىدارىنى ۋە كۆز قارشىنىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش بولىدۇ. بۇ خىل ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش مەنىسىز بولۇپ ئاساسسىز دەپ قارىلىدۇ».

كېڭەشنىڭ دىنىمىزدا ھۆكۈم قائىدىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى مۇقەررەلەشتۈرىدىغان ھەدىسلەر نۇرغۇن، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىنمۇ كۆپرەك كېڭەشىدىغان كىشى كۆرمىدىم».

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداقدەيدۇ: «ئەگەر بىرسى قېرىندىشىدىن مەسلىھەت سورىسا، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بەرسۇن».

بۇ ھۆكۈمدىن كېيىن ھۆكۈمران ياكى باشلىقنىڭ كېڭەش ئەھلى بىلەن كېڭەششىشتىن باش تارتىپ، ئۆز كۆز قارىشىدا جاھىللىق قىلىشى ئىستىبداتلىق ھېسابلىنىدۇ؛ ئىستىبداتلىق زۇلۇمغا ئېلىپ بارىدۇ؛ زۇلۇم قىيامەتنىڭ زۇلمەتىدۇر. ئاللاھ ئۆزىگە زۇلۇم ھارام قىلغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا چەكلىگەن.

ئىستىبداتلىق قىلىش ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رازى بولمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن.] سۈرە غاشىيە 22 ــئايەت.

ئۇ، ھەقىقەتتە مۇستەبىتلىك ۋە ھەددىدىن ئېشىش بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ سۈپەتتىن پاكلانغان. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى: [سەن ئۇلارنى (ئىسلامغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن] سۈرە قاف 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئا: بىر كىشىنىڭ شەخسى ئىشى ياكى باشقىلارغا تەئەللۇق ئىشلار ئۈستىدە باشقىلارنى ئېتىۋارغا ئالماستىن شەخسى پىكرى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىش زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. ھېچكىمھەك ئومۇمنىڭ ئىشىدا شەخسىي پىكرىگە تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىش ھەققى يوق. ھەرقانداق بىر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشتا، ئادالەت ئۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەممە كىشىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئېلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ھەربىرى بىلەن كېڭىشىش مۇمكىن بولمىسا ئۇلارنىڭ ھەقىقي ۋەكىللىرى بىلەن كېڭىشىش كېرەك.

ب: ئومۇمنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدىن شەخسى پىكرىگە تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىپ ياكى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ، شەخسىيەتچىلىك يولىدا باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقلار ھەممىسى مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان قەبىھ ئىللەتلەردۇر. مۆمىن كىشى غەرەزىنى كۆزلەپ قانۇنسىز پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلمايدۇ؛ ئۆزىنى ئەقىللىق ۋە بىلىملىك چاغلاپ چوڭچىلىق قىلمايدۇ، مەغرۇرلانمايدۇ.

ب: باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا تەئەللۇق مەسىلىلەردىن ھۆكۈم چىقىرىش ـ ئېغىر مەسئۇلىيەت ـ ئاللاھتىن قورقۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھېسابىنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان كىشى بۇ ئېغىر يۈكنى يالغۇز كۆتۈرۈشكە ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايدۇ. لېكىن ئاللاھتىن قورقمايدىغان، قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىنىڭ ئۇنى قىلىشى قىيىن ئەمەس. ئومۇمغا تەئەللۇق ئىشلاردا كۆپچىلىك

ياكى ۋەكىللىرى بىلەن كېڭىشىش، بىلىمسىزلىك ۋە يا دىققەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققان خاتالىقنىڭ مەسئۇلىيىتىگە تارتىلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ئادىللىق بىلەن توغرا ھۆكۈم چىقىرىشقا تىرىشىش ـ ئاللاھ ۋە ئاخىرەت ھېسابىدىن قورققان كىشىنىڭ بىردىن ـ بىر تۇتىدىغان يولىدۇر.

بۇ ئۈچ ئىش ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن كىشى كېڭەش ئىسلام ئەخلاقىنىڭ كەسكىن شەرتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش قەبىھ ئەخلاق جۈملىسىدىن بولۇپ ئىسلام ئۇنى ئەيىبەدى رەت قىلىدۇ. پۈتۈن چوڭ ـ كىچىك ئىشلاردا كېڭەشكە تايىنىش ئىسلام ھاياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر».

ئىسلام دىنىدىكى بۇ مۇقەررەر ھۆكۈمنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا كۆپ كېڭەشىش بىلەن ياراتقان نەمۇنىسى تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ئەڭ كۆپ كېڭەشكەن كىشى ئىدى. بەزى ۋاقىتلاردا ئائىلە ۋە شەخسى ئىشلىرىدىمۇ باشقىلاردىن مەسلىھەت سورايتتى.

5- كېڭەشنىڭ نەتىجىسى

كېڭەشنىڭ دىنىمىزدا قۇرئان ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس بىلەن ئىسپاتلانغان ۋاجىب ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، دېمەككى باشلىق خەلقى بىلەن كېڭەشىشى كېرەك. لېكىن مەلۇم مەسىلە ياكى ۋەقە ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان كېڭەشتە ئەھلى بىر خىل ۋە باشلىق يەنە بىر خىل كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويسا، باشلىقنىڭ خەلق ئىرادىسىنى تەشكىل قىلىۋاتقان كېڭەش ئەھلىنىڭ كۆز قارشىنى ئېتىۋارغا ئالماستىن ئۆز كۆز قارشى بويىچە ئىش كۆرىشى جائىز بولامدۇ؟

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا باشلىق كېڭەشكە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇنى يول كۆرسەتكۈچى قاتارىدا قوبۇل قىلامدۇ؟

ئەقلىنىڭ تاللىشى بويىچە توغرا دەپ قارايدىغىنىمىز شۇكى باشلىقنىڭ كېڭەش ئەھلىنىڭ كۆز قارشىنى قىممەتكە ئىگە قىلىشى، ئۆز كۆز قارشى بىلەن قارشىلاشسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆز قارشىنى ئىجرا قىلىشى.

باشلىق كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارىشىغا قارشى ئىش كۆرەلەيدۇ، ئۇلارغا ئۇيغۇنلىشىشى ۋاجىب ئەمەس بەلكى كېڭەش ئەھلى بىر كۆز قاراشقا بىرلىككە كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار بىلەن قارشىلىشالايدۇ دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. ئۇستاز ئەبۇلئەلا مۇدۇدى ئۇلارنىڭ بىرى بولۇپ «ئىسلامدىكى تۇرمۇش تۈزۈمى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەت رەئىسىنىڭ كېڭەش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەلۇم ئىش ئۈستىدە ئۆزى توغرا دەپ قارىغان كۆز قارىشىغا ئاساسەن كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى رەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. لېكىن ئۇ «ئىسلامى ھۆكۈمەت» ناملىق كىتابىدا بۇ كۆز قارشىنى ئۆزگەرتىپ، كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىگە ئۇيغۇنلىشىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: [ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا] (سۈرە شۇرا 38-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن قائىدە بەش ئىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ بەشىنچىسى: پۈتۈن كېڭەش ئەھل كۆپ سانلىقى بىرلىككە كەلگەن پىكىرگە بويسۇنۇش. ئەمما باشلىقنىڭ كېڭەش ئەھلىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، نېمىنى تاللاش ھەققىدە تولۇق ئەركىنلىكى بولسا، كېڭەش مەنىسىنى، قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ئاللاھ تائالا: «ئىشلىرىدا كۆز قاراش ۋە مەسلىھەتلىرى ئېلىنىدۇ» ئەمەس «ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قىلىدىغانلار» دەيدۇ. دېمەككى بۇ ئايەتنىڭ تەتبىق قىلىنىشى پەقەت كۆز قاراش ئېلىنىش بىلەنلا توگىمەيدۇ؛ ئەكسىچە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئىشلار ھەممە ياكى كۆپ سانلىق بىرلىككە كېلىپ چىقارغان قارار بويىچە يۈرۈشۈشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ».

يەنە دوكتۇر ئابدۇلھەمىد مۇتەۋەللى: «كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارشىنى ئىجرا قىلىش ۋاجىب ئەمەس» دەيدۇ.

توغرا دەپ قانائەتلەنگەن كۆز قارشىمىز ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى، ساھابىلار بىلەن كېڭەش ئېلىپ بېرىپ ئۆز قارشىغا مۇخالىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارشى بويىچە ئىش كۆرگەن تۆۋەندىكى بىر قانچە ۋەقەلىكنى مىسال كەلتۈرەلەيمىز:

(1) ئۇھۇد ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ ئۇھۇد تېغىغا يېقىن يەرگە چۈشكەنلىكىنى بىلگەن ۋاقىتتىكى كېڭەش.

ئۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىش ياكى مەدىنىدە كۈتۈپ تۇرۇش ھەققىدە ساھابىلار بىلەن كېڭەش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ كۆز قارشى، مەدىنىدىن چىقماي ئۇ يەردە قۇرغان قۇرۇش، ئەگەر ئۇلار مەدىنىگە كىرسە ئۇلارنى قىستاپ ئۇرۇش قىلىش ئىدى. بىر توپ پىشقەدەم ساھابى ۋە ياشلار جامائىتى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىش پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالدى. ئۇلار كۆپ سانلىق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كۆز قارشىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۆيىگە كىرىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ چىقتى.

ئۇندىن بۇرۇن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر كالىسىنىڭ بوغۇزلىنىۋېتىپ، قىلىچىغا زەخمە يېتىپ ۋە قولىنى مۇستەھكەم قۇرغان ئىگىچە قويۇپ چۈشىدە كۆرگەن ۋە كالىسىنىڭ بوغۇزلىنىشىنى مەلۇم ساندىكى ساھابىنىڭ شېھىت قىلىنىشى، قىلىچىغا زەخمە يېتىشىنى ئائىلە ئەھلىدىن بىر كىشىنىڭ شېھىت قىلىنىشى ۋە قولىنى قويغا مۇستەھكەم قۇرغاننى مەدىنە دەپ تەبىر بەرگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئائىلە ئەھلىدىن شېھىت قىلىنغا كىشى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى.

(2) خەندەك ئۇرۇشىدا مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدۇ ۋە مۇسۇلمان ئېغىر ئەھۋالدا قالدۇ. رەسۇلۇللاھ غەتفان قۇماندانى ئۇيەينە ئىبنى ھەسەن ۋە ھارىس ئىبنى ئەۋف مۇرىگەن، مەدىنىنىڭ مېۋىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىش بەدىلىگە مەدىنىدىن چېكىنىش تەلىۋىنى قويۇپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئۆزئارا سۆزلىشىپ مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى يېزىشىپ سۈلھى تۈزمەكچى بولىدۇ.

ئۇ رەسمى بىر قارارغا كەلمەستىن سەئد ئىبنى مۇئاز ۋە سەئد ئىبنى ئۇبادەگە بۇ ئىش ھەققىدە كېڭىشىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىدۇ.

- ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ ئىشنى ئۆز پىكرىڭ بويىچە قىلماقچى بولۇۋاتامسەن ياكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىمۇ، چوقۇم بويسۇنۇشىمىز كېرەكمۇ ياكى بىزنىڭ پايدىمىز ئۈچۈنمۇ؟ دەپ سورايدۇ ئۇ ئىككىسى.

- بۇنى سىلەر ئۈچۈن قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. ئەرەبلەر ھەممىسى بىرلىشىپ سىلەرگە زەربە بەرمەكچى بولدى سىلەرگە ھەر تەرەپتىن زەھەر تىرنىقىنى ئۇزاتتى. ۋەئاللاھ ئۇلارنىڭ شەۋكىتىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشۈرمەكچى بولغان ئىدىم.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا شېرىك ئەقىدىدە ئىدۇق؛ بۇتقا ئىبادەت قىلاتتۇق؛ ئاللاھنى بىلمەيتتۇق. ئۇلار مېھمان بولۇش ياكى سېتىۋېلىشتىن باشقا يول بىلەن بىزنىڭ بىر تال مېرىمىزنى يېيىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى. ئەجىبا بىزنى ئىسلام بىلەن ھۆرمەتلىك، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىش ۋە ساڭا ئەگىشىش بىلەن ئەزىز قىلغاندىن كېيىن بايلىقىمىزنى ئۇلارغا بېرەمدۇق؟ ئۇنداق قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارغا قىلىچتىن باشقىسى يوق، ئاللاھ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارسۇن، دەيدۇ سەئد ئىبنى مۇئاز.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دىگىنىگدەك بولسۇن دەيدۇ. سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەھىپىنى ئېلىپ ئۇستىدىكى خەتنى ئۆچۈرىدۇ. ئۇندىن كېيىن «بىزگە بولغان دۈشمەنلىكنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن» دەيدۇ.

بۈيۈك ئۇستاز مەرھۇم شەلتۇت مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھادىسە بىزگە مۇھىم دەستۇر بولىدىغان بىر كۆرسەتمە بېرىدۇكى، يولباشلىغۇچى ياكى مەسئۇل ھەتتا گۇناھلاردىن پاك پەيغەمبەر بولغان تەقدىردىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدا مۇستەبىتلىك قىلماسلىق، مۇھىم ئىشلاردا ئۆزىگە تايىنىپلا قارار بەرمەسلىكى، مۇسۇلمان بىلەن بىلەن كېڭەشمەستىن، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالماستىن ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىشى كېرەك. بولغان ھەرقانداق توختام تۈزمەسلىكى لازىم. مۇسۇلمانلار مۇستەبىتلىك يولى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆز قارشى ئېلىنماستىن تۈزۈلگەن بارلىق توختام، كېلىشىملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققى بولىدۇ».

3- بەدر ئۇرىشىدا قۇرەيش كارۋىنى قۇتۇلىدۇ ۋە قۇرەيش رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن ئەتراپىدىكىلەرگە ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار، دەيدۇ.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرەيش بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇندىن كېيىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى بويىچە ماڭ، بىز سەن بىلەن بىرگە. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ساڭا بەنۇئىسرائىل مۇساغا دىگەندەك «سەن رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار.» بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» ئەمەس، ئەكسىچە سەن رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىزمۇ سىلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلىمىز»، دەيمىز. سېنى ھەققەت بىلەن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، بىزنى جان كېتىدىغان يەرگە باشلاپ بارساڭمۇ ئاخىرقى نەپىسىمىزگىچە ئېلىشىمىز».

رەسۇلۇللاھ ئۇندىن كېيىن يەنە ئى ئىنسانلار! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار، دەيدۇ. ئۇ بۇ قېتىم ئەنسارلارنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى سېنى ھەق ۋە راستچىل پەيغەمبەر دەپ ئىمان ئېيتتۇق. سەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەققەت ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتتۇق ۋە ئۇلار ئۇستىدىن بۇيرۇقنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە ۋە ئەھدىمىزنى بەردۇق. ئۇ رەسۇلۇللاھ، قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى قىلىۋەرگىن، بىز ھامان سەن بىلەن بىرگە، سېنى ھەققەت بىلەن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، بىزنى بۇ دېڭىزدىن ئۆتتۈشكە بۇيرۇساڭ ھېچ بىرىمىز خىلاپلىق قىلماستىن سەن بىلەن بىرگە ئۆتىمىز. بىزنى ئەتىلا دۈشمەنلىرىمىز بىلەن ئۇچراشتۇرساڭمۇ ھېچ بىئاراملىق ھېس قىلمايمىز».

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كۆپ سانلىق ساھابىنىڭ ئۇرۇش قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن پىلان تۈزۈپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ.

(4) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەدرىنىڭ ئەسىرلىرى توغرىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېڭىشىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىش پۇرسىتىنى بەردى. ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى خالايسىلەر؟

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار سېنىڭ مىللىتىڭ ۋە ئەھلىڭ، ئۇلارنى ھايات قالدۇرۇپ قاراپ باقايلى، ئاللاھ ئۇلارغا تەۋبە ئاتا قىلىپ قىلىشى مۇمكىن، دەيدۇ ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار سېنى يۇرتۇڭدىن قوغلىدى ۋە يالغانچىغا چىقاردى. ئۇلارنى ماڭا قويۇۋەتكىن باشلىرىنى ئالاي، دەيدۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

كۆپ سانلىق كىشى ئەبۇبەكرنىڭ پىكرىنى مۇۋاپىق كۆردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئەسىرلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئەپۇ قىلىپ ۋە بەزىلىرىنى بەدەل تۆلىتىش بىلەن قويۇۋەتتى.

بىزگە كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارىشىنىڭ بەدە تۆلىتىش بىلەن قويۇۋېتىش بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئاساس شۇكى، ئىبنى جەرىر ئىبنى ئىسهاقتىن [ئاللاھنىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلدە بولمىسا ئىدى (ئەسىرلەردىن) پىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار] (سۈرە ئەنفال 68-ئايەت) چۈشكەندە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. «ئەگەر ئاللاھ ئاسماندىن ئازاب ياغدۇرغان بولسا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە سەئد ئىبنى مۇئازدىن باشقا ھېچكىم قۇتۇلالمىغان بولاتتى. ئىبنى مەردەۋىيە «ئۆمەر قۇتۇلغان بولاتتى» دەپ رىۋايەت قىلىدۇ.

بۇ دەلىلنى كۆرگەندىن كېيىن «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەدر ئەسىرلىرى ھەققىدە كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارىشىنى ئالمىغان» دېگەندىن ئىبارەت ئۇستاز ئابدۇلھەمىد مۇتەۋەللىنىڭ بۇ كۆز قاراشى بىزنى بۈيۈك ھەيرانلىق ئىچىدە قالدۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە توغرا يولدا ماڭغۇچى خەلىپىلەرنىڭ قايسى ئەھۋاللاردا كېڭەش يولىنى تۇتقانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش ئۈچۈن ئىسلامنىڭ ئالدىنقى دەۋرلەر تارىخىغا قارايدىغان بولساق، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدر ئەسىرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشىدىمۇ كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارىشىنى ئالمىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇ ئەبۇبەكر قوشۇلغان تەرەپنىڭ كۆز قارىشىنى ئالغان ئىدى.»

توغرا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ كۆز قارىشىنى ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تەنقىتلەپ ئايەت چۈشكەنلىكى ھەقىقەت. ۋە لېكىن ئۇ تەنقىت كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارىشىنى ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يەنە بىر خىل كۆز قاراشنىڭ تېخىمۇ توغرا ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكى ئۈچۈن بولغان.

يەنە شۇنى دېيىمىزكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكر ۋەكىللىك قىلغان كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئىش كۆرگەن. چۈنكى كۆپ سانلىق بەدەل تۆلىتىش بىلەن قويۇۋېتىش پىكرىنى بەرگەن ئىدى. ئازاب چۈشكەن بولسا ئۆلتۈرۈش، بەدەل تۆلىتىش بىلەن قويۇۋەتمەسلىك پىكرىنى بەرگەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن باشقا ھېچكىمنىڭ قۇتۇلالماسلىقى يەنە بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇندىن باشقا توغرا يولدا ماڭغۇچى خەلىپىلەر ئومۇمنىڭ ئىشلىرىدا كېڭەك ئەھلى بىلەن كېڭەش ئېلىپ باراتتى، شەخسى كۆز قاراشلىرى بىلەن مۇستەبىتلىك قىلمايتتى، بەلكى قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ قانائەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن مۇنازىرە مەيدانلىرىنى ھازىرلاپ بېرەتتى.

بىز ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتى ۋە روھى دۇنياسى ئۆزگەرگەن، ھەر كىشى چىرىكلىككە يۈزلەنگە بۇ مۇھىت يەنىلا كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارىشىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇستاز ئابدۇلكەرىم زەيدان مۇنداق دەيدۇ: نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا دۆلەت رەئىسىنىڭ كۆز قارىشىنى ئېلىش توغرا بولىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتنىڭ زۆرۈرەتلىرى، كىشىلەر تەبىئىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، دىنىدىكى مۇستەھكەمسىزلىك، ئىماننىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ئاز بولۇشى بىزنىڭ كۆپچىلىك مەيدانغا كەلتۈرگەن كۆز قاراشنى ئېلىشىمىز تەلەپ قىلىدۇ ۋە دۆلەت رەئىسىمۇ تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇنلىششى كېرەك: ئا: دۆلەت رەئىسى ئەگەر كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىدە قانائەت ھاسىل قىلمىسا ئىختىلاپنى ھۆكۈم قىلىش ھەيئىتىگە تاپشۇرسا بولىدۇ. ب: ئەگەر ھۆكۈمەت قىلىش ھەيئىتىنىڭ ھۆكمىدىن يەنە قانائەت ھاسىل قىلمىسا ئىختىلاپ ماۋزۇسى ھەققىدە ئومۇمى پەتۋا

چىقىرىش ئېلىپ بارالايدۇ. ب: ئۇرۇش ھالىتى ياكى يۇرتنىڭ تىنچلىقىغا تەھدىت سالىدىغان خەتەر پەيتلىرىدەك ئالاھىدە ئەھۋاللاردا ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كۆرگەن كۆز قاراشقا ئەگىشىش ئەركىنلىكى بېرىلىشى كېرەك.

بەزى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلىپ، خەلىپە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى نەزەرگە ئالماستىن شەخسى كۆز قارىشى بىلەن مۇستەبىتلىك قىلىدۇ، دېگەن خۇلاسىنىڭ چىقىرىلىشىغا سەۋەب بولغان بەزى ھادىسىلەرنى سۇنىمىز:

## (1) دىنىدىن قايتىش ۋەقەسى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكەندىن كېيىن ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىشلىرى داۋالغۇشقا باشلايدۇ. بەزى كىشىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، پۇل - ماللىرىنىڭ زاكاتىنى بەرمەيدۇ. ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكات بېرىشنى رەت قىلغان ئۇ دىنىدىن قايتقۇچىلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «كىشىلەر تاكى بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دەپ شاھادەت ئېيتقۇچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ شاھادەت ئېيتقان كىشىنىڭ بايلىقى ۋە جېنى پەقەت ئۇ شاھادەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان شارائىت ئاستىدا مېنىڭ تەرىپىمدىن قوغدىلىنىدۇ ۋە ھېسابى ئاللاھقا ئائىت» دېگەن تۇرسا قانداقمۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىسەن؟ دەپ سورايدۇ.

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىمكى ناماز بىلەن زاكاتنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدىكەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن. زاكات بولسا پۇل - مالنىڭ ھەققى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىم رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئادا قىلىۋاتقان بىر زاكات ئوغلىقىنى ماڭا بېرىشتىن باش تارتسا ئۇ كىشى بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن، دەيدۇ ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئۆمەر : ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ ئەبۇبەكرنىڭ قەلبىنى ئۇرۇشقا مايىل قىلغانلىقى ھېس قىلدىم ۋە ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدىم». دەيدۇ. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

بۇ يەردىكى مەسىلە مەلۇم بولغىنىدەك، ئايەت ۋە ھەدىس تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان. ئىزدىنىپ ھۆكۈم چىقىرىش (ئىجتىھاد) دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەردە كېڭەش ئېلىپ بېرىلمايدۇ.

ئەگەر كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇرۇش قىلماسلىق پىكرىدە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ پىكىر نەزەرگە ئېلىنمايدۇ، ئۇ بويىچە ئىش كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى ۋەھيى ھۆكمى بار يەردە ئىنسانلارنىڭ كۆز قارىشى ئېتىۋارغا ئېلىنمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار] (سۈرە تەۋبە 5-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىشىلەر تاكى بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، دەپ شاھاتە ئېيتىپ، ناماز ئوقۇپ، زاكاتنى ئادا قىلغۇچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلارنى ئادا قىلسا ئۇلارنىڭ قېنى ۋە بايلىقى پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان شارائىت ئاستىدا مېنىڭ تەرىپىمدىن قوغدىلىنىدۇ ۋە ھېسابى ئاللاھقا ئائىت» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

### (2) ئىراق زېمىنى ۋەقەسى

ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا شام ۋە ئىراق دىيارىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىشنى مۇۋەپپەق قىلغاندىن كېيىن، ساھابىلار ئىراق زېمىنىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىدۇ. بەزىلەر غەنىمەت ئىگىلىرىگە بۆلۈپ بېرىش كېرەك دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئەسلى ئىگىسىنىڭ قولىدا قالدۇرۇپ باج ئېلىش ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ پاراۋانلىقىغا ئىشلىتىش كېرەك دەيدۇ.

بەزى كىشىلەر گۇمان قىلىدۇكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بىلەن كېڭەشمەستىن شەخسى كۆز قارىشى بىلەن مۇستەبىتلىك قىلغان. بەلكى كۆپ سانلىق ساھابىنىڭ قارشىلىق قىلىشىغا قارىماستىن ئۆزىنىڭ دېگىنىنى ئىجرا قىلغان.

بۇ مۇھىم ماۋزۇدىكى رىۋايەتلەرگە قارايدىغان بولساق. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بۇ تۆھمەتتىن پاكلىغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەبۇ يۇسۇف بۇ مەسىلە ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئۇنىڭ شاخچە قىسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان رىۋايەتلەرنى تىلغا ئالىدۇ. كىتابخانغا ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى، يەنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەخسى كۆز قارشى بىلە مۇستەبىتلىك قىلمىغانلىقى، بەلكى مۇسۇلمانلار بىلەن كېڭەش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزئارا قارشى تەرەپلەرگە ئۈچ كۈن مۇنازىرە مەيدانى ھازىرلاپ بەرگەنلىكىنى ۋە تەرەپلەر ئۆزئارا دەلىل قويۇشۇپ مۇنازىرىلىشىش نەتىجىسىدە مەسىلىنى يوق قىلايلى دېگەندەك ئاللاھ كۆپ سانلىقنىڭ قەلبىنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرىگە، يەنى توغرىغا مايىل قىلىشى بىلەن بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ زىكر قىلىمىز.

ئەبۇ يۇسۇف مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئىراق ۋە شام زېمىنلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە كېڭەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىگە ئاچقان زېمىنلىرى ۋە ھەقلىرىنىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «كېيىن كەلگەن مۇسۇلمانلار، زېمىنىنى مۇسۇلمان بولمىغان خىزمەتكارلىرى بىلەن پۈتۈن تەقسىم ئېلىۋېلىنغان، ئاتىلىرىدىن مىراس قېلىپ ئېلىنغان ۋە ئىگەللىۋېلىنغان ھالىتىدە كۆرسە قانداق بولىدۇ؟ بۇ توغرا پىكىر بولمىدى!» دەيدۇ، ئۇلارغا قارىتا.

ـ توغرا پىكىر قايسى؟ زېمىن ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئىگىلىرى پەقەت ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن غەنىمىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ، دەيدۇ، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

- قىلىچلىرىمىز سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن غەنىمىتىدە ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلار، ئۇرۇشنى كۆرۈپ باقمىغان كەلگۈسى ئەۋلادلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدە تۇرامسەن؟ دەپ قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلار كۆپىيىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى ئەلخەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆۋەندىكى دەلىللەر بىلەن ئۇلارنى رەت قىلىدۇ:

مەن قۇرئان كەرىمدە دەلىل تاپتىم، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن (يەنى بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىمەتلەرنى سىلەر ئات -تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا - مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، لېكىن ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.] (سۈرە ھەشر 6-ئايەت) بۇ ئايەت پەقەت بەنى نەزىر ھەققىدىلا بولماستىن بەلكى پۈتۈن يۇرت ۋە ئىنسانلار ھەققىدە ئومۇمى ھۆكۈمگە ئىگە. ئۇندىن كېيىن دەيدۇكى: [ئاللاھ پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى، ئىچكىلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى

ئۈچۈن، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.] (سۈرە ھەشر 7-ئايەت) ئۇندىن كېيىن باشقىلارنىمۇ ئۇلارنىڭ سېپىغا قوشۇش ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: [(ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال - مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر. ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ( مەنپەئىتى)دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.] سۈرە ھەشر 8-9-ئايەتلەر.

ئەڭ توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ. بىلگىنىمىزگە ئاساسەن بۇ ئايەت پەقەت ئەنسارلار ئۈچۈن، ئۇندىن كېيىن قالغانلارنى ئۇلارنىڭ سېپىغا قوشۇپ مۇنداق دەيدۇ: [ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ] (سۈرە ھەشر 10 - ئايەت) يەنى بۇ ئايەت ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن بارلىق مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ غەنىمەت مۇھاجىرلار، ئەنسارلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئائىت تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ كېيىن كېلىدىغانلارغا ھەققىنى قويمايمىز؟

- كېڭەش ئېلىپ بارايلى دېيىشىدۇ، ئۇلار.

شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھاجىرلارنىڭ بۈيۈكلىرى بىلەن كېڭەش ئېلىپ بارىدۇ ۋە يەنە ئىختىلاپلىشىپ قالىدۇ.

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرى ئۇلارنىڭ ھەققىنى تەقسىم قىلىپ بېرىش ئىدى. ئوسمان، ئەلى، تەلھە ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ كۆز قارشى ئۆمەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

ئۇندىن كېيىن ئەنسارلار بىلەن كېڭىشىش ئۈچۈن ئەۋس ۋە خەزرەجنىڭ بۈيۈكلىرىدىن بەشتىن ئون كىشى چاقىرتىدۇ ۋە ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلاپ مۇنداق دەيدۇ:

- سىلەرنىڭ پەقەت خىزمىتىڭلار يۈزىسىدىن ئۆز ئۈستۈمگە ئالغان ئامانەتكە شېرىك قىلىش ئۈچۈنلا ئاۋارە قىلىۋەتىمەن. مەن ئىچىڭلاردىكى ئادەتتىكى بىر كىشى. سىلەر بۈگۈن ھەقىقەت بىلەن قارار چىقىرىڭلار. بەزىلەر پىكرىمگە قوشۇلدى. بەزىلەر قوشۇلمىدى. مېنىڭ كۆز قارىشىمغا ئەگىشىڭلار دېمەكچى ئەمەسمەن. قولۇڭلاردا ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغان ئاللاھنىڭ كىتابى بار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر ئىشنى سۆزلىگەن بولسام پەقەت ھەقىقەتكە يېتىش مەقسىتىدىلا سۆزلىدىم.

- سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇر ئى ئەمىرۇلمۆمىنىن! ساڭا قۇلاق سالىمىز دېيىشىدۇ ھەممەيلەن.

- مېنى ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىرىگە زۇلۇم قىلدى دەپ گۇمان قىلغانلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭلار. ئاللاھ مېنى زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىسۇن. ئەگەر بىرسىگە زۇلۇم قىلىپ ھەققىنى باشقىلارغا بەرگەن بولسام زىيان تارتقۇچى مەن بولىمەن. لېكىن كىسرا زېمىنىدىن كېيىن باشقا يەر مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا

كەلمەيدىغاندەك تۇردۇ. ئاللاھ بىزگە ئۇلارنىڭ بايلىقى، زېمىنى ۋە مۇسۇلمان بولمىغانلىرىنى غەنىمەت قىلىپ بەردى. بايلىقنىڭ (پۇل ـ مال، نەرسە ـ كېرەك) بەشتىن بىرىنى مەن مەسئۇل بولۇپ ئۆز ئورنىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن قالغانلىرىنى غەنىمەت ئىگىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىش، زېمىن ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ئىشلەمچىلەرنى دۆلەتكە قالدۇرۇپ، ئىشلەمچىلەردىن زېمىندىن پايدىلىنىش بەدىلىگە باج ۋە جىزىيە (ئىسلام دۆلىتىدە خەتەرسىز ياشاش بەدىلى) ئېلىش ۋە كىرىمنىڭ ئەسكەرلەر، يېتىملار ۋە كەلگۈسى ئەۋلات مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئورتاق غەنىمىتى بولۇشىنى مۇۋاپىق كۆرىۋاتىمەن.

بىلىۋاتامسىلەر، بۇ قورغانلارنى قوغداش ئۈچۈن ئەركەكلەر، شام، ئەرەب يېرىم ئارىلى، كۇفە، بەسرە ۋە مىسىردەك بۈيۈك شەھەرلەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قوشۇن ۋە ھاياتقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تەمىنات كېرەك. ئەگەر زېمىن ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ئىشلەمچىلەرنى تەقسىم قىلىۋەتسەك ئۇ چىقىملارنى قەيەردىن قامدايمىز؟

ـ سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلدۇق، دېگەنلىرىڭىز ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق. چېگرا ۋە شەھەرلىرىمىز جان پىدا قىلىدىغان ئوغلانلار تەرىپىدىن قوغدالمىسا ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالسا، كاپىرلار يەنە شەھەرلىرىگە قايتىۋالىدۇ، دەپ ھەممەيلەن بىرلىككە كېلىدۇ.

بۇ رىۋايەتتىن تۆۋەندىكىلەر ئايدىڭلىشىدۇ:

(1) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شام ۋە ئىراق زېمىنىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ساھابىلار بىلەن كېڭەشكەن.

(2) ئۇرۇش قىلغۇچىلاردىن بەزىلەرنىڭ كۆز قارىشى زېمىننىڭ ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىشى ئىدى.

(3) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زېمىننىڭ تەقسىم قىلىنىشى مۇسۇلمانلارنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنى ھەقلىرىدىن مەھرۇم قويۇش ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ باشقىلارنىڭمۇ ھەققى بولۇشىغا قارىماي پەقەت غەنىمەت ئىگىلىرىگىلا مەركەزلىشىپ قىلىشىدەك خاتالىقنى ئوتتۇرىغا قويۇش، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە باشقا چىقىملارنى قامداش مەنبەسىنىڭ يوقىلىدىغانلىقىدەك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىش بىلەن ئۇلارغا قارشى تۇردى.

(4) ئۆمەر زېمىننىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئىشلەمچىلىرىگە پايدىلىنىشقا قالدۇرۇپ باج ئېلىنىشى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(5) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىراق زېمىنىنىڭ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ غەنىمىتى ئىكەنلىكىنى ئىبارەت بۇ ھۆكۈمگە كېلىشىنىڭ دەلىلى سۈرە ھەشرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر.

(6) ئۇرۇش قىلغۇچىلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ساھابىلار بىلەن كېڭەشىشنى تەلەپ قىلدى.

(7) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھاجىرلار بىلەن كېڭەش ئېلىپ باردى ۋە ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرلەر بىلەن كۆپ سانلىق ساھابىلار ئۇنىڭ پىكرىگە بىرلىككە كەلدى.

(8) ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ۋە بىلال ئىبنى رەباھ زېمىننىڭ غەنىمەت ئىگىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىش كۆز قارىشىدا ئىدى.

(9) ئۆمەر ئەنسارلارنىڭ بۈيۈكلىرى ۋە باشقىلار بىلەن كېڭەشتى ۋە بىردەك ئۇنىڭ پىكرى قوبۇل قىلىندى.

(10) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈن ساھابىلار بىلەن كېڭەش ئېلىپ باردى. مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

6- كېڭەش ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلار

كېڭەش مۇئەييەن دائىرىگە ئىگە؛ ھەممە ئىش ياكى ماۋزۇدا كېڭەش ئېلىپ بېرىلىۋەرمەيدۇ. شەرىئەت ئېنىق ھۆكمىنى بايان قىلغان ئىشلار ئۈستىدە كېڭەش ئېلىپ بېرىلمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئەقلى ۋە ۋەھيىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

ئىسلامدا كېڭەش مەيدانى كەڭ بولۇپ، ئىنسانلار بارلىق ئەھۋالى ۋە ئىشلىرىدا قۇرئان كەرىم، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسى ياكى ئىسلام ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمگە قارشلاشمىغان ھالدا كېڭەش ئېلىپ بارالايدۇ.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك كېڭەش ـ ئىزدىنىپ ھۆكۈم ئېلىش بولۇپ، ئايەت ياكى ھەدىس كەسكىن ھۆكۈم چىقارغان ئىشلار ئۈستىدە ئىزدىنىش بولمايدۇ.

ساھابىلار كېڭەش ئېلىپ بېرىلىدىغان دائىرىنى مۇشۇ ئاساستا چۈشەنگەن ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا كۆز قاراشلىرىنى بىلدۈرۈشتىن بۇرۇن ئىشنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان ياكى ئۇنىڭ ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سورايتتى. ئەگەر ئىزدىنىش مەسىلىسى بولۇپ قالسا كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. بولمىسا ئەكسىچە بولاتتى.

مەسىلەن: بەدىر ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەدىر سۈيىگە يېقىن يەرگە چۈشكەن ۋاقىتتا ھەبباب ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەرگە چۈشتۈڭ، بۇ بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىز كېرەك بولغان ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ ياكى كۆز قارش، ئۇرۇش ۋە تاكتىكامۇ؟

ـ بەلكى كۆز قاراش، ئۇرۇش ۋە تاكتىكا.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەر ئورۇنلىششقا مۇناسىپ ئەمەس. بىز ئۇلارنىڭ سۇ مەنبەسىنىڭ تۈۋەن تەرىپىگە چۈشەيلى، ئۇندىن كېيىن ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ سۈيىنى ئۇندىن كېيىن ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ سۈيىنى كېسەيلى. بىز ئۆزىمىزگە كۆل ياساپ سۇ توشقۇزغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشايلى، ئۇلار سۇسىز قالسۇن.

ـ ھەقىقەتەن دانا پىكىر بەردىڭ، دەيدۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەندەك ئۇرۇشىدا غەتفان قەبىلىسىگە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلماي يۇرتلىرىغا قايتىش شەرتى بىلەن مەدىنىنىڭ مېۋىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بەرمەكچى بولغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق. ئۇ سەئىد ئىبنى مۇئاز ۋە سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنى كېڭىشىش ئۈچۈن چاقىرتقاندا، ئۇلار مۇنداق دەپ سورايدۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئىشنى ئۆز پىكرىڭ بويىچە قىلماقچى بولىۋاتامسەن ياكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىمۇ؟ بۇيرۇق بولغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم بويسۇنۇشىمىز كېرەكمۇ ياكى بىزنىڭ پايدىمىز ئۈچۈنمۇ؟

ـ بۇنى سىلەر ئۈچۈن قىلماقچىمى بولۇۋاتىمەن. ئەرەبلەر ھەممىسى بىرلىشىپ سىلەرگە زەربە بەرمەكچى بولدى. سىلەرگە ھەر تەرەپتىن زەھەر تىرنىغىنى ئۇزارتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ شەۋكىتىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشۈرمەكچى بولغان ئىدىم.

ئۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۆز پىكىرلىرىنى بەرگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆز قارشىنى قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ ئىككى ھادىسىدىن شۇ روشەن بولىدۇكى كېڭەش، ھەققىدە ئايەت، ھەدىسلەردە كەسكىن ھۆكۈم بولمىغان، ياكى ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھيى چۈشمىگەن ئىشلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تۆۋەندە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا يۈز بەرگەن «ھۇدەيبىيە كېلىشىمى» گە ئوخشاش، ھەققىدە مۇسۇلمانلار بىلەن كېڭىشىلمىگەن ياكى كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارشى ئېلىنمىغان بەزى ھادىسىلەر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشىم تۈزۈش ياكى تۈزمەسلىك ۋە ئۇنىڭ ماددىلىرى ھەققىدە ھېچكىم بىلەن كېڭەشمەيدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار كېلىشىم تۈزۈشكە قارشى ئىدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ:

كېلىشىم ئىشى مۇقىملىشىپ، پەقەت يېزىشلا قالغان ۋاقىتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى باسالماي ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا كېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، ئۇندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ:

- ى رەسۇلۇللاھ! سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئەمەسمۇ؟

- ئەلۋەتتە.

- ئەجىبا بىز مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟

- ئەلۋەتتە.

- ئەجىبا بىز مۇشرىك ئەمەسمۇ؟

- ئەلۋەتتە.

- ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن دىنىمىزدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا خورلۇق چېكىشكە رازى بولىمىز؟

ــ مەن ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى، ھەرگىز ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلمايمەن. ئۇمۇ مېنى ھەرگىز زىيانغا ئۇچراتمايدۇ.

كىتابخان شۇنى روشەن بىلەلەيدۇكى، «ھۇدەيبىيە كېلىشىمى» ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن تۈزۈلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلار بىلەن كېڭەشمىگەن.

مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاكاتنى ئادا قىلىشتا مۇستەھكەم تۇرغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىزكى، ئۇنىڭ ھەققىدە ئايەت، ھەدىسنىڭ كەسكىن ھۆكمى بولۇپ ئىزدىنىپ ھۆكۈم ئېلىشقا ئورۇن يوق ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار] سۈرە تەۋبە 5-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇبەكرى سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاسانلا قايىل بولىدۇ. زاكاتمۇ نامازغا ئوخشاشلا ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ بىرى.

7- كېڭەشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى شەكلى

كېڭەشنىڭ ئېلىپ بېرىلىش شەكلى ياكى كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىش ئۇسۇلى ھەققىدە مۇئەييەن كۆرسەتمە بېرىدىغان ئېنىق ئايەت ياكى ھەدىس يوق.

ئىسلامنىڭ كېڭەش ئېلىپ بېرىشقا مۇئەييەن بىر شەكىل بەلگىلىمەسلىكى ھەققەتەن ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك دىن بولغانلىقىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. چۈنكى ئۆزگەرمەيدىغان مۇئەييەن شەكىل مەلۇم دەۋرگە ئۇيغۇن كەلسە، مەلۇم دەۋرلەرگە ئۇيغۇن كەلمەي كىشىلەرگە قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى مۈشكۈللىكتىن ئۈزاقلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: [سىلەرگە دىندا

ھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى).] سۈرە ھەج 78 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئىسلام ئۈممىتىگە ئاسانلىق تەقدىم قىلىش ئۈچۈن، بەلگىلىگەن قائىدىلىرىنىڭ تەتبىقلىنىش يوللىرى ۋە ۋاسىتىلىرىنى كەڭ قويۇۋەتتى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ] سۈرە بەقەرە 185 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسلامدا مۇھىم بولغىنى، كېڭەشنىڭ ئېلىپ بېرىلىش يولى ياكى ۋاستىسى بولماستىن ئۇنىڭ جەمئىيەتتە ۋە كىشىلەرنىڭ ئەمەلى ھاياتىدا تەتبىق قىلىنىشى.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېڭەش ئېلىپ بېرىشتا بىر خىللا ئۇسۇل قوللانماستىن، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئېلىپ بارغان. بەدىر ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنىنى تاللاشتا ھەبباب ئىبنى مۇنزىرنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلغاندەك بەزى ۋاقىتتا يالغۇز بىر كىشىنىڭ كۆز قارىشىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ قوبۇل قىلاتتى. شۇنىڭدەك خەندەك ئۇرۇشىدا سەلمان فارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەقىل كۆرستىشى بىلەن مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولىغان ئىدى.

ئەھزاب ئۇرۇشىدا سەئىد ئىبنى مۇئاز ۋە سەئىد ئىبنى ئۇبادە بىلەن/ ئائىلە ئەھلىدىن ئايرىلىش ئىشىدا ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب بىلەن كېڭەشكىنىدەك بەزى ۋاقىتلاردا ئىككى ياكى ئۈچ كىشى بىلەنمۇ كېڭەشەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ كېڭىشىدىغان ۋە مەسلىھەت سورايدىغان كىشىسى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ئىدى.

يەنە بەدىر ئۇرۇشىدا قۇرەيشىنىڭ كارۋىنى قۇتۇلغان ۋە قۇرەيشىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن كېڭىشىپ «ئى مۇسۇلمانلار! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار» دېگىنىگە ئوخشاش بەزى ۋاقىتلاردا ھەمسۆھبەت بولىۋاتقان بارلىق مۇسۇلمانلار بىلەن كېڭەش ئېلىپ باراتتى.

ھۇنەين ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇسۇلمانلا غەنىمەت ئالغان مال - مۈلۈك، ئايال ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىپ تۇرغاندا، ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن مەرھەمەت تەلەپ قىلىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنىدەك بەزى چاغلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋەكىللىرى بىلەن كېڭەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن كېڭىشىش نىشانىغا يېتىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىككە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ قېرىنداشلىرىڭلار تەۋبە قىلىپ كەپتۇ. مەن ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىپ نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرۈۋاتىمەن. ئاراڭلاردا كىم مەرھەمەت قىلىشنى خالىسا ئۇ بويىچە قىلسۇن. كىم ئاللاھنىڭ ئەۋۋەلقى غەنىمىتىدىن ئالغان ھەققىنى ئۆزىدە قالدۇرماقچى بولسا ئۇمۇ ئىختىيارى...» ئۇندىن كېيىن يەنە: «ئەمما ماڭا ۋە ئابدۇلمۇتەللىب ئەۋلادىغا ئائىت بولغان غەنىمەتلەر سىلەرنىڭ» دەيدۇ ھەۋازىن ئەلچىلىرىگە.

- بىزگە تەئەللۇق بولغانلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئائىت، دەيدۇ مۇھاجىرلار.

- بىزگە تەئەللۇق بولغانلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئائىت، دەيدۇ ئەنسارلار.

- ئەمما مەن ۋە بەنۇتەمىم ئۇنداق قىلمايمىز دەيدۇ ئەلئەقرە ئىبنى ھابىس.

- ئەمما مەن ۋە بەنۇتەمىم ئۇنداق قىلمايمىز دەيدۇ ئۇيەينە.

ئابباس ئىبنى مەرداس سەلەمى «مەن ۋە بەنۇ سەلىم ئۇنداق قىلمايمىز» دېگەندە، بەنۇسەلىم «بىزگە تەئەللۇق بولغانلار رەسۇلۇللاھقا ئائىت» دەيدۇ.

ئىمام بۇخارى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دېگەنلىرىڭلارغا ئاراڭلاردا كىملەرنىڭ قوشۇلۇپ، كىملەرنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. سىلەر قايتىڭلار، ئاراڭلاردىكى يولباشچى ۋە ئەقىل ئىگىلىرى قارارىڭلارنى بىزگە يەتكۈزسۇن» ئۇلار كېتىپ پىشقەدەملىرى بىلەن كېڭىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭمۇ مەرھەمەت قىلغانلىق خەۋىرىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ كېڭەش ئېلىپ بېرىشتا مۇئەييەن شەكىل ياكى ئەزا سانىنى ئۆلچەم قىلمىغانلىقى ئايدىڭلىشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كېڭەش شەكلى ۋە مەجلىس ئەزالىرىنى تۇرغۇزۇشتا يېڭىچە ئۇسۇل ۋە ۋاستە قوللىنىشنى ئەقلىمىز ئۇيغۇن كۆرىدۇ. يەنى بۈرۈنقى زامانلاردا قوللىنىلمىغان، تېز ۋە ئاسانلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە چەك ئارقىلىق مەخپىي ئاۋاز بېرىشكە ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن سالاھىيەتلىك، بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقىل ئىگىسى بولغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى كېڭەشكە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

ئىسلام جەمئىيەتتە كېڭەشنى ئىككى خىل يول بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن مەجلىس ئەزالىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش تەكلىۋىنى مۇناسىپ كۆرىمىز.

ئا: مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرىپىدە بىۋاستە سايلانغان ۋەكىللەر.

ب: دۆلەت رەئىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋەكىللەر. بۇلار ئالىم، تەتقىقاتچى ۋە مۇتەخەسسىسەلردىن تەرىب تاپقان بولۇپ، كېڭەش مەجلىسىگە مەجبۇرى ئۇيغۇنلىشىش ياكى دۆلەت ئىشلىرىغا ئارلىشىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولمىغان ئىلمى كېڭەش ئاساسىنى سۇنىدۇ.

چۈنكى كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرى كەسپى ۋە بىلىم ساھەلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان قانۇنى توختام، ئاتوم سانائەت قۇرلۇشى، بىرەر ئىلمى مەسىلە ياكى ئالاھىدە تېخنىكىلىق كۆز قاراش تەلەپ قىلىدىغان پروگراملار ھەققىدە قارا چىقىرىشتەك ئىلمى ۋە ئەمەلى مەسىلىلەرگە ئۇچرايدۇ.

يەن تەتقىقات ئالىملىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى كېڭەش مەجلىسىگە قاتنىشالىغۇچىلىك خەلق ئاۋازىغا ئېرىشىش ئۈچۈن خەلق بىلەن يېتەرلىك ئارلىشىش ۋاقتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق تەرىپىدىن سايلانغان ۋە ئالاھىدە تەيىنلەنگەن ئىككى خىل ۋەكىل تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ئاممىۋى ئاساس ۋە ئىلمى سالاھىيەتنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ، بىرىنى بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتەك زىياندىن ساقلىنالايمىز.

بىۋاستە سايلام ئېلىپ بېرىش تەكلىۋىگە ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە بولۇپ ئۆتكەن سايلام ئۇسۇلىنى دەلىل قىلالايمىز. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەيئەت قىلغۇچىلاردىن 12 يولباشچى سايلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بەيئەت قىلغۇچىلارنىڭ سانىغا ئاساسەن خەزرەجدىن توققۇز كىشى، ئەۋستىن ئۈچ كىشى سايلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا خەزرەجدىن 63 كىشى، ئەۋستىن 12 كىشى بەيئەت قىلغان ئىدى.

8- كېڭەش ئەھلى

ئالالھنىڭ، ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ ئېيتقان تۆۋەندىكى ئايىتى ئۈستىدە توختىلىپ باقايلى:

«ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكەن» ۋە مۆمىنلەرنى سۈپەتلەپ ئېيتىلغان «ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلار» دېگەن بۇ ئايەتتىكى كېڭەشىدىغان كىشىلەر ۋە ئىشلىرىنى كېڭەش بويىچە قىلىدىغان كىشىلەر كىم؟

شۈبھىسىزكى ئۇلار مۆمىنلەردۇر. يەنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن كېڭىشىشى كېرەك. مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىشلىرىنى كېڭەش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشىدۇ.

كېڭەش ئەھلى ـ ئىش مەسئۇللىرى، شۇنداقلا دانا پىكىرلىرى بىلەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلالايدىغان ئەقىل ئىگىلىرىدۇر. يەنى ئىشلار ئۇلار تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [(مۆمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا ) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار ( يەنى مۆمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى.] سۈرە نىسا 83-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلىملىكلەر ـ كېڭەشكە بىلىمسىزلەردىن تېخىمۇ ھەقلىق كىشىلەردۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [«بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟] سۈرە زۇمەر 9-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇنىڭدەك رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىلىرى ۋە ئومۇمىنىڭ ئىشلىرىدا ئەتراپىدىكى ساھابىلىرى بىلەن كېڭەشەتتى. ئۇنداقتا كېڭەش ئەھلى كىم؟ ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى قايسىلار؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن كېڭەش تارىخىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرى قىسمىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھقا ئەۋلات تەربىيىلەش، ئۇممەت (ئىسلام مىللىتى) يېتىشتۈرۈش ۋە دۆلەت بىنا قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاۋال ئائىلە ئەھلى ۋە مەككىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن باشلاپ تەدرىجى سىرتقا يۈزلىنىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈشكە ئاتلانغان.

مەككە ئەھلىدىن ئازلا كىشى بۇ چاقىرىق، بۇ دىنغا ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار ئىمانلىرى سەۋەبىدىن پەقەت مۇستەھكەم ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر، يۈكسەك ھىممەتلىك ئارسلانلار بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئازاب ـ ئوقۇبەت، قىيىن قىستاق ۋە بېسىملارغا ئۇچرىدى ۋە قەتئىي ئىزىدىن قايتماسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ دىنىنى ساقلاش ئۈچۈن يايلىقى، دىيارى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ۋاز كېچىپ ھىجرەت قىلدى. ئۇلار بولسىمۇ مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلاردۇر.

كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ بۇ دىنغا كىرمەسلىكى بىلەن مەككە چۆلدەرەپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىگە كەلگەن ھەج ئۆمەكلىرىدىن بۇ دىنغا كىرىش ۋە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا يۈزلەندى. ئاللاھنىڭ خالىشى ۋە تەقدىر قىلىشى بىلەن مەدىنە ئەھلىدىن بىر توپ كىشى ئىسلام دىنىغا كىرىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ۋەئۇنى قوغداش بەيئەت قىلدى ھەم رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە مەككىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىيارىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇلارغا ياردەم بەردى ۋە جان پىدا قىلدى. ئۇلار بولسىمۇ ئەنسارلاردۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى قوغدىغۇچىلىك كۈچ ـ قۇۋۋەت، مال ـ مۈلۈك، نوپۇز ۋە قانۇنلىرىنى كاپالەت ئاستىغا ئالالىغۇچىلىك قۇدرەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ دىنغا توپ ـ توپ كىرىشكە باشلىدى.

بۇ ۋاقىتتا بەزى قۇماندان ۋە باشلىقلار، ماھارەت ۋە تەجرىبە ئىگىلىرىمۇ ئىسلامغا يۈزلىنىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئالاھىدە تەجرىبە، كەسپى ئىقتىدار ۋە ماھارەتلىرىنى ساھەلەردە جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتىش شەرىپىنى قازانغان مۇھاجىرلار، ئۇلارنى ئەڭ بۇرۇن ئۆز قوينىغا ئېلىش پەخرىگە ئېرىشكەن ئەنسارلار ۋە قوماندان، ئاقساقال ۋە ماھارەت ئىگىلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ، ئۇلار بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق ئوبدان پايدىلانغان ئىدى. يەنى ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى كېڭەش ئەھلى (ئەزالىرى) ئىدى.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، مەدىنىدىكى ئىسلام دۆلىتىنى ئۇلار قۇرغان ئىدى. ئۇلار قۇدەرتكە ئىگە قىلىپ، ئۇلار گۈللەندۈرگەن ئىدى.

ئۇلار ئىلىم ۋە دىندا ئىنتايىن ئامەتلىك بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشاش شەرىپىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇلار ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنەتتى. بۇ دىنىنى ئاساسىدىن شاخچىلىرىغا قەدەر چۈشىنىپ ۋە قوبۇل قىلىپ ھىدايەت تاپقۇچىلارنىڭ ئىمامى (رەھبىرى) ۋە تەقۋالىق قىلغۇچىلارنىڭ مەشھۇرلىرىغا ئايلانغان ئىدى.

ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئىتىگە ئەڭ يېقىن كىشىلەر بولۇپ، دىن يولىدا بارلىق پىداكارلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئەگەر ئۇ دەۋرىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىۋاستە سايلام ئۆتكۈزۈلگەن بولسا ئىدى. ئۈممىتىمىزنىڭ باشقىلارنى تاللىشىغا ھېچ ھاجەت قالمىغان بولاتتى.

ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، سەئىد ئىبنى ئۇبادە، سەئىد ئىبنى مۇئاز، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، رۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا توغرا يولدا ماڭغۇچى خەلىپىلەر مەسئۇل بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېڭەشكە قاتناشقان كېڭەش ئەھلى خەلىپىلەر بىلەن بىرلىكتە مەدىنىنى مەركەز قىلىپ ئۆزئارا كېڭىشىش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر بىر قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا ئۇلار بىلەن كېڭىشەتتى. ھەتتا بەزى چاغلاردا ئۆزىنى ئىش ھەققى توغرىسىدىمۇ ئۇلاردىن يول - يورۇق سورايتتى.

مۇسۇلمانلار ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنى خەلىپە قىلىپ سايلىغاندىن كېيىن، ئۇ بىرەر كەسىپ قىلىپ ئائىلە چىقىمىنى قامدىماقچى بولىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا تولۇق ئايرىلىش ۋە ئائىلە چىقىمى ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىدىن كۈنىگە ئۈچ دىرھەم ئاجرىتىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. ئۇ قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇ بۇ ئىشنى مەسجىتتە مۇسۇلمانلارغا ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسۇلمانلار! ئۆمەر ۋە ئەلى دۆلەت خەزىنىسىدىن ماڭا ھەر كۈنى ئۈچ دىرھەم ئاجرىتىشقا قوشۇلدى، سىلەرمۇ قوشۇلامسىلەر؟ - بۇ نېمە دېگەنلىك، ئەلۋەتتە قوشۇلىمىز، دەيدۇ ئۇلار.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابمۇ ئوخشاش يول تۇتۇپ ساھابىلار بىلەن كېڭەش ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردى. بولۇپمۇ ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ كېڭىشىدىغان كىشىسى ئىدى.

ئۇنىڭ ئىراق زېمىنىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئېلىپ بارغان كېڭەشلىرىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇنداقلا ئۇ، ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپىنىڭ جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىلگەنلەردىن كىمنىڭ بولىدىغانلىقىنى كېڭەش ئەھلىگە قالدۇرغان ئىدى. ئۇ ناھاۋەندىنى ئازات قىلىش ئۇرۇشىدىكىگە ئوخشاش ئۇرۇشلاردا ئىختىساس ئىگىلىرى بىلەن كېڭەش ئېلىپ باراتتىز

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشىدىمۇ باشقىلار بىلەن كېڭىشەتتى. ئايالى ئۇممۇ كۇلسۇمغا ھەدىيە قىلىنغان ئۈنچە ـ مارجان تىزىقى ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ قېلىپ، باشقىلاردىن پەتۋا سورىغان ئىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى ئۇممۇ كۇلسۇم بىلەن ھېرەقلىنىڭ ئايالى ھەدىيە قىلغان بىر تىزىق مارجان توغرىسىدا تارتىشىپ قالدۇ. ئۇ ئايالغا تەئەللۇقمۇ ياكى دۆلەت خەزىنىسىگىمۇ؟ ئۇ بۇ ئىشنى ساھابىلارنىڭ ئالدىدا قويىدۇ. ئۇلار بۇ مارجاننىڭ، ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ شەخسىي پۇلىغا سېتىۋېلىپى ھېرەقلىنىڭ ئايالىغا قىلغان ھەدىيسى تۈپەيلىدىن قىلىنغان ھەدىيە ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇ ھەدىيەنىڭ ئايالىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە پەتۋا بېرىدۇ. ئۆمەر شۇنداقتىمۇ بولدى قىلماستىن ئايالى بىلەن تارتىشىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ئۇ مارجان ساڭا ھۆكۈم قىلىپ بېرىلدى، ئۇنى سەندىن ئالسام زۇلۇم قىلغان بولىمەن. باشقىلارنىڭ «ئۆمەر ئايالىنى دەپ مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلدى، دېگىنىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىنى دەپ ئايالىغا زۇلۇم قىلدى، دېگىنى ياخشى» شۇنىڭ بىلەن ئايالى ئۆز رازىلىقى بىلەن مارجاننى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ»

مۇشۇنىڭدەك مۇسۇلمانلار، خەلىپىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى، ئۇرۇش ئېلان قىلىش، كېلىشىم ياكى سۈلھى تۈزۈشكە ئوخشاش ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە بەختەرلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئومۇمنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان كېڭەش مەجلىسى بولۇش تۈزۈمى بىلەن دۆلەتنى تەرەققى قىلدۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

مەلۇم دەۋرگە كەلگەندە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن زور يوقىتىشلار بولدى. ئىسلامغا مۇخالىب ئىشلار كۆپىيىپ كېڭەش ئېتىۋارسىز قالدى، زەئىپلاشتى ۋە ئاردىن يوق بولدى. ئەقىدە، شەرىئەت ۋە بىر پۈتۈن ھايات تۈزۈمى دەپ تونۇلغان ئىسلام، ئەمەلىي ھاياتتىن يوقىلىپ جاھىلىيەت ھۆكۈم سۈردى ۋە ئىسلام دەسلەپتە باشلانغىنىغا ئوخشاش غېرىپ ھالىتىگە كەلدى.

دۆلەتسىز قالغان غېرىپلار، ئىسلام ئۇممىتىنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئىسلامدىن قانچىلىك يىراق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئويغىتىشقا باشلىدى. ئىسلامى چۈشەنچە كىشىلەر ئارىسىغا تارالدى ۋە ئۇممەت يېڭىدىن ئىنسانلار قەلبىدىكى ئورنىنى تېپىپ، غەلبە خۇش خەۋەرلىرى ئۇرغۇنلىغان يەردە ئۈپۈقتا چاقناشقا باشلىدى. ئىنسانلار كېچە ـ كۈندۈز ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇپ زېمىنىنى ئادالەت ۋە نۇر بىلەن توشقۇزىدىغان ئىسلامى ھۆكۈمنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈتىدىغان بولدى.

ئىسلامدا ھۆكۈم كېڭەش ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىكەن. ئۇنداقتا كېڭەش مەجلىسگە ئەزا بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەر كىملەر؟ ئۇلارنىڭ قانداق سالاھىيەتلىرى بولۇشى كېرەك؟

بۇ ھەقتە بىزگە روشەن ئۇقۇم شۇكى، كېڭەش ئەھلى ـ ھاكىمىيەت ئىگىلىرى، دانا پىكىرلىكلەر، بىلىم ئەھلى، سىياسىي ئەربابلار، ھەربىي قوماندانلار ۋە زىرائەت، تىجارەت، سانائەت، ئىقتىساد ۋە ئۇرۇش قىلىشقا ئوخشاش ھەر كەسىپتىكى ئىختىساس ۋە ماھارەت تېخنىكا ئىگىلىرىدىن ئىبارەت.

ھېچكىم ئۆزىنى ئۆزى ئاقلاش، يالغان داۋا قىلىش ۋە كۆز بويامچىلىق قىلىش بىلەن كىڭەش مەجلىس ئەزاسى بولالمايدۇ.

پەقەت كىڭەش مەجلىسگە ئەزا بولۇش ئۈچۈن ئۈممەتنىڭ سايلىشى بىلەن بىرگە تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك:

## (1) مەجبۇرىيەت ئىگىسى بولۇش

كىڭەش مەجلىسى ئەزالىقىغا سايلىنىدىغان كىشى چوقۇم مۇسۇلمان، بالاغەتكە يەتكەن ئەقىل ئىگىسى بولۇشى كېرەك.

ئا: شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن باشقىسىنىڭ كىڭەش ئەھلى بولۇش سالاھىيىتى يوق. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار] سۈرە نىسا 59-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايەتنى تۆۋەندىكىچە مۇلاھىزە قىلىپ بۇ ھۆكۈمنى ئىسپاتلايمىز:

بىز بۇ ئايەتنى ئىككى جەھەتتىن دەلىل قىلالايمىز:

بىرىنچى: ئايەتتىكى خىتاب، مۆمىنلەر يەنى ئىمان ئېيتقانلارغا ئائىت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتنىڭ ھۆكمى پەقەت ئۇلارغىلا خاس. باشقىلارغا تەئەللۇق ئەمەس.

ئىككىنچى: «ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە» دېمەك «دىنىڭلارنىڭ ئەھلىدىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە» دېمەكتۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ.] سۈرە نىسا 141 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇسۇلمان بولمىغان بىر كىشىنىڭ كىڭەش ئەھلى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە مال - مۈلكى، ئىمكانىيەتلىرى ۋە جېنى ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشى ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرگە قارشى تۇتقان ئەڭ بۈيۈك يولىدۇر.

ئاللاھ بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمران بولۇشىنى رەت قىلىدۇ. دېمەككى ئۇلارنى كىڭەش مەجلىسى ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىش ئايەتنىڭ روھىغا زىتتۇر.

ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئىسلام ئائىلىسىدە ياشايدىغان غەيرى مۇسۇلمان مەجبۇرىيەتچىلەردەك مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنىڭ كىڭەش ئەزاسى بولۇشى چەكلىنىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ دەلىلىمىز شۇكى، پەيغەمبەرلىك ياكى توغرا يولدىكى خەلىپىلىك دەۋرلىرىدە دۆلەتتە غەيرى مۇسۇلمان مەجبۇرىيەتچىلەر بار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاخىرقى دەۋرلەردە سانىنىڭ نەچچە ئون مىليونلارغا يەتكەنلىكىگە قارىماي، بىرەرسىنىڭمۇ كىڭەش مەجىسگە ئەزا، بىرەر ئۆلكىگە قازى، ۋەزىر، نازىر ياكى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەنمىگەنلىكى ياكى خەلىپە سايلاشقا ئاۋازى ئېلىنمىغانلىقىدۇر.

ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارغا قاتنىشىش ھەققى بولغان بولسا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەققىنى قىلچە زايا قىلىۋەتمىگەن، ئۇلارنى ھەققىدىن مەھرۇم قويمىغان بولاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز ئالدىدا تەربىيىلەنگەن ساھابىلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى 30 يىللىق مۇددەت جەريانىدا (توغرا يولدىكى خەلىپىلىك دەۋرى) بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتىن چېكىنمىگەن بولاتتى.

ئۇنىدىن باشقا ئىسلام دۆلىتىدىكى كىڭەش مەجلىسى ئەزاسى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەتبىق قىلىنىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ مەسئۇلىيەتچان بولىدۇ؛ ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا خىلاپ ئىشلارنى

كۆرگەندە ۋىجدانى قوزغىلىدۇ. ئەكسىچە مۇسۇلمان بولمىغان كىشى ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىق قىلىشقا ھېرىسمەن بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا خىلاپ ئىش يۈز بەرسە، ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىسا ۋىجدانى قوزغالمايدۇ. دېمەككى ئادەم ئۆزىدە بولمىغان نەرسىنى باشقىلارغا بېرەلمەيدۇ. قازاندا بار نەرسە چۆمۈچكە چىقىدۇ.

ب: ئۆسمۈر ياخشى يامانىنى پەرق قىلىش - قىلالماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر كېڭەش مەجلىسىگە ئەزا قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ياكى ئۆزىنىڭ يۈنۈلۈشىنى بەلگىلەش ئىقتىدارى بولمىغان تەقدىردە ئۇنىڭ قانداقمۇ ئۈممەتنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەش، مال - مۈلكىنى بىر تەرەپنىڭ ھوقۇقىنى تاپشۇرغىلى بولسۇن؟

ئۇندىن باشقا ئۆسمۈرنىڭ كەلگۈسىنى توغرا مۆلچەرلەش، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىش، پايدا زىياننى ئايرىش قابىلىيىتى بولمايدۇ.

ئۆسمۈرگە شەرىئەت ئەھكاملىرىدىمۇ مەجبۇرىيەت يۈكلەنمىگەن بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى تۈپەيلىدىن مەسئۇلىيەتكە تارتىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دىنى ۋەزىپىسى ئاز بولىدۇ.

پ: ساراڭ كېڭەش مەجلىسىگە ئەزا قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئەقىل مەجبۇرىيەتكە بۇيرۇلۇشنىڭ شەرتى. ئاللاھ بەندىسىنى مەرھەمەت قىلغان نەرسىدىن مەھرۇم قويسا، بۇيرىغان مەجبۇرىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى ئىشلارنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى ئەقىلدۇر. ئاساسى بولمىغان بىنا تىك تۇرمايدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك نۇقتا شۇكى تەلەپ قىلىنغىنى مەجبۇرىيەتكە بۇيرۇلۇشنىڭ شەرتى بولغان ئەقىللا بولماستىن، بەلكى ئەقلى كامالەتكە يەتكەن، پايدا - زىياننى ئايرىيالايدىغان، پاراسەتلىك، خاتا ۋە غەپلەتتىن ئۇزاق بولۇشتۇر، مۇشكۈللەرنى ھەل قىلالايدىغان ھوشيارلىقتۇر.

(2) ھۆرلۈك

باشقىلارغا خىزمەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بولغان قۇل - خىزمەتكار ۋە مالايلار كېڭەش مەجلىسى ئەزاسى بولالمايدۇ.

قۇل خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى مەسئۇل بولالمىغان يەردە باشقىلارغا مەسئۇل بولۇشى توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك مۇددەتلىك قۇلمۇ قۇللۇق مۇددىتى توشمىغۇچە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. توختاملىق خىزمەتكار بولسا ئەڭ ئاۋال خوجايىنى ئالدىدىكى قەرزىنى ئادا قىلىشى كېرەك. ئۇ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي تۇرۇپ ئۈممەتكە مۇناسىۋەتلىك بىرەر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

(ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆز ئۆزىگە ئىگە بولالمايدىغان قۇل قالمىدى. ئەمما كېڭەش مەجلىسى ئەزاسى بولغىچىلىك ئىقتىدارغا ئىگە بىر كىشىنىڭ توختاملىق ياكى توختامسىز خىزمەتكار بولۇشى ئېھتىمالدىن بەكمۇ يىراق. - تەرجىماندىن)

(3) ئەر كىشى بولۇش

ئاياللار كېڭەش مەجلىسى ئەزاسى بولالمايدۇ. چۈنكى ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارى ئاياللارنىڭكىدىن يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ھىمايە قىلىش مەجبۇرىيىتى ئەرلەرگە يۈكلەنگەن. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر] (سۈرە نىسا 34-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنى ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، ئۇلارغا باشلىق قىلىنمايدۇ.

بۇ ئايەت ئائىلە مەسئۇلىيىتىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئومۇمى ھۆكۈمگەئىگە ئەمەس دەيدىغانلار چىقىشى مۇمكىن. ئەمما ئايەتنىڭ ئىسپات كۈچى يەنىلا مەۋجۇت. ئەگەر ئائىللار بارماق بىلەن سانىغۇچىلەكلا كىشىدىن تۈزۈلگەن ئائىلىنى ئىدارە قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن تۇرۇقلۇق باشقىلارنى ئىدارە قىلىشتىن تېخىمۇ ئاجىز كېلىشى تەبىئى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىشىغا ئايال كىشىنى مەسئۇل قىلغان مىللەت مۇۋەپپىقىيەت قازىنالمايدۇ».

ھەدىس بىزگە كېڭەش مەجلىسگە ئەزا بولۇشتەك ئومۇمنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدىن بىرىنى ئايال كىشىگە تاپشۇرغان مىللەتنىڭ نىجاتلىق تاپالمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. مۇسۇلمان نىجاتلىق، ئىقتىدار ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان بارلىق ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇلغان؛ مەغلۇبىيەت ۋە چېكىنىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىن چەكلەنگەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ ئايالالرنى كېڭەش مەجلىسى ئەزاسى قىلمىغانلىقىدىن بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋاالايمىز.

(4) ئىلىملىك بولۇش

كېڭەش مەجلىسگە ئەزا بولىدىغان كىشىنىڭ بىرەر مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىش جەريانىدا قۇرئان، سۈننەت ياكى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن مۇقەررەرلەشكەن بىرەر ھۆكۈمگە خىلاپلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن، ئىسلام شەرىئىتى ۋە ئەھكاملىرى ھەققىدە يېتەرلىك ئىلىم - مەرىپىتى بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىمالرلا قورقىدۇ] سۈرە فاتىر 28 ـئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېڭەش ئەزاسى بولىدىغان كىشىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپىتى بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىپ ھۆكۈم ئاالالىغۇچىلىك دەرىجىدە بولۇشى شەرت ئەمەس. بىراق مەشھۇرلار ئىلمى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتى بولۇشى كېرەك.

(5) ئومۇمى جەھەتتىكى دۇرۇسلۇق

بۇ يەردىكى دۇرۇسلۇقتىن كېڭەش ئەزاسى بولىدىغان كىشىنىڭ بارلىق پەرز ۋە ۋاجىبالرنى لايىقىدا ئادا قىلغان، چوڭ گۇناھالردىن قول ئۈزگەن، كىچىك گۇناھالرنى قىلىشنىمۇ ئۆزىگە ئادە قىلىۋالمىغان بولۇشى، خوشالالنغان ۋە غەزەپلەنگە چاغلىرىدىمۇ ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ھېسسىياتىغا قۇل بولماستىن، ئۆزىنىڭ دۇرۇستلىقى ۋە ئامانەتدارلىقىنى ساقلىياليدىغان، شۈبھىلىك ئىشالردىن يىراق بولۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

(6) مۇسۇلمانالر بىلەن ۋەتەنداش بولۇش

ئىسلام دۆلىتىدىكى كېڭەش ئەزالىقىغا تەيىنلىنىدىغان كىشى چوقۇم مۇسۇلمان ۋە ئىسلام دىيارىدا ياشاۋاتقان بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە ئىسلام دىيارىدا ياشىمىغان كىشى كېڭەش مەجلىسى ئەزاسى بوالالمايدۇ.

ئۇستاز ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى تۆۋەندىكى ئايەتنى دەلىل قىلىپ بۇ شەرتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. [ئىمان ئېيتقانالر، (ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانالر (يەنى مۇھاجىرالر)، (يۇرتىدا مۇھاجىرالرغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارالر) ـ ئەنە شۇالر ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى

بىر- بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر- بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئۆتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆز ئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ] سۈرە ئەنفال 72-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايەت ۋەتەنداشلىقنىڭ ئىمان ۋە ئىسلام دىيارىدا ياشاش ياكى ئۇنىڭغا كۆچۈشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسنى بايان قىلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر كىشى كاپىرلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدىن ئايرىلمىسا، يەنى ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىپ يەرلەشمىسە گەرچە ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ ئىسلام دىيارى ئەھلى ھېسابلانمايدۇ.

ئەمما ئىسلام دىيارىدىت ياشاۋاتقان مۆمىنلەر مەيلى ئۇ يەردە تۇغۇلغان بولسۇن ياكى كاپىرلارنىڭ يۇرتىدىن كۆچۈپ كەلگەن بولسۇن ئىسلام دىيارى ئەھلىدىن سانىلىدۇ. ھوقۇق ۋە ئىگىدارچىلىقتا ئۇلار بىلەن باراۋەر بولىدۇ.

ئىسلام ئۇلارغا پۈتۈن نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسىنى يۈكلەيدۇ. ئۇلار ئارىلىرىدا بارلىق قانۇنلىرىنى تەتبىقلايدىغان، بارلىق دىنى، ئەخلاقى، مەدەنى ۋە سىياسىي ئەھكاملىرىنى بىجا كەلتۈرگۈزىدىغان، ھەممە ۋاجىب ۋە پەرزلەرنى ئادا قىلىشنى پەرز قىلىپ ئۈستىگە ھەرخىل پىداكارلىق ۋە دۆلەتنى مۇداپىئە قىلىش مەجبۇرىيىتىنى يۈلەيدىغان بىر نىزامنىڭ ھەققانىيىتىگە باش ئىگىدۇ.

شۇنداقلا دۆلەت رەئىس سايلاش، رەئىس قۇرۇلما، كېڭەش مەجلىسى (پارلامېنت) گە قاتنىشىش ۋە ئاساسى قانۇن رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت سىياسىيتىنى يۈرگۈزىدىغان مەركىزى ئورگانلاردا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ھوقۇقلىرىغا پەقەت ئۇلار ئېرىشىدۇ.

بۇ نۇقتىنى كۆچلەندۈرىدىغان يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئىسلام دىيارىدىن ئايرىلىپ كاپىرلارنىڭ دۆلىتىدە ياشىغان كىشىنىڭ ئەركىنلىكى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ھېچ بولمىغاندا كىشىلەر ئىسلام ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، ئىسلام جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە يېقىنىدىن كۆڭۈل بۆلۈش، ماسلىشىش ۋە ھەل قىلىش يوللىرىنى تېپىپ چىقىشتىكى رولىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

(7) نامزات ئۆزىنى ئۆزى ئاقلىماسلىقى كېرەك

بىر كىشىنىڭ كېڭەش مەجلىسىگە ئەزا بولۇشى ئۈچۈن مەلۇم داۋالار بىلەن ئۆزىنى ئاقلىشى ياكى ماختىشى ئۇنى بۇ مەنسەپكە ئېرىشىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۆز ئۆزىنى ئاقلاشنى مەنئى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:[ سىلەر ئۆزەڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار] (سۈرە نەجم 32-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئىنسان باشلىقنى تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭغا يېپىشسا ئۇنىڭدىن قۇرۇق قالىدۇ. ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ۋە قەبىلەمدىن ئىككى كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىردۇق. ئۇلارنىڭ بىرى «بىزنى باشلىق قىلىپ قويغىن ئى رەسۇلۇللاھ» دېدى. يەنە بىرىمۇ شۇنداق دېدى.

- بىز باشلىقلىقنى تەلەپ قىلغان ياكى ھېرىسمەن بولغان كىشىگە تاپشۇرمايمىز، دېدى رەسۇلۇللاھ» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئىسلام ئومۇمەن باشلىقلىق تەلەپ قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئابدىراھمان ئىبنى سەمەرەگە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئابدۇراھمان! باشلىقلىقنى تەلەپ قىلمىغىن، ئەگەر ساڭا باشلىقلىق، تەلەپ قىلىنىش يۈزىسىدىن بېرىلسە ئىش ساڭا قالغان بولىدۇ؛ ئەگەر تەلەپ قىلىنماستىن بېرىلسە ئۇنىڭغا كۆچ چىقارغان بولىسەن».

بەزىلەر مۇنداق دېيىشى مۇمكىن. ئەگەر ئىسلام ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆزلىرىنى ئۆزى كېڭەش مەجلىسى ئەزالىقىغا نامزات كۆرسىتىشتىن چەكلەپ، ئۆزلىرىنى مەلۇم ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئاقلاشتىن

مەنئى قىلسا، قانداقمۇ يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە سالاھىيەت ئىگىلىرى خەلققە ئاشكارىلىنىدۇ؟ ئۇلار قانداقمۇ كېڭەش مەجلىسىدىكى ئورنىنى تاپالايدۇ؟

بۈنىڭغا قارىتا دەيمىزكى، ئىسلام جەمئىيىتى ھەرىكەتچان، ئىزدىنىدىغان ھاياتى كۈچكە ئىگە، ئالغا ئىلگىرلىيەلەيدىغان جەمئىيەتتۇر. ئۇنىڭدىكى ئىزدىنىش، جىھاد قىلىش ھەرىكىتى مەڭگۈ توختىمايدۇ.

بۇ خىل مۇھىت ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدى ۋە مال ـ مۈلۈك، بايلىقىنى قۇربان قىلىش ۋە پىداكارلىق بىلەن تولىدۇ. ھەر كىشى بۇ بىپايان مەيداندا قان ـ تەر تۆكۈشتە بەيگىگە چۈشىدۇ. تەبىئى ئېلىپ بېرىلغان بۇ بەيگىدە ئىقتىدار ئىگىلىرى چوقان ـ سۈرەنسىزلا ئۆزلىكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەر بىر يۇرت ئەھلى شۇ يەردە ياشاۋاتقان تەقۋادارلار، مۇجاھىدلار، ئالىملار ۋە ئاقىللارنى ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىلەن بىرگە ياشايدۇ ۋە ئارىلىشىدۇ. بۇ يول بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تونۇلغان، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى ۋە باشقا ساھابىلار باشقىلار تەرىپىدىن بايقالغان.

بۇ ئۇسۇل سايلىغۇچى ۋە سايلانغۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ ساغلام ۋە كۆز بويامچىلىق، مۇناپىقلىق ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى ئاقلاشتىن تېخىمۇ يىراق.

ئەمما بۈگۈنكى كۈندىكى ـ جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىكى ـ چاقىرىقلار، كۆز كۆز قىلىشلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. يەنە ھەربىر سايلاناماقچى بولغان كىشى كۆپ ھاللاردا ئۆزىدە بولمىغان مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆز كۆز قىلىپ، رەقىبىگە كەمسىتىش ۋە ئازار بېرىش بىلەن بۆھتان چاپلايدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن كۆپ مىقداردا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدۇ ۋە بۇ پۇل ماللار ھەممىشە سايلاملاردا خەلقنىڭ ئىرادىسىنى بۇراش رولىنى ئوينايدۇ. مانا بۇ ئىسلامدا چەكلەنگەن. ئۇ خىلدىكى ئويۇنكەشلەر بۇ ھوقۇقتىن مەھرۇم قالدۇرۇلۇشى كېرەك.

ئاخىردا شۇنى ئىزاھلايمىزكى، ئالىملار ۋە فىقھشۇناسلار ئوتتۇرىغا قويغان ھاكىمىيەت ئىگىلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك بۇ شەرتلەر ئاللاھنىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى، دىنىنىڭ ئومۇمى قائىدىلىرى ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى مەنپەئىتى تەرىپىدىن بىردەك ماقۇللانغان ۋە بېكىتىلگەن. بۇ شەرتلەر يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بويىچە تۇراقلىق ئەمەس. ئېھتىياج، زۆرۈرەت ياكى ئۇممەتنىڭ مەنپەئىتى كېڭەش ئەھلىنىڭ مۇئەييەن ئىلمى سالاھىيەت ھاسىل قىلىشى ياكى مەلۇم ياشقا توشۇشىغا ئوخشاش باشقا يېڭى شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن. بۇ شەرتلەر ئۇممەتنىڭ مەنپەئىتى ئىشقا ئاشۇرىدىغان، كەسكىن ئايەت، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ياكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈملەر بىلەن قارىشىلاشمىغان شارائىت ئاستىدا قوبۇل قىلىنىشى كېرەك.

9ـ كېڭەش ئەھلىنىڭ خىزمەت دائىرىسى

تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ رەئىس رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە توغرا يولدىكى خەلىپىلەرنىڭ ھۆكۈم ۋە كېڭەش ھەققىدىكى تەلىماتلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى خەلىپەن باشلىق ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ تارىخ بويىچە بۇ ھەقتە تۇتقان يوللىرىغا ئاساسەن كېڭەش ئەھلىنىڭ ئاساسلىق خىزمەت دائىرىسىنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلاشقا بولىدۇ؛

(1) دۆلەت رەئىسىنى سايلاش ۋە نامزات كۆرسىتىش.

ئىسلام دۆلىتىدە كېڭەش ئەھلى بىرلەمچى بولۇپ دۆلەت رەئىسىنى سايلاپ، ئۇنىڭغا ئايرىم بەيئەت قىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن پۈتۈن ئۇممەتكە بۇ ئىشنى ئېلان قىلىپ ئومۇمى بەيئەت قىلىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىسلام تارىخىدا كېڭەش ئەھلى بىر كىشىگە بەيئەت قىلىپ، ئۇممەت تەرىپىدىن رەت

قىلىنغان ھادىسە بولۇپ باقمىدى. سەقىپىدە ساھابىلار ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تاللاپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار مەسجىتتە ئومۇمى بەيئەت قىلىش ئېلىپ بارغان. ئەبۇبەكر كېڭەش ئەھلى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن ئۆمەر ئىبنى ئەلخەتتابى نامزات قىلدۇ. ئوخشاشلا جەننەت بىلەن خوش بىشارەت بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ قالغانلىرى ۋە باشقىلار ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىگە رازى بولدۇ. ئۇلار ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ئايرىم - ئايرىم بەيئەت قىلدۇ.

توغرا يولدىكى خەلىپىلەر، بەزى ئۆمەۋى ۋە ئابباسى خەلىپىلىرى دەۋرىدە بەيئەت مۇشۇ ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلاتتى.

دېمەككى ئۇممەت ئالىملىرى ۋە يولباشچىلىرى نەزىرىدىكى ئاساسى پىرىنسىپ - دۆلەت رەئىسىنىڭ پەقەت كېڭەش ئەھلى تەرىپىدىن سايلىنىشى.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بەيئەت قىلماقچى بولۇپ كېلىشىدۇ.

- قولۇڭنى بەر، ساڭا بەيئەت قىلىمىز. بىزگە چوقۇم باشلىق بولۇشى كېرەك، سەن ئۇنىڭغا ئەڭ ھەقلىق كىشى.

ـ سىلەرنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققىڭلار يوق، ئۇ پەقەت كېڭەش ئەھلى ۋە بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقلارنىڭ ھەققى. ئۇلار كىمنى سايلىسا خەلىپە ئۇ بولىدۇ. ھەممىمىز يىغىلىپ بۇ ئىش ئۈستىدە كېڭىشىمىز.

(2) دۆلەت رەئىسىنىڭ يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ۋە ئۇرۇش ئېلان قىلىش، كېلىشىم تۈزۈش، ئىزدىنىش خاراكتېردىكى قانۇنلارنى چىقىرىش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشىغا ياردەملىشىش.

(3) دۆلەت رەئىسى ۋە قالغان باشلىق، ۋەزىرلەردەك دۆلەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن ھېساب ئېلىش. چۈنكى ئىسلام مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى پەرز قىلدۇ. ئەگەر بىرەر ياخشىلىق تاشلىنىپ قالسا ياكى يامانلىق ئوتتۇرىغا چىقسا، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋاجىب بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن] سۈرە ئال ئىمران 104 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسلام ئۇممىتى بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن بارلىق ئۇممەتلەر ئارىسىدا ياخشىلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.] سۈرە ئال ئىمران 110 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ئايەتتىن شۇنى مۇلاھىز قىلىشقا بولىدۇكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ئۇنىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ تەلىۋى ۋە مىۋىسى بولۇشىغا قارىماي ئىماننىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈلگەن. چۈنكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بۇ ۋەزىپە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىدى.

دۆلەت رەئىسى شەرىئەتكە مۇخالىب ئىش، ئىجتىمائى زۇلۇم ۋە قول ئاستىدىكى بىرەرسىگە ھەقسىزلىق قىلىپ قىلىشى مۇمكىن. بۇ خاتالىقلار ئۇنىڭغا ياكى باشقىسىغا ئائىل بولسۇن چوقۇم ئىنكار قىلىنىشى كېرەك، قارى تۈرۈلۈشى كېرەك. كېڭەش ئەھلى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن چەكلەيدىغان كىشىلەردۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دىن - نەسىھەتتۇر».

- كىم ئۇچۇن؟ ئى رەسۇلۇللاھ، دېدۇق.
- ئالالاھ، ئۇنىڭ كىتابى، رەسۇلى، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئامىسى ئۇچۇن.
مۇسۇلمانلار سىياسىي ھاياتنى، ئىچىدىكى خالىغان بىر كىشى قانۇنغا خىلاپ دەپ قارىغان نەرسىسىنى ئىنكار قىلىش، چەكلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىدى. بۇ ھۆكۈمراندىن پۇقراغىچە ھەر كىشىگە ئايدىڭ بىر مەسىلە ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. «كىمكى مەندە خاتالىق كۆرسە تۈزەپ قويسۇن».
- ئەگەر سەندە خاتالىق كۆرسەك قىلىچلىمىز بىلەن تۈزىتىمىز، دەيدۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى.
- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىدىن ئۆمەرنى تۈزەيدىغان كىشىلەرنى قىلغان ئالالاھقا ھەمدۇ - سانا بولسۇن دەيدۇ ئۆمەر.
بىر قېتىم بىرەيلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆمەرگە مۇنداق دەيدۇ: ئالالاھتىن قورققىن ئۆمەر، بەزىلەر سېنىڭ بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىشىڭدىن زېرىكتى.
- سۆزلىگىلى قويۇڭلار. ئەگەر ھېس قىلغانلىرىڭلارنى ئېيتمىساڭلار سىلەردە ياخشىلىق بولمايدۇ. ئەگەر بىز ئاڭلىمىساق بىزدە ياخشىلىق بولمايدۇ، دەيدۇ ئۆمەر ئەتراپىدىكىلەرگە.
بىر قېتىم ئىبنى پۇرات خەلقنىڭ دەردىنى ئاڭلىغىلى ئولتۇرىدۇ. بىر كىشى قەرزى بارلىقىغا ئىسپات ۋە ۋەزىرنىڭ، قەرزى سەدىقات مالدىن تۆلەپ بېرىلسۇن دەپ ئىمزا قىلىنغان بۇيرۇقنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئىبنى پۇرات مۇنداق دەيدۇ: بىلەمسەن، سەدىقات مالى مۇئەييەن كىشىلە ئۈچۈن، ئۇلاردىن باشقىلارغا بېرىلمەيدۇ. ئەلمۇھتەدى بىللانىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بۇيرۇق چىقارغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. قول ئاستىدىكىلەر قارشىلىق بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئى ئەمىرۇلمۆمىنىن؟ سېنىڭ ئۇنداق قىلىش ھوقۇقىڭ يوق. ئەگەر بىزنى بۇيرۇقىڭغا مەجبۇرلىماقچى بولساڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ قازانلىرى ۋە فىقھشۇناسلىرىغا داۋا قىلىمىز. ئاخىرىدا ئۇلار ھەقلىق بولغان ئىدى.
دۆلەت رەئىسى ياكى مەجلىسى قارار قىلغان خالىغان خىزمەتچىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىش: دۆلەت رەئىسىنى كېڭەش مەجلىسى سايلىغان ۋە ئۇممەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە رەئىس بىلەن تۈرغۈزۈلغان توختام ئاساسىدا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىغان بولىدۇ. بۇ توختامغا ئاساسەن دۆلەت رەئىسىگە مەجبۇرىيەتلەر يۈكلىنىدۇ ۋە ھوقۇقلار بېرىلىدۇ. ئەگەر دۆلەت رەئىسى مەجبۇرىيەتلىرىنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلمىسا كېڭەش ئەھلى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدۇ. قوبۇل قىلىپ تۈزەلسە تېخى ياخشى. قوبۇل قىلماي جاھىللىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن چېكىنسە كېڭەش ئەھلى ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئالىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا ئېلان قىلىدۇ.
ئۇستاز مەۋدۇدى «ئىسلامدىكى تۇرمۇش تۈزۈمى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئۇممەتنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچىلىك، ئىشەنچلىك بولىدىغان دەپ قارالغان مۇددەت ئىچىدە باشلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇممەت ئۇ كىشىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان ھامان ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشى كېرەك».

## ئىككىنچى بۆلۈم ئىسلام دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

1– دۆلەت يەر يۈزىنىڭ مەلۇم بۆلىكىدە ھايات كەچۈرىۋاتقان ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى ھەيئەتنى تەرىپىدىن تەشكىللەش، ئىنتىزام تۇرغۇزۇش، ئىچكى - تاشقى ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، ئۇرۇش ۋە

تىنچلىق ھالەتلىرىدە مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى بەلگىلەش ۋەزىپىلىرى ئىجرا قىلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى ئىنسانلار ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت.

بۇ ئۇقۇمدىن دۆلەتنىڭ ئۈچ ئاساتىن تۈزۈلىدىغانلىقى ئايدىلىشىدۇ.

(1) خەلق: ئۇ بولسىمۇ دائىملىق ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدىغان چوڭ تىپتىكى ئىنسانلار توپلىمىدىن ئىبارەت. خەلقسىز دۆلەت بولمايدۇ. دېمەككى خەلق دۆلەت ئاساسلىرىنى بىرلەمچىسى، ئەڭ مۇھىمى ھېسابلىنىدۇ.

(2) زېمىن: ئۇ بولسىمۇ ئۇيۇشقان بىر توپ ئىنسانلار ياشايدىغان تۇپراقتۇر. ئۇ بىر توپ ئىنسانلار قانچىلىك تەشكىللىنىشى، ئۇيۇششى ۋە يا ئىشلىرى يولباشچىلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشى قەتئى نەزەر، مۇئەييەن زېمىنغا ئىگە بولماي تۇرۇپ بىر دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلەيدۇ.

(3) ھاكىمىيەت: ئىنسانلار ئۇيۇشمىسى مۇئەييەن زېمىنغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، قانۇن، تۈزۈم تۈزۈش، بۇيرۇق، چەكلىمە چىقىرىش ئارقىلىق ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان ھاكىمىيەتسىزمۇ مۇستەقىل سياسىي مەۋجۇدىيەتكە ئىگە دۆلەت بارلىققا كەلمەيدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا خەلق، زېمىن ۋە ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئاساس تولۇقلانماي تۇرۇپ قانۇنى ۋە ئەقلى مەنتىقىگە ئۇيغۇن بىر دۆلەت ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ.

«ئىسلام دۆلىتى قانداق بارلىققا كەلگەن، ئاساسلىرى قانداق ھازىرلانغان؟» دېگەن بۇ سوئالنى ئەمدى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## ئىسلام دۆلىتىڭ بارلىققا كېلىشى

قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەۋلاد تەربىيلەش، ئۇممەت بەرپا قىلىش ۋە دۆلەت قۇرۇشى ئۈچۈن نازىل بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقانداق كۈچ ـ قۇدەرتكە ئىگە بولغان بولمىغان مەككىدىكى چىغىدىلا بۇ ۋەزىپىسىنى ئېنىق بىلەتتى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرشى بىلەن ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىرىش خىزمىتىنى ئۈچ يىل مەخپى ئېلىپ باردى ۋە ئاز ساندىكى كىشلەر مۇسۇلمان بولدى.

ئۇندىن كېيىن ئاللاھ دەۋىتىنى ئاشكارىلاش ۋە يېقىن ئەھلى ـ جەمەتىنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: [ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرەلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن.] (سۈرە ھىجر 94-ئايەت) [يېقىن خىش – ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن] سۈرە ـئايەتنىڭ بىر قىسمى.] (سۈرە شۇئەراُ 214-ئايەت) رەسۇلۇللاھ ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتىدۇ ۋە ئەھلى ـ جەمەتىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە مەسخىرە قىلىنىدۇ، يالغانچىغا چىقىرىلىدۇ، يولى توسىلىدۇ ۋە تەھدىتكە دۇچار بولىدۇ. مۇشرىكلار باشقىلارنى ئىسلامغا كىرىشتىن توسۇش ئۈچۈن يالغان ـ ياۋداق سۆز چۆچەك تارقىتىدۇ، تۆھمەت چاپلايدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن كۈچ بىلەن قارشى تۇرىدۇ. ئەزىيەت بېرىدۇ ۋە ئازابلايدۇ. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىزىدىن قىلچىمۇ تەۋرەنمەيدۇز

مانا بۇ ئۇلارنىڭ تۇتقان مەيدانى ئىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ دەۋەتنىڭ تەبىئىتىنى بىلەتتى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنەتتى ۋە قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ خەتىرىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. يەنى رەسۇلۇللاھ قۇرەيش ياكى ئەرەبلەرنىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن زېمىن ئەھلىنى بۇ دىن ئەتراپىغا توپلىماقچى ئىدى.

رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى چېغىدىلا ئىسلامنى ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئورتاق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئايەت نازىل بولغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ھېچقانچە كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولمىغان ۋاقتىدىلا بۇ ئەمر - پەرمانلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىدىكى زېمىنلارغا تارالغان ئىدى.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن] سۈرە ئەئراف 158 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭ ئۆز يولىدا قان - تەر تۆكۈش، جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە مەككىدە ئازلا كىشى ئىسلام دىنىغا كىردى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئىسلام دىنىغا كىرگەندە جاھىلىيەتكە ئائىت بارلىق ئەقىدە، ئۆرپ - ئادەت ۋە يېقىنلىرىدىن پاك - پاكىزە سويۇلۇپ چىقىپ، پۈتۈنلەي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىغا كىرەتتى.

بۇ كىشىلەردىن ئىسلام جەمئىيەت ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ يادروسى تەشكىللەنگەن. يەر يۈزىدىكى بارلىق رىشتىلەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئىمان رىشتىسى ئۇلارنى بار جان بىر تەنگە ئايلاندۇرغان ئىدى. سانىنىڭ ئازلىغى ئۇلارنى قورقۇتالمايتتى.

مانا بۇ تۇنجى قېتىملىق ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەلقى ۋە رىياسەتچىلىك تۈزۈلمىسى. ئىشلىرىنى مۇستەقىل ئىدار قىلىش ۋە ھاكىمىيىتىنى تولۇقلاش ئۈچۈن پەقەت جايلىشىدىغان زېمىنىلا كەمچىل.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ۋەتەن، ئىسلام دەۋىتىگە بۆشۈك بولىدىغان زېمىنغا ئېرىشىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ئىشلارنى قىلىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىسىگە ئېرىشتى. لېكىن ئۇ، پەقەت يۇرتلار ۋە ئىنسانلار ئەھۋالى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئەمەلگە ئاشتى.

## مەككە ئىسلام دۆلىتىگە زېمىن بولۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيتتى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىمان ئېيتقانلار، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بۇيرۇق ئىجرا قىلغۇچىلار ۋە مەسئۇللار بىلەن بىرگە ئۇچرىغان جاپا - مۇشەققەت، جەۋر - زۇلۇم نەتىجىسىدە، مەككىنىڭ ئىسلام دۆلىتىگە تۇنجى زېمىن بولالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

## رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستاننىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەيدۇ

ۋەھيىنىڭ بەشىنچى يىلى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستانغا ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باقماق ئۈچۈن بىر مۇسۇلمانلار ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ. پەرزىمچە (توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ) بۇ ئۆمەكنىڭ نىشانلىرىدىن بىرى - ئۇ يەرنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە ۋەتەن بولۇپ - بولالمايدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئىدى.

مېنىڭچە (توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھ) مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشىدا ئازاپتىن قېچىش، ئىسلام مەسلىسىنى ۋە قۇرەيشنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان مەيدانىنى چۈشەندۈرۈشتەك بىر قانچە مەقسەت بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار مەسلىسىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ئومۇمنىڭ كۆز قارىشىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تۇتقان بۇ يولى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوخشاشلا سىياسىي جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ داۋالىرىنى ئاڭلىتىش ۋە ئومۇمنىڭ قوللىشىنى قولغان كەلتۈرۈش شەكلى بىلەن دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوللىنىلماقتا.

ئۇندىن باشقا ئۇ يەر ئىسلام دەۋلىتىگە ۋەتەن بولالايدىغان تەقدىردە ئۇ يەرنىڭ تەبىئى شارائىتى ۋە باشقا جەھەتلەردە ئەمەلى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان ئىدى.

بۇ نۇقتىغا كېلىشكە سەۋەبچى بولىدىغان ئاساس شۇكى ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلغانلار قۇل ياكى يوقسۇللاردەك بىچارىلەر بولماستىن، ئۆز قەبىلىسى ئىچىدىكى مەرتىۋىلىك، تەسىر كۈچكە ئىگە، ئەقىل ۋە تەجرىبە ساھىبى كىشىلەر ئىدى. يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوسمان ئىبنى ئاففان ۋە ئايالى روقەييە، ئەبۇ ھۇزەيفە ئىبنى ئۇتبە ۋە ئايالى، زۇبەير ئىبى ئەۋۋام، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپ، ئەبۇ سەلەمە ۋە ئايالى ئۇممەسەلەمە ۋە ئوسمان ئىبنى مەزئۇنلار بار ئىدى. ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىدى. جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلار ئۇنى مۇسۇلمانلار نامىدىن نەجاشى بىلەن سۆزلىشىشكە تاللىدى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەبەشىستان ئىسلام دەۋلىتى ۋە مۇسۇلمانلارغا ۋەتەن بولالمايدىغان چىقتى.

(1) ئۇ يەردە ھۆكۈم سۈرۋاتقان تۈزۈم زەئىپلەشكەن پادىشاھلىق تۈزۈمى بولۇپ، نەجاشى (پادىشاھ) ئېتىقاد قىلغان نەرسىسىنى ئاشكارىلاش كۈچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. مەخپى مۇسۇلمان بولغان پېتى بۇ دۇنيادىن كەتكەن ئىدى. خىرىستىئان پاترىكلىرىدىن (خىرىستىئانلارنىڭ بىر تۈرى) قورقۇپ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى.

پادىشاھ ئۆز ئەقىدىسىنى ئاشكارىلىيالمىغان، ھۆكۈمرانى ئۆز مەزھىبىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان زېمىن، ھۆكۈمران ۋە خەلق دېمەستىن ھەممە كىشىنىڭ پىداكار ئەسكەر بولۇپ ۋاقتى كەلسە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى كەينىگە قارىماي قۇربان بېرەلەيدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىسلام دەۋلىتىگە بۆشۈك بولالمايدۇ.

(2) پادىشاھ ئائىلىسى ئەزالىرى ئارىسىدا ھاكىمىيەت ۋە پادىشاھلىق تالىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان سىياسىي كۈرەش ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولۇپ، يۇرت تىنچسىز ھالغا كەلگەن ئىدى. ھەتتا ئىختىلاپ، قۇراللىق كۈرەش، ئىنقىلاب دەرىجىسىگە يېتىپ، خالىغان كىشى نەجاشىغا قارشى چىقالايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئىسيان سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان قان ئېقىتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دەۋلىتى ۋە مۇسۇلمانلار بۇ يەرگە يەرلىشەلمەيتتى.

(3) خىرىستىئان پاترىكلىرىنىڭ ھەيۋىسى چوڭىيىپ يۇرت سىياسىيتىگە تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك دەرىجىگە يەتكەن. ئۇلار خوشامەتچى كىشىلەر بولۇپ پادىشاھقا يېقىن ئىدى. قۇرەيش ئۇلارنى پارا ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەلىگەن ۋە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلىگەن ئىدى. ھىجرەت قىلغانلارنى قايتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن قۇرەيشىنىڭ ئىككى ئەلچىسى پاترىكلارنىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلىپ سوغا ـ سالام تەقدىم قىلغاندىن كېيىن پادىشاھقا مۇنداق دەيدۇ:

ـ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يۇرتىغا ئارىمىزدىن بىر نەچچە ئەقىلسىز تەنتەك سوقۇلۇپ كىرىۋالدى. ئۇلار قەۋمىنىڭ دىنىدىن چىقىپ سىز ۋە بىز بىلمەيدىغان بىر دىن ئىجات قىلدى. سىزنىڭ دىنىڭىزغىمۇ كىرمەيدۇ. بىزنى ئۇلارنىڭ ئائىلە جەھەتتىكى مەرتىۋىلىك كىشىلەر قوشۇلۇپ سىزنىڭ ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشىڭىز ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇلار بۇ ئەقىلسىزلاردىن تېخىمۇ يىراقنى كۆرەرلىك ۋە ئەيىپلىگەن نەرسىلىرى توغرىسىدا بىلىملىك كىشىلەردۇر.....

ـ راست ئېيتتى، ئى پادىشاھىمىز، ئۇلارنىڭ قەۋمى ئۇلاردىن تېخىمۇ دانا ۋە بىلىملىك كىشىلەردۇر. ئۇلارنى تاپشۇرۇپ بەرسىلە، يۇرتىغا ئېلىپ كەتسۇن دەيدۇ پاترىكلار.

(4) مۇسۇلمانلار ھەبەشىستاندا 14 يىلغا يېقىن ياشىدى. سانى 83 كىشىگە يەتتى. لېكىن بىرمۇ كىشى ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ھېچقانداق تارىخ كىتابى ئۇلارنىڭ بىرىنىڭمۇ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى تىلغا ئالمايدۇ.

**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تائىفنى ئۆزى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ**

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تائىفقا بېرىپ ئۇ يەرنىڭ خەلقىنى ئىسلامغا چاقىرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا قۇلاق سالمايدۇ.

**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەزرىمەۋت ۋە يەمەن ئەھلىگە كۆز تىكىدۇ**

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەج مەۋسۇملىرىدا ھەزرىمەۋت ۋە يەمەندىن كەلگەن ھاجىلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. لېكىن ئۇلارمۇ ئىسلامنى ھىمايىسىگە ئېلىشنى رەت قىلىدۇ.

**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئىزدىنىشلىرىدىن كېيىن ئىسلام دۆلىتىگە زېمىن تاپىدۇ**

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەسرىبلىك (مەدىنىلىك) بىرسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنى ئىسلامغا چاقىرىدۇ. ئۇمۇ ئىمان ئېيتىپ، يەسرىبتە بۇ دىن بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ.

كېيىنكى يىل يەسرىب ئەھلىدىن 12 كىشى مەككىگە كېلىپ ئەقەبەدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا جاھىلىيەتكە ئائىت بارلىق ئەقىدە، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە يېقىنچىلىقتىن قول ئۈزۈشكە بەيئەت قىلىدۇ. ھاياتىدىكى پۈتۈن ئىشلاردا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا تولۇق بويسۇندىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ بەيئەت «بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى» دەپ ئاتالغان.

ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىسلام تارىتىش ھەرىكىتىنى باشلىدى. بىر يىل ئۆتمەستىنلا مەدىنىدىكى ھەممە ئائىلە دېگۈدەك ئىسلامغا كىردى. تارىخ كىتابلىرىدا مۇنداق قەيت قىلىنىدۇ: «مەدىنىدە بىرمۇ ئائىلە قالماي ئىسلامغا كىرگەن ئىدى».

مەدىنىدىن 73 ئەر، ئايال كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ئۆمەكنىڭ كېلىشى بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇلار ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن بىر ـ بىرلەپ ئەقەبە ئەتراپىغا يىغىلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىدۇ. بۇ قېتىم «ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى» قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەينەن تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ، ساڭا نېمىلەرگە بەيئەت قىلىمىز؟ دەيدۇ ئۇلار.

ـ ھەرىكەتچانلىق ۋە ھورۇنلۇق (بىر ئىشنى قىلىشنى خالايدىغان ۋە خالىمايدىغان) ۋاقىتلىرىڭلاردا ئوخشاشلا بۇيرۇقنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش، قىيىنچىلىق، قولايلىق زامانلىرىدا ئوخشاشلا مال سەرپ قىلىش، ياخشىلىققا بويرۇپ يامانلىقتىن توسۇش، ئاللاھ ھەققىدە ھەقىقەتنى سۆزلەش ۋە ئاللاھ ھەققىدە ھېچقانداق مالامەتتىن قورقماستىلىق، مېنى ھىمايە قىلىش، سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كەلگەندىن كېيىن مېنى ئۆزەڭلارنى، ئاياللىرىڭلارنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىڭلارنى قوغدىغانغا ئوخشاش قوغداشقا بەيئەت قىلىسىلەر، ئۇلارنىڭ بەدىلىگە جەننەت سىلەرنىڭ بولىدۇ.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

ــ توختاپ تۇرۇڭلار، بىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتا ئىلىم ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا بەيئەت قىلماقچى بولىۋاتىمىز. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى مەككىدىن چىقىرىپ ھىمايىمىز ئاستىغا ئېلىش ـ پۈتۈن ئەرەبلەرگە قىلىنغان دۈشمەنلىك، يۇرتنىڭ كۆزى بولغانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بولىدۇ. قىلىچلارنىڭ چىش ـ تىرنىقىغا ئۇچرايسىلەر. ئەگەر ئۇلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولساڭلار بەيئەت قىلىڭلار، ئاللاھ ئەجرىڭلارنى بېرىدۇ؛ ئەگەر بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىڭلاردىن قورقساڭلار ئىش مۇشۇ يەردە قالسۇن. سۆزۈڭلارنى ئېيتىڭلار. بۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ئۆزرىلىكرەك بولىدۇ.

ـ بولدى قىل، ئى ئەسئەد! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇ بەيئەتتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز ۋە باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويمايمىز، دەيدۇ ھەممەيلەن ۋە بەيئەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇلارنىڭ ئەھدىنى ئېلىپ جەننەتتىن خۇش خەۋەر بېرىدۇ.

بۇ تېكىستتىن تۆۋەندىكىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز:

(1) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار يېڭى باسقۇچ، يەنى بۇرۇن مەھرۇم قالغان كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىشلىتىشى باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ. يەنى رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كەلگەندىن كېيىن مېنى ئۆزەڭلارنى، ئاياللىرىڭلارنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىڭلارنى قوغدىغانغا ئوخشاش قوغدايسىلەر» دېمەككى بۇ پەقەت كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىشلىتىش بىلەنلا بولىدۇ.

(2) بۇ بەيئەت مەدىنە ئەھلىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى، يەنى يۇرتى ئىسلام دۆلىتىنىڭ يادروسىغا ئايلانغاندىن كېيىن ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن بىر قانچە قېتىم ۋەھشى ھۇجۇملارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

(3) بۇ بەيئەت بىلەن زېمىندىن ئىبارەت دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى ئاساسى تولۇقلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئارقا ـ ئارقىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ يەرلىشىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە دۆلەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە قەدەم بېسىپلا دۆلەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا باشلايدۇ ۋە ئىچكى ـ تاشقى سىياسىيتىنى بەلگىلەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەلگەندە ئىچكى جەھەتتە ئىجتىمائى ھالەت ئىنتايىن چېچىلاڭغۇ ئىدى. ھەر خىل دىن ۋە پارچە پارچىغا بۆلۈنگەن قەبىلىلەر ھەر يەردە تېپىلاتتى. ئۇندىن باشقا بەزى مۇناپىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن مۇسۇلمانلاردىن ئۇيۇشقان ئەۋەس ۋە خەزرەج قەبىلىسى بار ئىدى. ئاساسلىق بەنۇقەينۇقا، بەنۇنەزىر ۋە بەنۇ قۇرەيزەدىن تەشكىل تاپقان ۋە بەزى مۇشرىكلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەھۇدى قەبىلىلىرىمۇ ئۇ يەردە ياشىماقتا ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنە خەلقىنى تۈرلىرى بويىچە تەرتىپكە سېلىپ، مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئىنتىزامغا كىرگۈزۈپ، ھەر كىشىنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەپ نىزامنامە يېزىپ تۇرغۇزدى. كىتابخان كۆرۈۋالايدۇكى ھەممە ئىش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ـ دۆلەت رەئىسى ـ تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئۇ ئىچكى ـ تاشقى ئىشلاردا قارار بەرگۈچى ۋە ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى ئىدى. يۈز بەرگەن بارلىق ئىختىلاپ، يۈزگۈزگۈچى ئىدى. يۈز بەرگەن بارلىق ئىختىلاپ، تالاش ـ تارتىشلار ئۇنىڭ ھۆكمى بويىچە بولاتتى.

ئۇ قۇرەيشنىڭ مەدىنىدىن ياكى بىرەر ئاھالىسىدىن پايدىلىنىش يولىنى پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلىغان، مەدىنە ئاھالىسىنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا تايانچ بولۇشتىن قەتئىي چەكلىگەن ئىدى.

شۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنى بىر ئۇممەت ھېسابلىماستىن، ھەر بىر قەبىلىنى باشقىسىدىن ئايرىپ تەرتىپكە كىرگۈزگەن ۋە ئۇ بويىچە مۇئامىلە قىلغان. مۇھاجىرلار، ئەۋس ۋە خەزرەجدىن تەركىب تاپقان مۇسۇلمانلار بىر ئۇممەت، بىر تەرەپ ھېسابلانغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيگۈسى ئەتراپىغا ئۇيۇشالماي قالماسلىقى ئۈچۈن باشقا ھەر بىر قەبىلە ئايرىم ـ ئايرىم تەرەپ ھېسابلىناتتى. ئايرىم ـ ئايرىم مۇئامىلە قىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھېسابىنى ئۆزىلا بېرەتتى.

ئۇ نىزامنامىدا قىسقىچە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

«بۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، قۇرەيش ۋە يەسرىبتىن بولغان مۆمىنلەر، مۇسۇلمانلار، ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۇلار بىلەن بىرگە جىھاد قىلغانلارنىڭ نىزامنامىسى بولۇپ باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا بىرلا ئۇممەت ھېسابلىنىدۇ. مۆمىنلەر ئارىلىرىدا مۇھتاج قويمايدۇكى پىداكارلىق بىلەن مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ ياكى قىيىنچىلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ... تەقۋادار مۆمىنلەر ئارىلىرىدىكى ھەددىدىن ئاشقانلار ياكى قىلچىلىك ھەقسىزلىك ياكى گۇناھ ياكى دۈشمەنلىك ياكى بۇزۇقچىلىق قىلماقچى بولغانلارنىڭ ئۈستىدە، ھەتتا بىرەرسىنىڭ بالىسى بولۇشتىن قەتئىي نەزەر بىرلىكتە قول ئۇزارتىدۇ. مۆمىنىنىڭ ئۈستىدىن ياردەم بېرىلمەيدۇ؛ ئاللاھنىڭ ئەھدىسى بىركى ئاجىزلارغا كۈچلۈكلەر ئۈستىدىن ياردەم بېرىدۇ. مۆمىنلەر باشقىلار بىلەن ئۆزئارا دوستتۇر.

يەھۇدىيلاردىن بىزگە ئەگەشكەنلەرگە ياردەم بېرىلىدۇ ۋە نەمۇنىلىك كۆرسىتىلىدۇ. مۆمىنلەر ھەممە جەھەتتىن ئۇلاردىن ئامان بولسا، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھېچكىمگە ياردەم بېرىلمەيدۇ. ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشقا بىر مۆمىن يەنە بىرىدىن ئايرىپ قىلىنمايدۇ ھەر كىشى باراۋەر ۋە ئادالەت بىلەن ئۇرۇشقا كىرىدۇ.

مۇشرىك قۇرەيشىنىڭ بىرەر ئادىمى ياكى مېلىنى ئۆز پاناھىغا ئالالمايدۇ ۋە بىر مۆمىندىن ئۇلارنى ساقلاپ قالالمايدۇ... بۇ نىزامنامىدىكىلەرنى قوبۇل قىلغان، ئاللاھ ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان بىر مۆمىنىنىڭ نىزامنامىغا خىلاپلىق قىلغان كىشىگە ياردەم ياكى پاناھلىق بېرىشى جائىز بولمايدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا ياردەم ياكى پاناھلىق بېرىدىكەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ لەنىتى ۋە غەزىپىگە ئۇچرايدۇ؛ ئۇنىڭ ھېچبىر ياخشىلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ. بىرەر ئىش ئۈستىدە قانچىلىك ئىختىلاپلاشساڭلارمۇ ئۇ ئاللاھ ۋە مۇھەممەد تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ.

يەھۇدىيلارغا مۆمىنلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا قاتناشقان مۇددەت ئىچىدە مۆمىنلەر بىلەن ئوخشاش تەمىنات بېرىلىدۇ. بەنى ئەۋف يەھۇدىيلىرى مۆمىنلەر بىلەن بىر ئۇممەت. يەھۇدىيلارنىڭ دىنى ئۆزىگە؛ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئۆزىگە. دوستلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئۆزلىرىگە. زۇلۇم ۋە گۇناھ قىلغانلارنىڭ ۋابالى پەقەت ۋە ئائىلىسىگە بولىدۇ. تۈزۈمدە بەنى نەججار يەھۇدىيلىرى بەنى ئەۋف يەھۇدىلىرى بىلەن ئوخشاش؛ بەنى ھارىس يەھۇدىلىرى بەنى ئەۋف يەھۇدىلىرى بىلەن ئوخشاش؛ بەنى سەئىد يەھۇدىلىرى بەنى ئەۋف بىلەن ئوخشاش؛ بەنى جەشم يەھۇدىلىرى بەنى ئەۋف يەھۇدىلىرى بىلەن ئوخشاش؛ بەنى ئەۋس يەھۇدىلىرى بەنى ئەۋف بىلەن ئوخشاش؛ ۋە.... ۋە.... يەھۇدىيلارنىڭ سىرداشلىرى يەھۇدىلار بىلەن ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام روخسىتىسىز چىقمايدۇ.... كىم ئەھدىسىنى بۇزسا ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە بۇزىدۇ. پەقەت زۇلۇم قىلغانلار.. بۇ نىزامنامىلىرىگە ئاساسەن ياردەم زۇلۇم قىلىنغۇچى ئۈچۈندۇر... يەھۇدىلارغا مۆمىنلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا قاتناشقان مۇددەت ئىچىدە مۆمىنلەر

بىلەن ئوخشاش تەمىنات بېرىلىدۇ... بۇ نىزامنامە ئىگىلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بۇزغۇنچىلىققا سەۋەب بولىدىغان ۋەقە ياكى دەتالاشلار ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئاللاھ بۇ نىزامنامىدىكىلەرنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. قۇرەيش ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلەرگە پاناھلىق بېرىلمەيدۇ. ئۇلار يەسرىبكە كەلگەنلەرگە قارشى بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىلەن ياخشىلىشىش ۋە ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن سۈلھى تۈزۈشكە چاقىرىسا سۈلھى تۈزۈشكە بولىدۇ. ئەگەر سۈلھى تۈزۈلسە مۆمىنلەردىن سۈلھىدە بەلگىلەنگەن ۋاپادارلىقنى كۈرىدۇ. پەقەت دىندا دۈشمەنلىك قىلغانلار بۇنىڭ سىرتىدا؛ ھەركىشى قىلغان ئىشىغا كۈرە جازا ھەسسىسىنى كۈرىدۇ.

ھېچبىر زالىم ۋە گۇناھكار بۇ نىزامنامىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. زۇلۇم ۋە يا گۇناھ قىلغانلاردىن باشقا مەدىنىدىن چىققان ياكى مەدىنىدە قالغانلار ئامانلىق ئىچىدە. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغانلار، ئاللاھتىن قورققانلار ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە.

بۇ ئۇسۇل بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەھدىنى بۇزغان قەبىلىدىن ئايرىم ھېساب ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئادالەتكە كاپالەتلىك قىلغان. بۇ يۈرۈشتە مەدىنە ئاستا ـ ئاستا بەنۇ قەينۇقا، ئۇندىن كېيىن بەنۇنەزىر، ئۇندىن كېيىن بەنۇ قۇرەيزە يەھۇدىلىرىنىڭ كىرلىرىدىن پاكلانغان.

مەسجىت ۋە تىجارى بازار قىلىش

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيە بۆشۈكى مەسجىتتىن باشلانغان ئاممىۋى سورۇنلارنى بىنا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

مەسجىد ئىنسانلارنىڭ ئىلىم دېڭىزىدىن قېنىپ ئىچىدىغان، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدە كامالەتكە يېتىدىغان مەكتەپ، ئالى مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتىت ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىختىلاپلاشقانلار ئارىسىدا ئادالەت ۋە ھەقىقەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدىغان شەرئەت مەھكىمىسى ئىدى. ئۇ ۋە ئۇندىن كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ نەسھەت ۋە يوليورۇق بېرىپ غالىب قوشۇنلىرىنى يوللايدىغان مەركىزى، ھەربىي بازىسى ئىدى.

مەسجىد رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخبارات ۋە تەشۋىقات مەركىزى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ مۇۋاپىق ھەل قىلىش يولى تېپىش ئۈستىدە پىكىرلىشىدىغان دۆلەت مەركىزى ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنە ئىقتىسادىنى يەھۇدىلارنىڭ قولىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىنى بايقايدۇ. يەنى تىجارى بازار ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. مەدىنىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە بايلىقىدىن خالىغانچە پايدىلىناتتى. مالنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىنى كونترول قىلىپ بازار باھاسىنى كۆتۈرەتتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى غەنىمەت بىلىپ ھەسسىلەپ پايدا ئالاتتى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ ھىيلە ـ مىكرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا بىر تىجارى بازار يەنى تاما، ئاچكۆزلۈك ۋە قاراڭغۇ بازارلىقنى بىلمەيدىغان بىر تىجارەت قۇرۇلمىسى بىنا قىلىشنى قارار قىلىدۇ.

كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئېلىپ ـ سېتىش، تىجارىتىدىكى دۇرۇسلىقنى كۆرگەندىن كېيىن يەھۇدىلارنىڭ بازىرىدىن يۈز ئۆرىدى. بۇ ئۇسۇل بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنە ئىقتىسادىنىڭ ئىگىزنى قولىغا ئالدى ۋە ئىقتىسادىنى بارلىق پۇرسەتپەرەسلىك ۋە ئاچكۆزلۈكتىن خالى ئىسلامى يۆنىلىشتە جانلاندۇردى.

**ئىجتىمائىي كاپالەت**

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مال ـ مۈلكىنى تاشلاپ ئۆز دىيارىدىن ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنىڭ قىينچىلىقىنى مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنى ئۆزئارا قېرىنداش قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن بىر لوقما تاماقنى تەڭ يەيدىغان قېرىنداشلاردىن بولۇپ ياشىدى.

**ئىسلام قوشۇنى ۋە ھەربىي كۈچ تەشكىللەش**

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ يېڭى قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتىنى قوغداش ۋە سىرتقا دەۋەت يەتكۈزىدىغان ئىسلام دەۋەتچىلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان پىششىق يېتىلگەن، كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئىسلامى قوشۇن تۇرغۇزۇشقا كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ قوشۇننىڭ زامانىۋى بولۇشىغا ھېرىسمەن ئىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش تېخنىكىلىرى بىلەن قانائەتلىنىپلا قالماستىن جەرىشكە ئادەم ئەۋەتىپ تانكا (ئۆز زامانىغا لايىق تانكا) ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگەتكەن ۋە تائىف قەلئەسىدە ئىشلەتكەندەك ئەمەلى ئۇرۇشلاردا ئىشلەتكەن.

تاشقى جەھەتتە ھەرقايسى پادىشاھ، رەئىس ۋە باشلىقلارغا ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. رۇم پادىشاھىغا مەكتۇب ئەۋەتكەندە، ئۇلار تامغىسىز خەتنى ئوقۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد» دېگەن سۆزنى ئۈچ قۇرغا ئۇرۇنلاشتۇرۇپ تامغا ياساتتى ۋە يازغان مەكتۇبلىرىدا ئىشلەتتى.

قەيسەرگە مەكتۇب يوللاش بىلەن بىرگە ئەمر ئىبنى ئۇمەييەردەمەرىنى نەجاشىغا، دەھيە ئىبنى خۇلەيپە كەلبىنى رۇمنىڭ پادىشاھى ھېرەقلگە، ئابدۇللا ئىبنى ھۇزاپە سەھەمىنى كىسراغا، ھاتىب ئىبنى بەلتەئىنى مىسىرنىڭ ھاكىمى مۇقەۋقەسكە، شۇجا ئىبنى ۋەھەب ئەسەدىنى بەلقاننىڭ پادىشاھى ھارس ئىبنى شەمىر پەسسانىغا، سۇلەيت ئىبنى ئەمىرنى يەمامەدىكى ھۇزە ئىبنى ئەلى ھەنەپىگە، ئەمر ئىبنى ئاسنى ئۇممانغا، ئەلا ئىبنى ھەدەرەمنى بەھرەيىننىڭ پادىشاھى مۇنزىر ئىبنى ساۋىغا، ئەمر ئىبنى ئۇمەييە دەمەرىنى مۇسەيلەمە كەززابقا، ئەلچى قىلىپ مەكتۇبلىرى بىلەن ئەۋەتتى.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياخشى جاۋاب قايتۇرسا بەزىلىرى قوپاللىق قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەزىلىرى بىلەن ئۇرۇشتى. قالغانلىرى توغرا يولدىكى خەلىپىلەر دەۋرىدە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىپ، يۇرتلىرى ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىندى.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىش مۇھىم بولغان نۇقتا شۇكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۈتۈن ئاساسلىرى تولۇقلىنىپ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان ھالغا كەلگەن ئىدىكى، ئاز مۇددەت ئىچىدىلا ئەرەب يېرىم ئارىلىنى خەيبەر ۋە تەيما يەھۇدىلىرىدەك مەدىنىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۈتۈن يەھۇدىلاردىن تازىلاش ئىشىنى تاماملىيالىدى. ھىجرىيىنىڭ 8- يىلى مۇشرىكلارنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قورغىنى مەككىنى ئازات قىلدى ۋە ھىجرىيىنىڭ 9- يىلى كىرىپ ـ كىرمەيلا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ئىسلام دۆلىتى تەۋەلىكىگە كىردى.

دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى تۇرغۇزۇش

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالىغۇدەك ۋالى، قازى ۋە مالىيە خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان بىر يۈرۈش ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى تۇرغۇزدى.

تۆۋەندىكىلەر ھەر قايسى ئۆلكىگەرگە تەيىنلەنگەن بەزى مەسئۇللار:

(1) بازان ئىبنى ساسان، كىسرانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يەمەنگە ۋالى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ يەمەنگە تەيىنلەنگەن تۇنجى ئىسلام ۋالىسى، شۇنداقلا تۇنجى مۇسۇلمان بولغان چەتئەللىك پادىشاھ.
(2) شەھەر ئىبنى بازان، دادىسى بازاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن سانئاغا مەسئۇل قىلىنغان.
(3) خالىد ئىبى ئاس، شەھەر ئىبنى بازان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن سانئاغا مەسئۇل قىلىنغان.
(4) مۇھاجىر ئىبنى ئەبى ئۇمەييە مەخزۇمى، كىندە ۋە سادەپەگە ۋالى قىلىپ تەيىنلەنگەن. لېكىن ئۇ يەرگە بېرىشتىن بۇرۇن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ئەبۇبەكر تەرىپىدىن دىندىن قايتقانلارنىڭ ئۇرۇشىغا ئاللانغان.
(5) زىياد ئىبنى ئۇمەييە ئەنسارى، ھەزرەمەۋتكە ۋالى قىلىنغان.
(6) ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، زەبىد، ئەدن، زەمرى ۋە ساھىلغا مەسئۇل قىلىنغان.
(7) مۇئاز ئىبنى جەبەل، جەبەرل، خەبەرگە مەسئۇل قىلىنغان.
(8) ئەبۇ سۇفيان ساخىر ئىبنى ھەربى نەجرانغا مەسئۇل قىلىنغان.
(9) يەزىد ئىبنى ئەبى سۇفيان، تەيماغا مەسئۇل قىلىنغان.
(10) ئەتاب ئىبنى ئۇسەيد، مەككىگە مەسئۇل قىلىنغان.
(11) ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب، يەمەننىڭ ئەخماسقا ۋالى ۋە قازى قىلىپ تەيىنلەنگەن.
(12) ئەمر ئىبنى ئاس، ئۇممانغا ۋالى قىلىنغان.
(13) ئۇدەي ئىبنى ھاتەم، تاي ۋە بەنۇ ئەسەد قەبىلىسىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا (زاكات توپلاش) مەسئۇل قىلىنغان.
(14) مالىك ئىبنى نۇۋەيرە يەربۇئى، بەنۇ ھەنزەلە قەبىلىسىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغان.
شۇنداقلا مۇئاز ئىبنى جەبەل يەمەنگە قازى قىلىپ تەيىنلەنگەن. مالىيە ئىشلىرى (زاكات توپلاش) غا مەسئۇل خادىملار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئىبنى قەييىم مۇنداق دەيدۇ: «زاكات يىغىشقا مەسئۇل قىلىنغان كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. چۈنكى ھەربىر قەبىلىگە بىر كىشى مەسئۇل قىلىنغان ئىدى. ئىبنى ئىسھاق، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ قەدىمى يەتكەن ھەممە يەرگە زاكاتقا مەسئۇل خادىملارنى ئەۋەتكەن، دەپ بەزىلىرىنى تىلغا ئالىدۇ.
خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى
مەلۇمكى قۇرئاندا زاكات بېرىشكە تېگىشلىك دەپ سانالغان سەككىز تۈرلۈك كىشىنىڭ بىرى بولغان زاكات خادىملىرىغا دۆلەت خەزىنىسىدىن مائاش بېرىلەتتى. شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەسئۇل، باشلىق ۋە قازىلارغا ئۇلارنىڭ يوقسۇل ياكى باي بولۇشىغا قارىماي مۇناسىپ ھالدا ئىش ھەققى توختىتىپ بەرگەن ئىدى.
ئەھمەد مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى سەئدى «ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى» دەيدۇ.
– سەنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل ئەمەسمىدىڭ، ئىش ھەققى بەرسەم ئېلىشنى خالىمىدىڭ.
- ھەئە، شۇنداق.
- نېمە ئۈچۈن؟
- تېخىمۇ پاراسەتلىك، تېخىمۇ ئىخلاسمەن قۇل بولسام ئۆزەمنى ياخشىلىق ئىچىدە ھېس قىلىمەن. ئىش ھەققىم مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىغا قوشقان ھەسسەم بولسۇن.

ـ ئۇنداق قىلمىغىن. رەسۇلۇللاھ ماڭىمۇ ئىش ھەققى بېرەتتى. مەنمۇ سەندەك قىلماقچى بولۇپ «مەندىنمۇ يوقسۇل كىشىگە بەرگىن» دېگەن ئىدىم. بىر قېتىم ئىش ھەققى بەرگەندە يەنە «مەندىنمۇ يوقسۇل كىشىگە بەرگىن» دېسەم، «سەن ئېلىپ مۇھتاجلارغا ياردەم قىل، سەدىقە قىل» دېگەن ئىدى. سەن تەلەپ قىلمىغان، ئېلىشنى خالىمىغان ھالەتتە كەلگەن بۇ پۇلنى ئال، ساڭا تەئەللۇق بولمىغان نەرسىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىما.

رەسۇلۇللاھ ئىتاب ئىبنى ئۇسەيدنى مەككىگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۈنلىكىگە ئىككى دىرھەمدىن ئىش ھەققى توختىتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ مەككە ئەھلىگە بۇ ئىش ھەققىنىڭ ئۇنىڭغا يېتىدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن بىر نەرسە كۈتمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «خىزمەتچىم كەيسان كېيدۇرۇپ قويغان ئىككى تون بىلەن رەسۇلۇللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى جايىدا ئىجرا قىلالايمەن. ھېچكىم ئىتاب بىزدىن بىر نەرسە ئېلىۋالدى دېمىسۇن، رەسۇلۇللاھ ھەركۈنى ئىككى دىرھەم ئىش ھەققى بەلگىلەپ بەردى. كۈنىگە ئىككى دىرھەم تويغۇزالمىغان قوساقنى ئاللاھ ئاچ قويسۇن».

رەسۇلۇللاھدىن كېيىنكى خەلىپىلەر دەۋرىدىن باشلىق، مەسئۇل ۋە قازىلار يېتەرلىك رىزىق بىلەن تەمىنلىنەتتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھقا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يازىدۇ: «سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ياخشى كىشىلەرگە قاراڭلار، قازى قىلىپ ئىشلەتكەنلەرنى يېتەرلىك رىزىق بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ مېلىنى كەڭ قويۇپ بېرىڭلار.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەيد ئىبنى سابىتنى مەھكىمىگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. ئۇنىڭغا ۋە قازى شۇرەيھكە ھەر ئايدا يۈز دىرھەم، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبقا 500 دىرھەم ئىش ھەققى بېرەتتى. كۇفەگە ئەممار، ئوسمان ئىبنى ھەنىف ۋە ئىبنى مەسئۇدلارنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىش ھەققى بىر قوي ئىدى. يېرىمىنى ئەممار، يېرىمىنى ئىبنى مەسئۇد ئالاتتى. ئىبنى مەسئۇد ئۇلارنىڭ قازىسى ۋە ئوقۇتقۇچىسى ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەسئۇل خىزمەتچىلىرىگە يېتەرلىك ئىش ھەققى بەلگىلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن ھەدىيە قوبۇل قىلىشنى مەنئى قىلغان ئىدى. قوبۇل قىلىنغان ھەدىيە خىيانەت، ھارام ھېسابلىناتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «باشلىقلارنىڭ ھەدىيەلىرى خىيانەتتۇر.»

ئەبۇھۇمەيد سائىدى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەزدىلىك ئىبنى لەتبىيە دېگەن كىشىنى زاكات توپلاشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سىلەرنىڭ، بۇ ماڭا ھەدىيە قىلىندى» رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «بىز خىزمەتكە ئەۋەتسەك قايتىپ كەلگەندە بۇ سىلەرنىڭ، ماڭا ھەدىيە قىلىندى دېگەن كىشىنىڭ ئىش قانداق بولىدۇ؟ قاراپ باقسۇنكى، ئەگەر ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرسا ھەدىيە كېلەمدىكەن يوقمۇ؟ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بىز بىر ئىشقا ئەۋەتسەك بىر نەرسە ئالغان كىشى شەكسىزكى قىيامەت كۈنى ئەگەر ئۇ تۆۋلاۋاتقان تۆگە، ياكى مۆڭگرەۋاتقان كالا، ياكى يۇگۇرەۋاتقان قوي بولسىمۇ ئۇنى ئۆز پېتىچە بويىنىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ كېلىدۇ» ئۇندىن كېيىن قولىنى

قولتۇغى كۆرۈنگىچە كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ يەتكۈزدۈممۇ؟ دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى باشلىقلارنىڭ باشلىقلاردىن ھەدىيە قوبۇل قىلىشى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنىڭ قانۇنلۇق يولى ھېسابلانمايدۇ. ھەدىيەلەر دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ ياكى ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تاپشۇرغان ۋە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغىلى چىقىپ، ھەدىيە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ.

- بۇنى قەيەردىن ئالدىڭ؟ دەپ سورايدۇ ئۆمەر.

- ھەدىيەلەر ئاراقا - ئارقىدىن كېلىۋەردى.

ــ ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇپ قاراپباق، ھەدىيە كېلەمدىكەن، يوقمۇ؟ دەپ ئۇ ھەدىيەلەرنى دۆلەت خەزىنىسگە تاپشۇرىدۇ ئۆمەر.

باشلىق تاللاشنىڭ پىرىنسىپلىرى

ئىسلام باشلىق، مەسئۇل ۋە قازىلارنى تاللاشتا مۇئەييەن پىرىنسىپلارغا ئاساسلىنىدۇ. ئىسلام مۇسۇلمانلارغا ئائىت خالىغان بىر ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كىشىدە ئىلمى ۋە ئەمەلى جەھەتتىكى يېتەرلىك سالاھىيەتنىڭ تېپىلىشىنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاش، بۇ مۇھىم مەنسەبلەرگىمۇ يېتەرلىك ئىلمى ۋە ئەمەلىي سالاھىيەتنى شەرت قىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر»] سۈرە قەسەس 26-ئايەت.

ئىسلام باشلىقلىقنى تەلەپ قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. يەنى باشلىقلىق ياكى مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلغان كىشىگە بېرىلمەيدۇ.

ئىسلام ئەگەشكۈچىلىرىنى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بىرەرسىنى مەسئۇللۇق ياكى باشلىقلىققا تەيىنلەشتىن چەكلەيدۇ. بەلكى ئۇنداق قىلىش ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان خىيانەت ھېسابلىنىدۇ.

تەبرانى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشكە تېخىمۇ مۇناسىپ، ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئىگە كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، باشقا بىرسىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىكەن، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام باشلىقلىق، مەسئۇللۇق ياكى مەھكىمە ئىشلىرىغا ئوخشاش قايسى بىر ۋەزىپىگە ئادەم تەيىنلىمەكچى بولسا، مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلار چىقىش نۇقتىسى قىلاتتى. ئەگەر شەرتى توشسا تەيىنلەيتتى، شەرتى توشمىسا ئۆزرە تىلەيتتى ۋە ئۇنىڭ گەرچە ئۆز كىشىلىرىنىڭ پىشىۋاسى بولسىمۇ مەزكۇر ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىنىڭ يوقلىقىنى ئوچۇق ئېيتاتتى.

مانا بۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىشلىتىشنى رەت قىلغان ئەبۇزەر غەففارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دەيدۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى بىر خىزمەتكە سالامسەن؟

- ئى ئەبۇزەر! سەن ئاجىز، مەسئۇلىيەت ئامانەتتۇر. ئۇ شەكسىزكى ھەققىنى تولۇق تاپشۇرمىغان، تەلەپكە لايىق ئادا قىلمىغان كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى قاتتىق پۇشايمان ۋە نادامەت بولىدۇ، دەيدۇ

رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ، ئۇ ئەبۇ زەر ھەققىدە «ئاسمان زېمىن ئەبۇ زەردىنمۇ راستچىل سۆزلۈك ئىنسان بالىسىنى كۆرۈپ باقمىدى» دېگىنىگە قارىماي ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇرمىغان ئىدى.

مۇسلىم باشقا بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەبۇزەر! مېنىڭچە سەن ئاجىز، ئۆزەمگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ساڭىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئىككى كىشىگىمۇ ھەرگىز باشلىق بولغۇچى بولما ۋە ھەرگىز يېتىمنىڭ مېلىغا مەسئۇل بولما». ئىما نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس بولۇپمۇ ئىقتىدارسىز، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، باشلىقلىققا يېقىن كەلمەسلىك ھەققىدە ئەڭ ياخشى ئاساس ۋە نەسھەت».

دېمەك خۇلاسە شۇكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىردى ۋە مەلۇم ساندىكى كىشىلەر ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دۆلىتى خەلقىنىڭ يادروسى، ئاساسي بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى. ئۇندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ مۇقىم بىر يەرگە يەرلىششى ۋە ئەركىن ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن دۆلەتكە زېمىن ئىزدەشكە باشلىدى. يۇرت ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە يېتەرلىك ئىزدىنىش، كەڭ دائىرلىك تەكشۈرۈش ۋە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە يەسرىبكە ھىجرەت قىلىش پۇرستىگە مۇيەسسەر بولدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە قەدەم بېسىشى بىلەن خەلق، زېمىن ۋە ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ شەرت تولۇقلىنىپ ئىسلام دۆلىتى رەسمى قۇرۇلدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دۆلەت ئىشلىرىنى تەرتىبكە سېلىپ، ئىچكى - تاشقى سىياسىيتىنى بەلگىلىدى.

مەدىنە خەلقىنى تۈرلىرى ۋە دىنلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئىنتىزامغا كىرگۈزۈپ ھەر قايسىسىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلىدى. ئۇندىن كېيىن ھەربىي كۈچ تەشكىللەشكە ئۆتۈپ، ئىسلام قوشۇنىنى ئۆز زامانىسىنىڭ مەسىلىلىرىگە لايىقىدا مۇئامىلە قىلالايدىغان، مەشىق ۋە قۇرال - ياراق جەھەتتە ئۆز زامانىسىغا ماسلىشالايدىغان دەرىجىدە تەرەققى قىلدۇردى.

ئاممىۋى سورۇن ۋە تەربىيە مەيدانلىرىنى بىنا قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن شەرىئەت قۇرۇلمىسى تائامۇللاشتى ۋە ئاللاھنىڭ :[سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇكۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى - يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ] (سۈرە بەقەرە 281-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزى بىلەن تاماملاندى.

ئاللاھ رەسۇلۇللاھنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتمەستىن بۇرۇنلا ئىسلام دۆلىتىنىڭ مالىيە مەنبەسى، ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش يوللىرى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ھەر خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان، ئاساسى قانۇنغا مۇناسىپ ئىدارە قۇرۇلمىسى جەھەتلەردە تولۇق كاپالىتى ئاستىغا ئېلىپ، مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلدى. باشلىق، مەسئۇل ۋە قازىلارنى سايلاش پىرىنسىپلىرىنى يېقىنلىق ئۈستىگە ئەمەس، ئىلمى ۋە كەسپى سالاھىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

### ئىسلام دۆلىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش

### 1- دۆلەت رەئىس تۇرغۇزۇشنىڭ ھۆكمى

قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالامنىڭ پاك سۈننىتى، مۇپەسسىرلەر ۋە ئالىملارنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئېيتقانلىرى، سۈننەتنىڭ شەرھلىرى ۋە فىقھشۇناسلاردىن قالغان بۈيۈك مىراس بايلىغىمىزنى ئوقۇغان كىشى بىلدۇكى، بۇ دىن ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكام ۋە ئىنساننىڭ رەببى، ئۆزى، ئائىلىسى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئىنتىزامغا كىرگۈزىدىغان تۈزۈملەر بىلەن تولغان.

بۇ ئەھكاملار رەسۇلۇللاھقا ھاياتتا تەتبىقلاش، ئىشلىرىنى تەرتىبكە سېلىش، قەلبىنى خاتىرجەملىكك ئېرىشتۈرۈش ۋە ئىككى ئالەمنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان.

ئەمەلى ھاياتتا چوقۇم تەتبىقلىنىشى كېرەك بولغان بۇ ئەھكاملار تەتبىق قىلغۇچى، ئىجرا قىلغۇچى ۋە نازارەت قىلغۇچىغا مۇھتاج. ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان نەتىجە ۋە مەسىلىلەر بىرە تەرەپ قىلىنىشقا مۇھتاج. دېمەككى تەتبىق قىلىش ئەمەلىيىتى ھاكىمىيەتكە مۇھتاج.

ھاكىمىيەتنىڭ ئىختىلاپلاشقاندا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ۋە ئىجرا قىلىش، ھېساب ئېلىش قۇرۇلمىسىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئومۇمى يول باشچىسى بولماي تۇرۇپ ۋۇجۇتقا كېلىشى قېيىنغا توختايدۇ.

ھۆرمەتلىك ئالىملىرىمىز ـ ئاللاھ بىز ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلاردىن ئۇلارغا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن ـ دۆلەت رەئىسى تۇرغۇزۇشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. ئىسلام ئۇممىتى ئەمەلى ھاياتىدا بۇ ۋاجىبنى ئادا قىلىشقا سەل قارىماسلىقى كېرەك. ئۇنى ئىجرا قىلماسلىق گۇناھ قىلىش بولىدۇ. قايسى بىر زامان، قايسى بىر ئەسىر ھاياتى باشلىقسىز ياكى دۆلىتى رەئىسىز قالىدىكەن، پۈتۈن ئۇممەت بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئىشلىتىپ ئومۇمى باشلىق تۇرغۇزۇش ۋە بەيئەت قىلىش.

بۇ ھۆكۈم قۇرئان كەرىم، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى، توغرا يولدىكى خەلىپىلەرنىڭ تۇتقان يولى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ئەقلى جەھەتتىن مۇقەررەرلەشتۈرۈلگەن.

بىرىنچى: قۇرئان كەرىمدىن دەلىللەر

ئالىملار دۆلەتكە رەئىس تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىبلىقىغا بۇ ئايەتلەرنى دەلىل قىلىدۇ:

[ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار] سۈرە نىسا 59-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ئايەتنىڭ دەلىل بولۇش نۇقتىسى شۇكى، ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىدىن بولغان مەسئۇل، باشلىقلارغا ئىتائەت قىلىشنى ۋاجىب قىلىدۇ. دېمەككى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش پەقەت دۆلەتكە رەئىس ياكى ئومۇمى باشلىق تۇرغۇزۇش بىلەنلا رېئاللىقتا ئايلىنىدۇ. تەبىئىكى ئۇ قول ئاستىدىن ياردەمچىلەرنى تالاپ يۇرت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارەت قىلىدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ مۇسا «ئىسلامدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس بىزگە ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىغا قارايدىغان ھۆكۈمران ۋە باشلىقلىرىمىزغا ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلىدى. ئۇنداقتا ئۇممەتكە بىرىنچى باشلىق تۇرغۇزۇش ئويۇشۇشى بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈستىمىزدىكى ۋاجىبلارنىڭ بىرى. بولمىسا مەۋجۇت بولمىغان باشلىققا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت سەيسەتىنى سۆزلىگەن بولىمىز. يەنى ئۇ ئەقىل ياكى ساغلام مەنتىقىگە ھەرگىز ئۇيغۇن كەلمەيدۇ».

(2) ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: [بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئاللاھ ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.] سۈرە ھەدىد 25-ئايەت.

رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بەرپا قىلىش بولۇپ، پەقەت بىر ئومۇمى باشلىقنىڭ رىياسەتچىلىكى ئاستىدىلا ئەمەلىيەتكە ئاشىدۇ.

ئىسلام پېشۋاسى تەقىيۇددىن ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلھەلىم ئىبنى تەيمىيە بۇ ئايەتنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئۈممىتىنى ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشىلەرنى تەيىنلەشكە، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىقمىغان ھالدا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقا، مەسئۇللارنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش، كىشىلەر ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ».

ئىككىنچى: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن دەلىللەر

ئالىملار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسلىرىنى ئومۇمى باشلىق تۇرغۇزۇشنىڭ دەلىللىرى قىلىدۇ:

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇسەئىد خۇدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دەيدۇ: «ئەگەر ئۈچ كىشى سەپەردە بولسا بىرىنى باشلىق قىلسۇن» نافىئى ئەبۇسەلەمەگە: «سەن باشلىقمىز» دەيدۇ.

(2) ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چۆلدە بولغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرىنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلماسلىقى جائىز بولمايدۇ».

ئەبۇسەئىد خۇدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بىرىنى باشلىق قىلسۇن دەپ بۇيرۇق شەكلىدە ئېيتىلىدۇ. دېمەك ئۇ ۋاجىب جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

بۇ ئىككى ھەدىس سەپەردىكى ئۈچ كىشىگە ئوخشاش ئاز كىشىلەرگىمۇ ئارىلىرىدا باشلىق تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. دېمەككى بۇ ۋاجىب، مۇقىم مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان بۈيۈك گورۇھ، بولۇپمۇ نەچچە يۈز مىڭ، نەچچە يۈز مىليون كىشىدىن ئويۇشقان بۈيۈك ئىسلامى گەۋدە ھەققىدە تېخىمۇ كەسكىن ۋە تەكىتلىك بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رىۋايەت قىلغان ھەدىس ئۈچ كىشىنىڭ باشلىقسىز سەپەر قىلىشىنى مەنئى قىلغان يەردە ئەلۋەتتە پۈتۈن بىر ئۈممەتنىڭ باشلىقسىز ياشىشىنى مەنئى قىلىدۇ.

ئىمام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «چوقۇم بىلىش كېرەككى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولۇش ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋاجىبلىرىنىڭ بىرى، بەلكى دىن ئۇنىڭسىز پۈت تىرەپ تۇرمايدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ مەنپەئىتى پەقەت ئۆزئارا توپلىنىپ بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش بىلەنلا كاپالەتكە ئىگە بولۇپ كەلدى. جەمئىيەت چوقۇم باشلىقتىن ئايرىلماسلىقى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ «ئۈچ كىشى سەپەرگە چىقسا بىرىنى باشلىق قىلسۇن» دەپ سەپەرگە دۇچ كەلگەن كىچىك گۇرۇپپىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، بارلىق جامائەت، گورۇھ، ئويۇشمىلارنىڭ ئۆزلىرىگە باشلىق تۇرغۇزۇشنى ۋاجىب قىلىدۇ.

(3) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بەيئەت قىلماي ئۆلگەن ئادەم جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ» بۇ ھەدىس مەجبۇرىيەت ئىگىسى بولغان بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىر يولباشچىغا بەيئەت قىلىشىنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەكسى تەقدىردە مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدۇ. ئۆلگەنلىرى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ. يەنى بەيئەت قىلىش ۋاجىبىنىڭ ئادا بولۇشى ۋە گۇناھتىن قۇتۇلۇش باشلىق تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(4) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى قىيامەت كۈنى ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك، ماقامدا ئەڭ يېقىن كىشى ـ ئادىل باشلىق؛ ئاللاھقا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان، ماقامدا ئەڭ يىراق كىشى ـ زالىم باشلىقتۇر».

بىزگە مەلۇمكى ئاللاھ كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بەرپا قىلىشنى ۋاجىب ۋە زۇلۇمنى ھارام قىلدى. ئىسلام ئۈممىتى ئاللاھنىڭ ۋاجىب قىلغان نەرسىسىنى ئادا قىلىشقا ۋە چەكلىگەن نەرسىسىدىن قول ئۈزۈشكە بۇيرۇلغان. بۇ ئادىل باشلىق تۇرغۇزۇشنى شەرت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئادىل باشلىق تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىب، ئەكسە زالىم باشلىق تۇرغۇزۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

ئۈچىنچى: ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى

بارلىق ساھابىلار ـ ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رىزاسى بولسۇن ـ باش رىياسەتچى تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. تۆۋەندە بىر گۇرۇپ ئالىم نەقىل قىلغان بۇ ئورتاق ھۆكۈم توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى دىققىتىڭىزگە سۇنىمىز:

(1) ئىمام ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەبىب ماۋەردى (شاپىئى مەزھىبىدىن، ھىجرىيىنىڭ 450- يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دەيدۇ:

رىياسەتچىلىك دىننى قوغدايدىغان ۋە دۇنيانىڭ سىياسىيتىنى يۈرگۈزىدىغان پەيغەمبەرلىك خەلىپىلىكىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنى تۇرغۇزۇش ئۆزرىسى بارلاردىن باشقا ئىسلام ئۈممىتىدىكى ھەركىشىگە پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن ۋاجىب ھېسابلىنىدۇ. ئالىملار ئۇ ئەقلى جەھەتتىن ۋاجىب قىلىنغانمۇ ياكى قانۇنى جەھەتتىنمۇ دېگەن نۇقتىدا ئىختىلاپلىشىدۇ. بەزىلەر ئەقلى جەھەتتىن دېسە يەنە بەزىلەر قانۇنى جەھەتتىن ۋاجىب قىلىنغان. چۈنكى خەلىپە قانۇنى ئىشلارنى ئىجرا قىلىدۇ. ئەگەر ئەقلى جەھەتتىن ۋاجىب قىلىنغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت مەقسەت ھاسىل بولمايتتى. دېمەككى ئەقىل ئۇنىڭ ۋاجىب قىلغۇچىسى ئەمەس. ئەقىل پەقەت ئۆزىنى ئەقىللىق ساناۋاتقان ھەر كىشىنى زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقتىن ئۇزاقلىشىش ۋە ئەقلى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ ئادالەت، ئىنساپ ۋە مەرھەمەتچىلىك پرىنسىپى بىلەن ئىش كۆرۈشكە يېتەكلەيدۇ. لېكىن شەرىئەت قانۇنى دىندا ئىشلارنى مەسئۇللىرىغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار] (سۈرە نىسا 59-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەيدۇ. شۇڭا ئارىمىزدىكى رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلەنگەن ئىش مەسئۇللىرىغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

(2) ئەبۇ مۇھەممەد ئەلى ئىبنى سەئىد ئىبنى ھەزم تاھىرى ئەندۇلۇسى (ھىجرىيىنىڭ 456- يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دەيدۇ: بارلىق سۈننى مەزھىبىدىكىلەر، مۇرجىئىلەر، شىئەلەر ۋە خاۋارىجلار باش رىياسەتچى تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىدە ئىتتىپاقلا كەلگەن. ئىسلام ئۈممىتىگە ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرى بويىچە سىياسەت يۈرگۈزگەن ئادىل رىياسەتچىگە بويسۇنۇش ۋاجىب. پەقەت خاۋارىجلاردىن بولغان نەجدات يولىدىكىلەرلا مۇنداق

دەيدۇ: «باش رىياسەتچى تۇرغۇزۇش ۋاجىب ئەمەس. پەقەت كىشىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشسىلا كۇپايە» بۇگۈنكى كۈندە بۇ يولدىكىلەردىن ھېچكىم قالمىدى. بەمامەدە ياشىغان نەجدە ئىبنى ئۇمەير ھەنەپىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلغان قۇرئان ئايىتى، سۈننەت ۋە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرى بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك. تۆۋەندىكى ئايەت ئۇلارنىڭ جۇملىسىدىن. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار] سۈرە نىسا 59-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) ئەبۇيەئلا مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەين ئىبنى پەررا ھەنبەلى (ھىجرىيىنىڭ 458- يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دەيدۇ: «باش رىياسەتچى تۇرغۇزۇش ۋاجىب». مۇھەممەد ئىبنى ئەۋف ئىبنى سۇفيان ھەمسىنىڭ رىۋايىتىدە ئەھمەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنىڭ ئىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بىرىنىڭ بولماسلىقى گۇمراھلىقتۇر».

ساھابىلار سەقىپەدە ئىختىلاپلىشىپ قالدۇ. ئەنسارلار بىزدىن بىر باشلىق ۋە سىلەردىن بىر باشلىق بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇلارنى ئەبۇبەكر ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېسىقتۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەرەبلەر پەقەت ئىزى ئۆچمەيدىغان بۇ كىشىگە ئەگىشىش ئۈچۈنلا دىنغا كىرگەن ۋە ئۇنىڭدىن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلغان ئىدى. ئەگەر باش رىياسەتچى تىكلەش ۋاجىب بولمىغان بولسا ئىدى، ھەققىدە مۇنازىرە ۋە تالاش ـ تارتىشلار بولمىغان بولاتتى، دېيىلىدۇ. بىرەيلەن مۇنداق دەيدۇ: «رىياسەتچىلىكنىڭ قۇرەيش ياكى باشقىسىدا بولۇشى ۋاجىب ئەمەس»

ئۇنىڭ ۋاجىب بولۇشى ئەقىلگە ئاساسەن ئەمەس بەلكى بۇيرۇققا ئاساسەن بولىدۇ. بىر ئىنى پەرز ۋە يا جائىز قىلىش، ياكى ھالال ۋە يا ھارام قىلىش ئەقىنى تونۇمايدۇ.

رىياسەتچىلىكنىڭ قۇرەيش ياكى باشقىسىدا بولۇشى ۋاجىب ئەمەس. دېگەن بۇ جۈملە شۇنى مەقسەت قىلىدۇكى ساھابىلار ھەممىسى باش رىياسەتچى تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. مۇنازىرە پەقەت تۇرغۇزۇلۇشى بىلەن ۋاجىب ئادا بولىدىغان رىياسەتچىنى تالاش ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان، يەنى تۇرغۇزۇشنىڭ ھۆكمى ئۈستىدە ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ كىم بولۇشى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان.

(4) ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دەيدۇ:

باش رىياسەتچى تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىبلىقى بارلىق ساھابىلار ۋە تابىئىنلار (ساھابىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان مۇسۇلمانلار) تەرىپىدىن بىرلىككە كەلگەن شەرئىيەت ھۆكمى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىشقا ۋە ئىشلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشقا ئالدىرىغان ئىدى. ئۇلاردىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ مۇسۇلمانلار تەشكىلچانلىقنى ئەينى يۇرۇشتە داۋام قىلدۇردى. يەنى باش رىياسەتچى تۇرغۇزۇش ھەممە بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم بولۇپ مۇقەررەرلەشتى.

(5) بۇيۈك ئالىم ئىبراھىم بەيجۇرى (ھىجرىيىنىڭ 1276-يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دەيدۇ: پۈتۈن ساھابىلار باش رىياسەتچى تىكلەشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرىنچى بولۇپ تۇتۇشقان ئىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەپنە قىلىنىشى بولماستىن ئۆزلىرىگە رىياسەتچى تۇرغۇزۇش بولغان ئىدى. دەرۋەقە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دۈشەنبە كۈنى زاۋال ۋاقتىدا ۋاپات تاپقان بولۇپ، ئۇ كۈنى ۋە سەيشەنبە

كېچىسى قونۇرۇلدى ۋە چارشەنبە كېچىسىنىڭ ئاخىرقى سائىتىدە دەپنە قىلىندى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا چوقۇم بىرى مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئاللاھ سىلەرگە رەھىم قىلسۇن، ئويلاپ كۆرۈپ كۆز قارشىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار». مەسجىت «راست ئېيتتىڭ، راست ئېيتتىڭ» دېگەن سادالارغا تولدى. ھېچكىممۇ بىزنىڭ رىياسەتچىگە ئېھتىياجىمىز يوق دېمىگەن ئىدى.

تۆتىنچى: ئەقلى جەھەتتىن

بىزگە مەلۇمكى ئىنسانلار توپلىشىپ ياشاش تەبىئىتىگە ئىگە بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ئىنسان ھاياتىنىڭ رەتكە چۈشۈشى، مەنپەئەتىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى ئىنسانلارنى بىرلىكتە ياشاشقا مەجبۇرلايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىپ ياششى نەتىجىسىدە مەنپەئەت جەھەتتە قارىمۇ ـ قارشىلىق يۈز بېرىپ ئىختىلاپلىشىش ۋە تالاش ـ تارتىشلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ھاياتتا دەردىنى ئاڭلىتىدىغان ۋە ھۆكمىنى قوبۇل قىلىدىغان بىر رىياسەتچىنىڭ بولۇشى مۇتلەق ئېھتىياجتۇر. دېمەككى كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىنى توغداش، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ نورمال داۋام قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەقلىمۇ شەرىئەتكە ئوخشاشلا رىياسەتچى تۇرغۇزۇشنى زۆرۈر قىلىدۇ.

ئىمام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى مەنپەئىتى پەقەت توپلىنىش ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ. ئارىلىرىدا پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە قوللاش مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار توپلىشىپ ياشاش تەبىئىتىگە ئىگە دېيىلىدۇ. توپلانغاندىن كېيىن چوقۇم مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرىدىغان ۋە زىياندىن، يوقىتىشتىن ساقلىنىدىغان ئىشلارنى قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن يەتمەكچى بولغان نىشاننىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇنلىشىش، ساقلانماقچى بولغان زىياننىڭ چەكلىمىلىرىدىن ئۇزاقلىشىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئىنسانلار چوقۇم بۇيرۇق ۋە چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىدىغان بىر كىشىنىڭ ئىتائىتى ئاستىغا ئۇيۇشۇشى كېرەك. ئىلاھى كىتاب ياكى بىرەر دىن ئەھلىدىن بولمىغانلار پادىشاھلىرىنىڭ پەقەتلا دۇنيا مەنپەئىتى ئۈچۈن بەزىدە توغرا، بەزىدە خاتا قىلغان بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشىدۇ.

ئاخىرىدا دەيمىزكى ئاللاھ نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى پەرز ۋە ۋاجىب قىلدى؛ قىساس ئېلىشقا ئوخشاش جازا قانۇننى تۇرغۇزدى؛ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بەرپا قىلىش، دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش سىياسىيتى، مەۋجۇدىيەتنى قوغداش، چېگرىنى ھىمايە قىلىش، زۇلۇم قىلىنغۇچىغا ياردەم بېرىش، جازالارنى ئىجرا ۋە توپلىنىش، ئۇيۇشۇش، ھېيت ـ بايرام قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرىدى.

بۇ ۋاجىبلارنىڭ ھەممىسى پەقەت كۈچ ۋە رىياسەتچىلىك بىلەنلا ئادا قىلىنىدۇ. شەرىئەت قائىدىسىدىن مەلۇمكى ۋاجىبنى ئادا قىلىشقا ۋاستە بولىدىغان ئىش ئوخشاشلا ۋاجىبتۇر. دېمەككى ۋاجىبلارنى ئادا قىلىش ئۈچۈن رىياسەتچى تۇرغۇزۇش ۋاجىب.

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «دىنىمىزنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن رىياسەتچى تۇرغۇزۇش ۋاجىبنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭغا ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنىڭ ئەي ياخشى يولى».

2ـ ئىسلام دۆلىتىدە رەئىس بىردىن كۆپ بولامدۇ؟

ئالدىنقى ماۋزۇدا باش رىياسەتچى ياكى ئىسلام دەۋلىتىگە رەئىس تۇرغۇزۇشنىڭ قۇرئان، ھەدىس، ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ئەقىل تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان كەسكىن ھۆكۈم ئىكەنلىكى مۇقەررەرلەشتى. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆزىگە رىياسەتچى تۇرغۇزۇشى شەرىئەتنىڭ تەلىۋىدۇر.

ئۇندىن باشقا ئۇستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەسىلە شۇكى ئىسلام، ئىسلام ئۈممىتىگە بىرلا دۆلەت بولۇپ بىرلا رەئىسكە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇمىدۇ ياكى تارىختىكى ۋە يا بۈگۈنكىدەك بىر نەچچە مۇستەقىل دۆلەتلەرگە يۆلۈنۈپ ئايرىم رەئىس ۋە ئايرىم سىياسەت بىلەن ياشاشقا رۇخسەت قىلامدۇ؟

ئالىملىرىمىز ۋە فىقھشۇناسلىرىمىز بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان بولۇپ، كۆپ سانلىقى شەرىئەتكە ئۇيغۇن، ئەقلى مەنتىققە ئىگە، ئادەمنى قانائەتلەندۈرىدىغان ۋە كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىدىغان پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلغان.

بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكىنى كۆرىمىز:

بىرىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر:

بۇلار مۇتلەق كۆپ سانلىق ئالىملار بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى رەئىس تۇرغۇزۇلمايدۇ؛ دەپ قارايدۇ.

تۆۋەندىكى دىققىتىڭىزگە بۇ ھەقتە ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنى سۇنىمىز:

(1) قازى ئەبۇبەكر باقلانى (ھىجرىيىنىڭ 403 يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دەيدۇ: «ئوخشىمىغان يۇرتلاردىكى كېڭەش ئىگىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم بىر نەچچە رىياسەتچىگە بەيئەت قىلسا قانداق قارايسىلەر؟ كۆپ سورالسا، جاۋاب بېرىمىزكى بۇ خىل ھالەتتە ئەھدە ۋە بەيئەتلەر بىكار قىلىنىدۇ ۋە مەسىلە يېڭىدىن ئىزدىنىپ بىر تەرەپ قىلىشقا تاپشۇرىلىدۇ. بەيئەت قىلىنىش ۋە ئەھدە ئېلىشقا ھەقلىق دەپ قارالغان كىشىنىڭ رىياسەتچىلىكى كۈچكە ئىگە قىلىنىپ، باشقىلىرى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر ئاللاھقا ئاسى بولغان ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىنىدۇ»ز

(2)ئىمام ئەبۇمەنسۇر ئابدۇلقاھىرى ئىبنى تاھىر بەغدادى (شاپىئى مەزھىبىدىن، ھىجرىيىنىڭ 429- يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دەيدۇ: «بىرلا ۋاقىتتا ئىتائەت قىلىنىشى ۋاجىب بولغان ئىككى باشلىق بولمايدۇ. پەقەت بىرلا باشلىق تۇرغۇزۇلۇپ، قالغانلىرى ئۇنىڭ ئىتائىتى ئاستىغا كىرگۈزىلىدۇ. شەرىئەتتە ئېتىۋارغا ئېلىنمايدىغان سەۋەبلەر بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر ئىسيانكارلار، گۇناھكارلار ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولىدۇ».

(3) ماۋەردى (ھىجرىيىنىڭ 450- يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى يۇرتتا تۇرغۇزۇلغان ئىككى باشلىقنىڭ رىياسەتچىلىكلىرى كۈچكە ئىگە قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئاز سانلىق كىشىلەر جائىز بولىدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى باشلىق تۇرغۇزۇش مەنئى قىلىنىدۇ».

فىقھشۇناسلار كىمنىڭ ھەقلىق رىياسەتچى بولىدىغانلىقى ئۇستىدە ئىختىلاپ قىلىشىدۇ.

بەزىلەر رىياسەتچى ۋاپات بولغان يۇرت تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان كىشىنىڭ رىياسەتچىلىكى ھەقلىق بولىدۇ، دەيدۇ.

بەزىلەر ھەربىر يۇرت ئەھلى تىنچلىقنى ساقلاپ قىلىش، يوللۇنۇش، گۇمراھلىق ۋە كۆز ئالدىدا تۇرىۋاتقان زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن رىياسەتچىلىكنى قارشى تەرەپتىكى ياكى خالىغان بىر قېرىنداشقا ئۆتۈنۈپ بېرىشى كېرەك، دەيدۇ.

باشقىلار تالاش ـ تارتىش ۋە دۈشمەنلىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جەڭ تاشلاش ئارقىلىق بەلگىلەش كېرەك، دەيدۇ.

توغرا دەپ قارايدىغىنىمىز ۋە فىقھشۇناسلار بىرلىككە كەلگەن نۇقتا بولسا، رىياسەتچىلىك ئەڭ بۇرۇن بەيئەت قىلىنغان ۋە ئەھدە بىرىلگەن كىشىگە ھەقلىق بولىدۇ. كىمنىڭ ئەڭ بۇرۇن بەيئەت قىلىنغانلىقى مۇئەييەنلەشسە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. كېيىن قالغانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىشلىرىنى تاپشۇرۇشى ۋە بەيئەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

(4) ئىبنى ھەزم (ھىجرىيىنىڭ 456- يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دەيدۇ: «ئۇندىن كېيىن ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بىر تۇتاش رىياسەتچىلىك قىلىشنى پەرز دەيدىغان ئالىملار ئىسلام دۇنياسىدا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى باشلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى جائىز ئەمەس، يەنى بۆگۈنكى كۈنىمىزدە بىرلا باشلىق مۇھەممەد ئىبنى كىرام ئەسسەجىستانىنىڭ رىياسەتچىلىكىلا كۈچكە ئىگە»».

(5) ئەبۇيەئلا مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى يۇرتتا ئوخشاش ھالەتتە رىياسەتچىلىك ئىككى كىشىگە تاپشۇرۇلمايدۇ. ئەگەر ئىككى كىشى رىياسەتچىلىككە تۇرغۇزۇلۇپ، ئىككىسىدە مۇناسىۋەتلىك شەرتلەر تېپىلسا قاراپ بېقىلىدۇ. ئەگەر ئىككىلىسى بىرلا بەيئەت بىلەن تۇرغۇزۇلغان بولسا ئۇ بەيئەت ئىناۋەتسىز بولىدۇ. ئەگەر ئىككىلىسى ئايرىم ـ ئايرىم بەيئەت بىلەن تۇرغۇزۇلغان تەقدىردە، كىمنىڭ بۇرۇن بەيئەت قىلىنغانلىقى ئېنىقلانسا، ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. كېيىنكىنىڭ ئىناۋەتسىز. كىمنىڭ بۇرۇن بەيئەت قىلىنغانلىقى ئېنىقلانمىسا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇل بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

ئا: ئۇلارنىڭ بەيئىتى ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

ب: ئىككى توي ئىگىسى ئۇقۇشماستىن ھىمايىسى ئاستىدىكى قىز ياكى ئوغۇلنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى كىشى بىلەن ئۆيلەشكە پۈتۈشكەن ھالەتتە، كىمنىڭ بۇرۇن پۈتۈشكەنلىكى بىلىنمىسە ئىككى خىل ئۇسۇل بويىچە ھەل قىلىنغىنىغا ئاساسەن بۇ يەردە ئوخشاشلا چەك تاشلىنىدۇ.

(6) ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى جۇۋەينى (شاپىئى مەزھىبىدىن، ھىجرىيىنىڭ 478- يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيانىڭ ئىككى تەرىپىدە رىياسەتچىلىككە ئىككى كىشىنىڭ تەيىنلىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ».

ئىككىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر:

ئۇلار كەرامىيەلەردىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى كىرام سەجىستانى ۋە شىئەلەردىن بولغان سالىھىيەدەك ئاز ساندىكى كىشىلەردۇر. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە بىردىن كۆپ رىياسەتچى تۇرغۇزۇشنى جائىز، دەپ قارايدۇ.

ئىمام ئەبۇمۇھەممەد ئىبنى ھەزم «الفيل» ناملىق كىتابىدا، شەھرىستانى «الملل و النحل» ناملىق كىتابىدا ۋە بەغدادى «اپول الدين» ناملىق كىتابىدا بۇ سۆزنى ئۇلارغا مەنسۇب قىلىدۇ.

شەھرىستانى مۇنداق دەيدۇ: «كەرامىيەلەر سۈننى مەزھىبىدىكىلەرگە ئوخشاشلا رىياسەتچىلىكنىڭ تۇرغۇزۇلىشى قۇرئان ئايىتى ۋە تەيىنلىنىنىش بىلەن ئەمەس، ئۇممەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن مۇقەررەرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈم، دەپ قارايدۇ. ئەمما ئىككى يۇرتتا باشلىق بەيئەت قىلىنسا بولىدۇ، دېگەنلىكى كۆز قارىشىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن مەقسىتى بىر نەچچە

ساھابىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن شامدا مۇئاۋىيەنىڭ، مەدىنە ۋە ئىراقتا ئەلىنىڭ رىياسەتچىلىكىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن تۆۋەندىكىلەر ئايدىڭلىشىدۇ:

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئالىملار ئىسلام دۇنياسىدا بىرلا ۋاقىتتا بىردىن كۆپ باش رىياسەتچىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز بۇ قاراشتىكى كىشىلەرگە «چەكلىگۈچىلەر» دەپ ئىسىم بېرىمىز. ماۋەردى «الاحكام السلطانيە» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغانىدەك بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە رىياسەتچىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى جائىز دەپ قارىغان ئاز ساندىكى كىشىلەرگە «يول قويغۇچىلار» دەپ ئىسىم بېرىمىز.

چەكلىگۈچىلەر ۋە يول قويغۇچىلارنىڭ دەلىللىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

ئا: چەكلىگۈچىلەرنىڭ دەلىللىرى

قۇرئاندىن:

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار] (سۈرە ئال ئىمران 105-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) [ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ] سۈرە ئەنفال 46-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى ھەزم بۇ ئىككى ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپلىشىشنى ھارام قىلدى. ئەگەر ئىككى باشلىق مەيدانغا چىقسا ھارام قىلىنغان بۆلۈنۈش ھاسىل بولىدۇ. ئىختىلاپلىشىش يۈز بېرىپ ئاللاھقا ئاسىلىق قىلىش كېلىپ چىقىدۇ. يەنى بىزگە ھارام قىلىنغان ئىشنى قىلغان بولىمىز».

تارىخى پاكىت شۇنى ئىسپاتلايدۇكى ئىسلام دۇنياسى بىر نەچچە دۆلەت ۋە ئۆلكىلەرگە بۆلۈنگەن دەۋرلەردە تارىختىكى ئەڭ بەختسىز، ئەڭ يامان چاغلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئىدى. تارىخى بىزگە ئەندۇلۇستىكى ئۇمەۋىلەر دۆلىتى بىلەن شەرقتىكى ئابباسىيلار دۆلىتى ئارىسىدىكى بىر - بىرىگە بولغان ئاداۋەت، ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكتىن ئىبارەت ئەپسۇسلاندۇرارلىق مۇناسىۋەتتىن خەۋەر بېرىدۇ.

ب: رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن:

ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ «ئەگەر ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنسا ئىككىنچىسى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ.

بۇ ھەدىس كەسكىن ھالدا ئىسلام ئۈممىتىگە بىردىن كۆپ رىياسەتچىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىنى ھارام قىلىپ، ئىككىنچى خەلىپىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش، قارشى كەلسە ئۆلتۈرۈش، پۈتۈن ئۈممەتنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەم قوغداش ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈشكە قارشى كۈرەش قىلىشنى ۋاجىب قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئۈممىتىنى گۇمراھلىقتىن ھەزەر ئەيلەتكەن بۇ ھەدىستە، بىردىن كۆپ رىياسەتچىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى گۇمراھلىق ھېسابلاپ، ئىككىنچى قېتىم قىلىنغان بەيئەتنىڭ كۈچكە ئىگە قىلىنماسلىقىنى بۇيرۇيدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەنۇئىسرائىلگە پەيغەمبەرلەر رىياسەتچىلىك قىلاتتى. بىر پەيغەمبەر كەتكەندىن كېيىن يەنە بىرى ئىزىنى باساتتى. مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ؛ خەلىپىلەر بولىدۇ ۋە كۆپىيدۇ.

- بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ دەپ سورىشىدۇ.

- ئەڭ ئاۋۋال تۇنجى بەيئەت قىلىنغان كىشىنىڭ بەيئىتىنى كۈچكە ئىگە قىلىڭلار ۋە ھەققىنى ئادا قىلىڭلار، دەيدۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام» ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى.

ئۇلار يەنە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئورتاق كۆز قارىشىنى ئىسپات قىلىدۇ. ساھابىلار (ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رىزاسى بولسۇن) ئىسلام دۇنياسىدا بىرلا ۋاقىتتا بىردىن كۆپ رىياسەتچىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىنىڭ جائىز بولمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن ئىدى.

قازى ئابدۇلجاببار مۇنداق دەيدۇ: «بىر دەۋردە باشلىقنىڭ پەقەت بىرلا بولىدىغانلىقى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر تەپسىلى بايان قىلىندى. پەقەت بىر كىشىنىڭ رىياسەتچىلىكىلا كۈچكە ئىگە بولۇپ، رىياسەتچى مەۋجۇت بولغان شارائىتتا باشقا ھېچقانداق كىشىنىڭ رىياسەتچىلىكىنى ئېتىۋارغا ئېلىنمايدىغانلىقى ساھابىلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئىسلام ئەھلىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىدىيىسى. ساھابىلارنىڭ ئەمەلىيىتىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇكى ئۇلار بىر باشلىق ۋاپات بولغاندا ئورنىغا باشقا بىرىنى تۇرغۇزۇشقا ئالدىرىشاتتى. باشلىقسىز قېلىش خەۋپى تۇغۇلغاندا بۇ مەسىلىنى كۆز ئالدىغا قويۇشاتتى. ئىشەنچلىك بىر باشلىق تۇرغۇزغاندىن كېيىن خاتىرجەملىشەتتى. بۇ ھۆكۈم چوقۇم تەتبىقلىنىشى كېرەك».

ئۇلار ئەقلى جەھەتتىن: ئەگەر ئىسلام دۇنياسىدا ئىككى باشلىق بولۇشقا رۇخسەت قىلىنسا ئەلۋەتتە ئۈچ ـ تۆت ياكى بىر نەچچە باشلىقنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. چەكلەنسە چەكلىگۈچى دەلىلسىز ھۆكۈم يۈرگۈزگەن بولىدۇ. شۈبھىسىزكى بۇ ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان خاتالىق. ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا ئىش ھەر يىلى بىر باشلىق، ھەر بىر شەھەر، يېزا ياكى ھەر ئائىلىدە بىردىن باشلىق ياكى خەلىپە مەيدانغا كېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. بۇ قېيىقىزىل گۇمراھلىق، دىن ۋە دۇنيانىڭ ھالاك بولۇشىدۇر. بۇنى ساغلام مەنتىقىسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، دەيدۇ

ب: يول قويغۇچىلارنىڭ دەلىللىرى.

ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى دەلىل قىلىدۇ:

(1) ھەبباب ئىبنى مۇنزىرنىڭ سەقىفىدىكى بەنى سەئىدەدە ئەبۇبەكر ۋە ئۆمەر ۋە ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ يېنىدا ئېيتقان «بىزدىن بىر باشلىق، سىلەردىن بىر باشلىق، دېگەن سۆزى».

(2) ئەلى ئىبنى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شامدا بىرلا ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولۇپ تۇرۇشى.

(3) يەنە بىرلا ۋاقىتتا ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپە بولۇپ تۇرۇشى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ھەسەن ئىبنى ئەلىگە ۋە بىر قىسمى مۇئاۋىيەگە بەيئەت قىلغان ئىدى. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى بىر يىل ئەتراپىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى.

(4) ئابباس ۋە ئەبۇ سۇفياننىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېيتقان «قولۇڭنى بەر، ساڭا بەيئەت قىلىمىز» دېگەن سۆزى.

بۇ سۆزلەرنى رەت قىلىنىشى:

يول قويغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان بۇ دەلىللەرنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق ھېچقايسىسىنىڭ ئىسپات قىلىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇلار تارىخى ۋەقەلەر ۋە سۆزلەر بولۇپ، ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى تەرىپىدىن ھېچقانداق قانۇنى ئاساسقا ئىگە ئەمەس.

ھەبباب ئىبنى مۇنزىرنىڭ سەقىپىدە ئېيتقان سۆزى پەقەت تەكلىپتىنلا ئىبارە بولۇپ، بىردەك رەت قىلىنغان ۋە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھدىن رىۋايەت قىلغان: «رىياسەتچىلەر قۇرەيشتىن بولىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن ئۇنىڭغىلا بەيئەت قىلىنغان.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىياسەتچىلىكنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنىڭ ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

ھەببابنىڭ «بىزدىن بىر باشلىق، سىلەردىن بىر باشلىق» دېگەن سۆزىنى باشقا بىر مەنىدە ئېيتقانلىقىنى كۆچلۈك ئىشەنچ بىلەن قىياس قىلىشقا بولىدۇكى رىياسەتچىلىكنى مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلار نۆۋەت بىلەن ئېلىپ بېرىش، يەنى بىر قېتىم ئەنسارلاردىن، بىر قېتىم مۇھاجىرلاردىن بولغان كىشى رىياسەتچىلىك ۋەزىپىسى ئۆتەش.

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ۋە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا خەلىپە بولۇپ تۇرۇش ۋەقەسىنى تۆۋەندىكىدەك مۇلاھىزە قىلىمىز.

(1) ھەقىقەت ئىگىسى بولغان خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. يەنى رەسۇلۇللاھ ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ زالىم گورۇھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ئىدى. ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولۇپ، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

(2) ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان ئىدى. دېمەككى ئۇ ئاۋال بەيئەت قىلىنغان خەلىپە ئىدى. ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان خەلىپە ئېتىۋارغا ئېلىنمايتتى. مۇسۇلمانلار ھەممىسى ئاۋال تۇرغۇزۇلغان خەلىپىگە بەيئەت قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقىقەت ئىگىسى. مۇئاۋىيە خاتا ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشقان. سەھۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىق نەزەرگە ئېلىنمايدۇ.

(3) ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ۋە مۇئاۋىيە بىر ـ بىرىگە بويسۇنمىدى. ھەر ئىككىسى ئۆزىنى ھەقلىق دەپ قارايتتى.

ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ھەسەن ۋە مۇئاۋىيەنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھۆكۈمرانلىققا چىقىشى رەت قىلىنىدۇ. ئۇلارمۇ ھەر ئىككىسى ئۆزىنى ھەقلىق دەپ قارايتتى. ئاخىرى ھەسەننىڭ ئوتتۇرىدىن چېكىنىشى بىلەن شەرق ۋە غەربتىكى پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى بىر خەلىپە ئەتراپىغا توپلىنىپ بىر پۈتۈنلىكى ھاسىل قىلىندى. ئۇ يىل «توپلىنىش يىلى» دەپ ئاتالدى. شەرىئەت ھاكىمىيىتىنىڭ بىر رىياسەتچىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا قايتا مۇستەھكەملىنىشى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. ئۇ بىر قېتىم ئۆمىلەۋاتقان سەبى ھەسەن ئىبنى ئەلىنى كۆرۈپ «بۇ ئوغلۇم ـ سەرداردۇر. ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئىككى گۇرۇھنىڭ ئارىسىنى ياخشىلىشى مۇمكىن» دېگەن ئىدى. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى ئەندۇلۇستا ئۇمەۋىيلەر دۆلىتى ۋە شەرقتە ئابباسىيلار دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى رىياسەتچىنىڭ بىردىن كۆپ بولۇشىنىڭ يول قويۇلغانلىقىغا ئىسپات بولالمايدۇ. ھېچقاچان بىرەر تارىخى ۋەقە قۇرئان، ھەدىسقا ئۇيغۇن كەلمىگەن ھالەتتە قانۇنى ئاساس قىلىنمايدۇ.

ئابباس ۋە ئەبۇسۇفياننىڭ ئەلىگە ئېيتقان «قولۇڭنى بەر، ساڭا بەيئەت قىلىمىز» دېگەن سۆزى راست بولغان تەقدىردىمۇ ئىسپات بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارغا نىسبەتەن رىياسەتچىلىك ئىشى تېخى مۇقىملاشمىغان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋال بەيئەت قىلغىنىغا ئوخشاشلا ئەلىمۇ، ئەبۇبەكرگە بەيئەت قىلغان.

بۇ يەردە شۇنى دېيەلەيمىزكى ئىسلام بىرلىك دىنى بولۇپ ھەممە جەھەتتىكى بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بۆلۈنۈش چېچىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى پاك ئاللاھتىن ئىبارەت بىرلا ئىلاھقا قۇلچىلىق قىلىشقا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش. ئىتائەت قىلىش ۋە تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. مۇسۇلمانلارغا قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بىرلا قىبلە ـ كەبىگە يۈزلىنىش، ئىمان، ئەقىدە ۋە دىن رىشتىسى ئاستىدا بىر ئۇممەت بولۇپ ئۇيۇشۇش، شۇنداقلا بىرلا ھۆكۈمەت، بىرلا رىياسەتچى، بىرلا قانۇن ئاساسىغا قۇرۇلغان دۆلەت قۇرۇشنى ۋاجىب قىلىدۇ.

ئوخشىمىغان ھۆكۈمەت ۋە باشقىلارنىڭ مەيدانىغا كېلىشى قەتئىي چەكلىنىدۇ. بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپلىشىشنى چەكلەيدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلارنىڭ ئومۇمى ھۆكمى ئىسلام دۆلىتىنىڭ قانچىلىك كېڭەيگەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بىرلا ۋاقىتتا بىردىن ئارتۇق باشلىق تۇرغۇزۇشنى يولغا قويمايدۇ. بەلكى بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىققان ئىككى باشلىقنىڭ كېيىنكىسى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ.

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقنى قوغداش، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە تارالغان دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا كۈچ قۇدرىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، تارىخ ۋە بۈگۈنكى كۈنىمىزدە بۆلۈنۈش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تىراكىدىيە، خورلۇق، قۇللۇق، مەھكۇملۇق، ھەتتا مەسجىد ئەقسانى قايتۇرۋېلىشقا كۈچى يەتمەيدىغان دەرىجىگە كېلىپ قالغان بىچارە ھالىتىدىن ساقلاش ئۈچۈن، مەنسەپ ۋە رىياسەتچىلىك قانائەتسىزلىكى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق ۋە بۆلۈنۈشنىڭ خەتىرىنى ھەر زامان ئەسكەرتىدۇ.

3- ئىسلام دۆلىتىنىڭ رەئىسىنىڭ ئاتىلىشلىرى

ئىسلام ھاكىمىيىتى ۋە ھۆكۈمرانلىرى تارىخىدا ئىسلام دۆلىتى رەئىسلىرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئىسىم بىلەن ئاتالغان:

(1) خەلىپە

خەلىپە ئەرەبچە سۆز بولۇپ «ئىزباسار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۈنجى قېتىم دىننى قوغداش ۋە ئۇنىڭ بىلەن دۇنيانى ئىدارە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزباسارى بولغان ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەلىپە نامى بېرىلگەن. ئۇ بۇ ئىسىمنى قوبۇل قىلىپ «ئاللاھنىڭ خەلىپىسى» دېيىشنى چەكلىگەن ئىدى. كۆپ سانلىق فىقھشۇناسلار ۋە ئالىملار بىرەر ئىنسانغا «ئاللاھنىڭ خەلىپىسى» دەپ نام بېرىشنىڭ جائىز بولمايدىغانلىقىنى ۋە بۇنى دېگۈچىنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈنكى ئىزباسارلىق بىرى ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن مەيدانغا چىقىدۇ. ئاللاھ بولسا مەڭگۈ ھايات، يوقالمايدۇ. ھېچكىم ئاللاھنىڭ ئىزباسارى بولالمايدۇ.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىر قېتىم بۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىلغاندا رەت قىلىدۇ. ئىبنى ئابدۇلھەكەم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى «ئى ئاللاھنىڭ خەلىپىسى» دەپ چاقىرىدۇ. ئۇ: بولدى قىل، مەن تۇغۇلغاندا ئاتا ـ ئانام ئىسىم قويغان ئىدى. ئەگەر «ئى ئۆمەر» دەپ چاقىرغان بولساڭ جاۋاب بېرەتتىم، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزەمگە ئەبۇھەفس لەقىمىنى قويدۇم. ئەگەر «ئى ئەبۇھەفس» دەپ چاقىرغان بولساڭ جاۋاب بېرەتتىم. ئىشلىرىڭلارغا مەسئۇل قىلىنغاندىن كېيىن «ئەمىرۇلمۆمىنىن» دېدىڭلار، ئەگەر«ئەمىرۇلمۆمىنىن» دېگەن بولساڭ جاۋاب بېرەتتىم، ئەمما مەن «ئاللاھنىڭ خەلىپىسى» ئەمەس، دەيدۇ.

(2) ئەمىرۇلمۆمىنىن: (مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى دېمەكتۇر)

تۇنجى قېتىم بۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىلغان كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئۇنى بۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار بۇ ئىسمنى ياخشى كۆرۈپ قوللىنىشقا باشلايدۇ. بۇ ئىسمنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ياكى ئەمر ئىبنى ئاس ياكى مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە دەپ قارىلىدۇ. ياكى ئازات قىلىنغان يەرلەردىن خەۋەرچى كېلىپ مەدىنىدە «ئەمىرۇلمۆمىنىن قەيەردە» دەپ ئۆمەرنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. ساھابىلار بۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئىسمنى توغرا چاقىردىڭ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى» دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىسىم كىشلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىدۇ ۋە تارىخ بويىچە خەلىپىلەرگە خاس ئىس بولۇپ داۋاملىشىدۇ.

ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىنىڭ ئاتىلىشلىرىنى خىلمۇ ـ خىللاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئورۇنسىز نەرسىلەرنى يۈكلىشى بىلەن ئارلىشىپ كېتىدىغان ۋە ئاللاھدىلىكنى يوقىتىدىغان ھالەتلەر كېلىپ چىقتى.

بۇ ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق پىكىر ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىپ، بىرەيلەن ئۇنى «ئى رەسۇلۇللاھنى ئىز باسارى» دەپ چاقىرغاندا، بۇ بەك ئۇزىراپ كېتىدىغان. ھەر قېتىم يېڭى خەلىپە تىكلەنگەندە «ئى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىز باسارىنىڭ ئىز باسارى...» دېيىش كېرەكمۇ. سىلەر مۆمىنلەر، مەن باشلىقڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى «مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى يەنى ئەمىرۇلمۆمىنىن» دەڭلار دېگەن ئىدى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى ئەمىرۇلمۆمىنىن ئاتالغۇسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن خەلىپە ئاتالغۇسى كېرەكسىز قىلىنمىغان ئىدى. بەلكى ھەرئىككىلىسى ئەمىرۇلمۆمىنىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئورتاق قوللىنىلدى. مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى دېگەن بۇ ئىسىم باشلىق سايلاش ئىشىنىڭ، ھەقىقى ئىگىسى مۆمىنلەرگە تاپشۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(3) ئىمام: (رىياسەتچى، يولباشچى ۋە يا باشلىق دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ)

ئىسلام دۆلىتى رىياسەتچىسى مۇسۇلمانلارغا ناماز ئوقۇش، ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتلەردە رىياسەتچىلىك قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭمۇ ناماز ئوقۇغۇچىلار ئىمامغا ئەگەشكەندەكلا ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دەيدۇ: ئىمام ئاتالغۇسى ئەگىشىش ۋە ئىقتىدا قىلىش جەھەتلەردە ناماز ئىمامغا ئوخشىتىپ قويۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت رىياسەتچىلىكى ناماز، ھەج، ھېيت ـ بايراملار ۋە

يېغىشلارغا قىلىنغان «كىچىك ئىمامەتچىلىك» تىن پەرقلەندۈرۈلۈپ «بۈيۈك ئىمامەتچىلىك» (بۈيۈك رىياسەتچىلىك) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ: ئىمامەتچىلىك ئىزاھلانغان شەرت ئاستىدا فىقھشۇناس، ئالىم ياكى بىرەر مەسجىدنىڭ ئىمامىغا قارىتامۇ ئىپتىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: دىن ئىمامى، پالانى قەبىلىنىڭ ئىمامى... ۋە لېكىن ئىسلام ئەھلىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولمىغان باشقا بىر كىشى بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالمايدۇ.

پەقەت شىئەلەرنىڭ ئۇقۇمىدا ئىمامەتچىلىك باشقىچە مەناغا ئىگە. ئىبنى خەلدۇن بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: شىئەلەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپىلىكنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولغان ئىمامەتچىلىك بىلەن سۈپەتلەش، شۇنداقلا مەزھىبىگە ئاساسەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن نامازغا ئىمامەتچىلىك قىلىشقا ئۇنىڭ ئەبۇبەكردىن تېخىمۇ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىپلان قىلىش ئۈچۈن، ئىمام ئاتالغۇسىنى ئۇنىڭغىلا خاس قىلىدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ مەزھىبى ۋە بىدئەتلىرى ئۇلارغا ئىمام ئاتالغۇسىنى ئۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىلىك مەنسۇپىگە ئولتۇرغان ئۆز كىشىلىرى ئۈچۈنلا خاس قىلىشنى بۇيرۇيتتى. ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنى رازى قىلغانلارنى بۇ ئىسىم بىلەن ئاتايتتى. ئەمما دۆلەت باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى ھامان بەنى ئابباس شىئەلىرى قىلغاندەك خەلىپىنىڭ ئىسمىنى ئەمىرۇلمۆمىنىنغا ئۆزگەرتتى. ئۇلار بۇ يوشۇرۇن رىياسەتچىلىرىنى ئىبراھىمغا كەلگىچە «ئىمام» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا چىقتى. ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپە سەپپاھ «ئەمىرۇلمۆمىنىن» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى شىئەلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۆزلىرى رازى بولغان كىشىلەرگە بەيئەت قىلىشقا بەنى ئابباس ۋە تىل بىرىكتۈرگەن ئىدى. ئالدانغانلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئەبۇ ئابدۇللاھ ساپپاھنىڭ بەيئىتىگە قوشۇلمىدى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە ئابباسىيلار دۆلىتىگە بىر نەچچە قېتىم ئىسيان قوزغىدى.

بىلىشىمىز كېرەككى قۇرئان ئايەتلىرىدىكى خەلىپىلىك، ئىمامەتچىلىك، مۆمىنلەرنىڭ رىياسەتچىلىكى ۋە پادىشاھلىق ئومۇمى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا پەقەتلا رىياسەتچىلىك قىلىش مەقسىتىدە ئېيتىلغان. ئەكسىچە ئۇلاردىن بىرەر مۇئەييەن ھاكىمىيەت تۈزۈمى مەقسەت قىلىنمايدۇ. داۋۇد ئەلەيھىسسالام قۇرئاندا خەلىپە ۋە پادىشاھ دەپ ئاتالغان. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق] (سۈرە ساد 26-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) [داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈردى. ئاللاھ داۋۇدقا سەلتەنەتنى بەردى] (سۈرە بەقەرە251-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر يەردە ئىمام دەپ ئاتالغان ۋە ھىدايەت تاپقان ئەۋلادلىرىنىڭ ئىماملاردىن بولىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىلگەن. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئاللاھ (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ» دېدى. ئاللاھ: «مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.] (سۈرە بەقەرە 124-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە باشقا يەردە ئەۋلادلىرىنى سەلتەنەت ئىگىلىرى سۈپىتىدە زىكىر قىلىدۇ. يەنى [بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت بەردۇق ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق بەردۇق.] (سۈرە نىسا 54-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بەنى ئىسرائىل پىرئەۋننىڭ زۇلمى ۋە قۇل قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئىماملاردىن بولۇشى ۋەدە قىلىنىدۇ. [بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز] (سۈرە قەسەس 5 –ئايەت) ئۇلار پىرئەۋننىڭ

زۇلمىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن مۇستەقىل دۆلەت قۇرىدۇ ۋە مۇسۇلمان ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بولغان مەرھەمىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: [«ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد قىلىڭلار، ئاللاھ ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلارغا خوجا قىلدى)».] سۈرە مائىدە 20-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپىلىك، پادىشاھلىق ۋە ئىمامەتچىلىكلەر ئوخشاش مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، پەقەتلا دۆلەتنىڭ ئالى رىياسەتچىلىكى ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. ئىسلام ئۇنىڭ باشقا ھەر قانداق مەنىدە ئېيتىلىشىغا يول قويمايدۇ.

4- ئىسلام دۆلىتى رەئىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر

ئىسلام دۆلىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش، ئىنتايىن نازۇك ۋەزىپىكى پۈتۈن ئىسلام ئۇممىتىگە مۇناسىۋەتلىك بۈيۈك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەئىسنىڭ تەپەككۇر قىلىش جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ۋە ئىرادە جەھەتتىكى چىدامسىزلىقى ياكى ئۇ جەھەتتىكى ئۆتكۈزلىگى، جاسارىتى ۋە چىداملىقلىغى ئۇممەتتە بىۋاستە ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. ئۇممەتنىڭ بۇ دۇنيادىكى غالىبىيىتى ياكى مەغلۇبىيىتى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ غالىبىيىتى ياكى مەغلۇبىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بۇ نازۇك ۋەزىپىنى ئادەتتىكى بىر كىشى ئەمەس، مۇئەييەن شەرت ۋە سۈپەتلەرگە ئۇيغۇن كىشىلەرلا ئۆز ئۈستىگە ئالالايدۇ.

ئىسلام ئالىملىرى ئىسلام دۆلىتى رەئىسلىككە تەيىنلىنىدىغان كىشىدە تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ:

(1) مۇسۇلمان بولۇش

ئىسلام دۆلىتى رەئىسى چوقۇم مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك. كاپىر بۇ نازۇك ۋەزىپىگە قەتئى يېقىن كەلتۈرۈلمەيدۇ. قۇرئان مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمان باشلىقىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: [ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار] سۈرە نىسا 59-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئىش ئۈستىدىكى ئىتائەت قىلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسى ئومۇمى باشلىق. ئالدىنقى قىسىملاردا ئالىملارنىڭ بۇ ئايەتنى رەئىسنىڭ ئىسلام ئۇممىتىدىن تۇرغۇزۇلۇشىنىڭ، شۇنداقلا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان، ئىسلام شەرىئىتىنى ئىجرا قىلغان ۋە گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇمىغان شەرت ئاستىدا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىتائەت قىلىنىشىنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى قەتئى ھارام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: [ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ.] سۈرە نىسا 141-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شەكسىزكى دۆلەت رىياسەتچىلىكىدىن ئىبارەت ئەڭ بۈيۈك ۋەزىپە كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارغا قارشى يول قىلىپ بېرىلمەيدۇ. ئاللاھ تۆۋەندىكى سۆزىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچبىر ئىشنى مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ مەسئۇلىقىغا تاپشۇرماسلىقىنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: [مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ] (سۈرە ئال ئىمران 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتۇشىنى

چەكلىگەن يەردە ئەلۋەتتە ئۆزلىرىگە ھۆكۈمران قىلىۋېلىشىنى چەكلەيدۇ. چۈنكى ھۆكۈمرانلىق - ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە يېقىنلىقتۇر. كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا دوست بولالمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [كاپىرلار (ياردەمدە ۋە مىراستا) بىر- بىرىگە ئىگىدۇر، ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ.] سۈرە ئەنفال 73-ئايەت.

ئىسلام دۆلىتى رەئىسى نامازدا مۇسۇلمانلارغا ئىمام بولىدۇ. ئەمما كاپىرنىڭ ئىمام بولۇشى ۋە ناماز ئوقۇشىدىن سۆز ئېچىلمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغىچە مەدىنەدە مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزىنى باشلاپ ئوقۇيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇبەكر، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭ ئىزىنى باستى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزىدا شېھىت قىلىندى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزىغا كېتىۋاتقاندا ئابدۇراھمان ئىبنى مۇلجەم دېگەن بەدبەخت تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان ئىدى.

چۈنكى خەلىپە ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدە خەلىپىنىڭ ئۆزى ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاش، ئۇممەتنىڭ مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئىسلامنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنى قوغداپ ئىسلام تارقىتىشتەك مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ. كاپىرلارنىڭ بۇلارنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى ۋە بۇنىڭغا تۈرتكە بولىدىغان ۋىجدانى كۈچى بولمايدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد ئەسەد «ئىسلامدىكى ھاكىمىيەت مىتودى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: دۆلەت رىياسەتچىلىكىنى پەقەتلا بۇ شەرىئەت ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئىلاھى مەنبەسىگە ئىشىنىدىغان كىشىگە، يەنى مۇسۇلمانغا تاپشۇرۇش مۇمكىن. ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئەجەللىك ۋەزىپىلىرىنى مۇبارەك ئىسلام تەلىماتلىرىغا چىن دىلىدىن باش ئىگىدىغان ئىخلاسمەن كىشىلەرگە تاپشۇرماي تۇرۇپ ئۇنى ھەقىقي مەنىسىگە ئىگە قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

گۇناھكار مۇسۇلماننىڭ ئىمامەتچىلىك قىلىش جائىز بولمىغان يەردە ئەلۋەتتە كاپىرنى ئىسلام دۆلىتى رىياسەتچىلىكىگە تەيىنلەشكە بولمايدۇ.

(2) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك بالاغەتكە يېتىش مەجبۇرىيەتكە بۇيرۇلۇشنىڭ شەرتى. بالاغەتكە يەتمىگەن ئۆسمۈر شەرىئەت ھۆكمى ئالدىدا مەجبۇرىيەت ئىگىسى ئەمەس. شۇنىڭدەك دۆلەتتىكى ھەربىر يېتەرسىزلىكىدىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغان رىياسەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ نازۇكلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىراق زېمىنىدا بىر خېچىر يېقىلىپ چۈشسە ئاللاھنىڭ ئالدىدا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا يولنى تۈزلەپ بەرمىگەنلىكىمدىن مەسئۇلىيەتكە تارتىلىمەن» ئۆسمۈر ئۆزىگە ئۆزى مەسئۇل بولالمىغان يەردە ھەرگىزمۇ ئىسلام دۆلىتى ۋە چوڭلار، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

(3) ئەقىللىق بولۇش

ئەقىلمۇ مەجبۇرىيەتكە بۇيرۇلۇشنىڭ شەرتى: شۇنىڭ ئۈچۈن شاراڭنىڭ رىياسەتچىلىكى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاللاھ مەھرۇم قويغان نەرسىسگە ماس ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مال ـ مۈلكىنى نورمال ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان كىشىگە

ھەرگىزمۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكى، ئىپپەت ـ نومۇسى، ھاياتى، ئۇرۇش قىلىش ۋە توختام تۈزۈش ھوقۇقلىرى تاپشۇرۇلمايدۇ.

ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ: «رەئىس كىشىلەرنىڭ نامىزىنى باشلاپ ئوقۇش، زاكاتلىرىنى توپلاپ ئورنىغا ئىشلىتىش، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇلار ھەممىسى ئەھدە بولۇپ، بالاغەتكە يەتمىگەن ئەقلى جايىدا بولمىغان كىشىگە بۇ خۇسۇستىن خىتاب قىلىنمايدۇ».

ھالبۇكى دۆلەت رەئىسىنىڭ ئەقلى جايىدا بولۇشىلا ئەمەس بەلكى ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتە ئۈممەتنىڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارالايدىغان ۋە مۇناسىپ ھەل قىلىش يولى تاپالايدىغان دەرىجىدە ئۆتكۈرلۈككە ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

(4) ھۆر بولۇش

قۇل، ۋاقىتلىق قۇل ۋە توختاملىق خىزمەتكارلار دۆلەت رەئىسى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس. چۈنكى ئۇلار خوجايىنلىرىنىڭ ئالدىدا مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان بولۇپ ئۆزى ۋە ئۈممەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا خالىغانچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئەركىنلىكىگە ئىگە ئەمەس.

(5) ئەر كىشى بولۇش

پۈتۈن ئۈممەت ئالىملىرى رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئىشىغا ئايال كىشىنى مەسئۇل قىلغان مىللەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ». دېگەن ھەدىسى ۋە ئاللاھنىڭ [ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر] (سۈرە 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايىتىگە ئاساسەن ئايال كىشىگە ئىسلام دۆلىتى رىياسەتچىلىكى ۋەزىپىسىنىڭ تاپشۇرۇلمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كېلىدۇ. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنىغا ئوخشاش ئەرلەر ئاياللاردىن بۈيۈك ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتا تېخىمۇ سالاھىيەتلىك ۋە تېخىمۇ كۆپ ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرلەر ئاياللارغا يېتەكچى بولىدۇ. ئاياللار دۆلەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەنمەيدۇ.

بۇ ئايەت ئائىلىنىڭ ھىمايە قىلىنىشى ھەققىدە نازىل بولغان، لېكىن سەۋەبىنىڭ خۇسۇسىيلىقى ئايەت ھۆكمىنى ئومۇمىلىقتىن چەكلىمەيدۇ. ئايەتتىكى ئومۇمى ھۆكۈم ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە. ئاياللارنىڭ ئىقتىدارى بىر نەچچىلا كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ئائىلىنى ئىدارە قىلىشقا يېتەرلىك بولمىغان يەردە، بىر پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشقا تېخىمۇ ئاجىز كېلىشى تەبىئىي.

رەئىس دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلارغا نامازدا ئىمام بولىدۇ. شەرىئەت ھۆكمىگە ئاساسلانغاندا ئاياللار ئەرلەرگە ئىمام قىلىنمايدۇ. ئايال كىشىنىڭ ئىمامەتچىلىكى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوقۇلغان ناماز خاتا ھېسابلىنىدۇ ۋە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۆتكۈر ئەقىللىق، توغرا پىكىرلىك، مۇستەھكەم ئىرادىلىك، كەسكىن قارارلىق بولىدۇ. ئەكسىچە ئاياللارنىڭ تەبىئىتى ھېسسىياتچانلىق بىلەن تولغان بولۇپ، قايغۇ، خۇشاللىق ۋە غەزەپ ئۇلاردا دەرھال ئەكس تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

(6) دۇرۇستلۇق

بىلىشىمىز كېرەككى بۇ يەردىكى دۇرۇستلۇقتىن ئىسلام دۆلىتى رەئىسلىكىگە نامزات بولىدىغان كىشىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە پائالىيىتىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسان ۋە خاتالىقتىن خالى بولۇپ كامالەت دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇشى مەقسەت قىلىنمايدۇ. بۇ سۈپەتلەر پەقەت ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ گۇناھ ـ مەسىيەتتىن قوغدالغان پەيغەمبەرلەردىلا (ئۇلارغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) تېپىلىدۇ.

جەئفەرى مەزھەبىدىكى 12 ئىمام شىئەلىرى ئىمام سۈپەت، ئىلىم ۋە پاكلىق جەھەتتە پەيغەمبەرگە ئوخشاش بولۇپ، بارلىق گۇناھ ۋە خاتالىقتىن پاك، دەپ قارايدۇ. مۇھەممەد رىزا مۇزەففەرى (ئىراق، نەجەف فىقھى ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى) «ئىماملىرىنىڭ ئەقىدىسى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىز، ئىمام، پەيغەمبەرگە ئوخشاشلا تۇغۇلغاندىن ئۆلگەنگە قەدەر قەستەن ياكى سەھۋەنلىكتىن كىچىك چىقىدىغان بارلىق رەزىللىكتىن ۋە بۇزۇقچىلىقتىن، شۇنداقلا خاتالىق ۋە ئۇنتۇشتىن پاك بولۇش كېرەك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. چۈنكى ئىمانلار شەرىئەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ۋە ھىمايىچىلىرى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى پەيغەمبەرنىڭكىگىلا ئوخشايدۇ. بىزدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ - مەسىيەتتىن مەسۇم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىنى تەلەپ قىلغان دەلىل ئوخشاشلا ئىماملارنىڭمۇ ئەينى ھالەتتە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئائىت دەلىللەرگە ئاساسەن ئېتىقاد قىلىمىزكى ئىمام پەيغەمبەرگە ئوخشاشلا شىجائەت، سېخىلىق، پاكلىق، دۇرۇستلۇق، ئەقىل، پاراسەت، ھېكمەت ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت كىشىلىك سۈپەتلەردە تاكامۇللاشقان بولۇپ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇشى كېرەك.

ئىلاھى ئەھكاملار بارلىق مەرىپەت ۋە مەلۇماتلارنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ياكى ئالدىنقى ئىمامنىڭ ۋاستىسى بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئىلمىنى ھاسىل قىلىدۇ. تەسادىپى قىيىن مەسىلىنى شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بېغىشلىغان مۇقەددەس قۇدرەتنىڭ ئىلھامى بىلەن ھەقىقىي ماھىيىتىگە قەدەر خاتالاشمىغان ھالدا بىلەلەيدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىلمى كۆپىيىش ۋە تاكامۇللىشىشچانلىقىغا ئىگە بولسىمۇ ھېچقانداق ئەقلى دەلىل ياكى ئۆگىتىلىشكە مۇھتاج بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاممۇ: «ئى رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن» دېگەن ئىدى.

ئىمامنىڭ «مۇقەددەس قۇۋۋەت» تىن ئىبارەت ئىلھاملىنىش كۈچى تولۇق كامالەت دەرىجىسىگە يەتكەن بولىدۇ. ئىمام ھەر ۋاقىت ھەر شارائىتتا مۇقەددەس روھى سايىلىقى بىلەن مەلۇمات قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. بىرەر نەرسىگە ئۇچرىغان ھامان دەرھال كۆڭۈل ئېكرانىدا بىلمەكچى بولغانلىرى ئوپ - ئوچۇق روشەنلىشىدۇ».

بىز دەيمىزكى بۇلار پەقەتلا قۇرۇق سەپسەتە بولۇپ قۇرئان كەرىم ۋە مۇبارەك ھەدىس شەرىپلەردە ھېچقانداق ئاساسى يوق. مەسۇملۇق پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭلا خۇسۇسىيىتى. ھەر كىشى خالىغىنىنى داۋا قىلالايدۇ، ئەمما داۋا قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. ئىنسانلارغا داۋا قىلغان نەرسىسى بىرىلىدىغان بولسا شۈبھىسىزكى بەزىلەرنىڭ جېنى ۋە مال - مۈلكى خەتەرگە ئۇچرىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت داۋا قىلغۇچىنىڭ ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىراننىڭ سابىق رەھبىرى خۇمەينى سۆزلىرىدە ئىمامنىڭ مەسۇملىغىنى بەلكى شىئە ئىماملىرىنىڭ پەرىشتە ۋە پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھقا يېقىن پەرىشتە ياكى پەيغەمبەرمۇ يېتەلمەيدىغان مەرتىۋىگە ئىگە، دەپ قارايدۇ. ئۇ «ئىسلامى ھۆكۈمەت» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ئىمام مەدھىيىلىنىدىغان مەرتىۋە، ئالى دەرىجە ۋە سەلتەنەتكە، پۈتۈن كائىنات زەررىچىلىرى باش ئەگىدىغان خەلىپىلىككە ئىگە. مەزھىبىمىز ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، ئىماملارنىڭ ھەدىس ۋە رىۋايەتلىرى ئىماملىرىمىزنىڭ ئاللاھقا يېقىن پەرىشتە ياكى پەيغەمبەرمۇ يېتەلمەيدىغان مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىزگە بۇيرۇيدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ ئەرشىنى قورشاپ تۇرغان نۇر ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان مەرتىۋىلەرنى ئاتا قىلغان ئىدى. ئۇلاردىن

«ئاللاھ بىلەن ئارىمىزدا ئاللاھقا يېقىن پەرىشتىلەر ياكى پەيغەمبەرمۇ بىلمەيدىغان مۇناسىۋەتلەر بولىدۇ» دېگەندەك رىۋايەتلەر قالغان».

تۆۋەندە بەغدادىنىڭ ئىمامنىڭ گۇناھ، خاتالىقتىن پاكلىغى ئېتىقادىدىكىلەرگە قىلغان رەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

(1) ئەگەر ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاتالىقتىن پاك ئىماملاردىن بولسا مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان بەيئىتىگە نېمە دەيسىلەر؟ ئەگەر ئۇنىڭغا قىلغان بەيئىتى توغرا بولسا مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىكى قوبۇل قىلىنغان بولىدۇ. ئەگەر خاتا بولسا ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاتالاشقان بولىدۇ.

(2) 12 ئىمام مەزھىبىدىكىلەر ئىمامنى مەسۇم دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەۋپ ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئىماملىقىنى ئىنكار قىلىشى، يەنى مەن ئىمام ئەمەس، دېيىشى جائىز بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى بۇ ئۇنىڭ ئۇلار رۇخسەت قىلغان يالغانچىلىقى. ئەگەر «مەن ئىمام ئەمەس» دېگەن سۆزىنى راست دەپ قارىسا، ئۇنىڭ «مەن ئىمام» دېگەن سۆزىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

(3) ئەگەر ئىمامنىڭ پۈتۈن گۇناھ ۋە خاتالىقتىن مەسۇم بولۇشى شەرت قىلىنسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىز باسار ۋە ياردەمچىلىرىنىڭمۇ مەسۇم بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر ھەربىر كىشى مەسۇم بولۇپ توغرا يولدا ماڭالىسا ئىمامغا ئېھتىياجى قالمايدۇ.

ئەمما ئادەتتىكى مۇسۇلمان كىچىك گۇناھلارنى قىلىشى مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭ دۇرۇستلىقىنى ۋە مۇسۇلماندارچىلىقىنى يوققا چىقارمايدۇ. ئۇنىڭدىن پەقەت ئۆتكۈزگەن خاتالىغى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش، خاتالىقتىن قول ئۈزۈش ۋە ئۇ يولغا ئىككىنچى قەدەم باسماسلىق ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىرادە تىكلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بارلىغىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر گۇناھ قىلمايدىغان بولساڭلار ئاللاھ سىلەرنى ئېلىپ كېتىپ، باشقا بىر گۇناھ قىلىدىغان خەلقنى كەلتۈرەتتى. ئۇلار ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلاتتى. ئاللاھ مۇسۇلمان ئۇلارنى مەغپىرەت قىلاتتى».

دۇرۇستلۇقتىن بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتكە تەيىنلىنىدىغان كىشىنىڭ ئىسلامدىكى پەرز ۋە ئاساسلارنى ئادا قىلغان، بۈيۈك گۇناھلاردىن ساقلانغان، كىچىك گۇناھ قىلىشنى ئادەت قىلىۋالمىغان، سادىق، راست سۆزلۈك، ئامانەتدار، شەكلىۋازلىقتىن يىراق، ھېسسىياتقا بېرىلمەيدىغان، دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا دانالىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان، مەسىيەت بىلەن كۆزگە چېقىلىقمىغان ۋە ئادالەتسىزلىك قىلمايدىغان بولۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پاسىق رەئىسلىككە تەيىنلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ دىنىدىكى پەرۋاسىزلىقى، ھەقسىزلىقتىن ۋىجدانى ئازابلانماسلىقى مەزكۇر ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىنى يوققا چىقىرىدۇ.

خەلىپە يامانلىققا ۋە قانۇننى بۇزغانلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ۋە پاسىقلارنى ئەدەپلەشكە بۇيرۇلغان يەردە، ئۇ ئىش ئەھلىدىن بولغان كىشى قانداقمۇ بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن. قانداقمۇ باشقىلارغا دىننى ئۆگىتەلىسۇن؟

ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دەيدۇ: «دۇرۇستلۇق دىنى ۋەزىپە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. بىر كىشىنىڭ دۇرۇستلۇقى شەرتىنى قوبۇل قىلىش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا ئۇنىڭ چەكلەنگەن كىچىك ئىشلارنى قىلىشىدىن ئىبارەت پاسىقلىقىغا قارالمايدىغانلىقىدا ئىختىلاپ يوق»

بەغدادى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كىشىدە ئەڭ ئاز بولغاندا گۇۋاھچىلىقنى مۇناسىۋەتلىك شەرتلەرگە ئۇيغۇن ھالدا تولۇق قوبۇل قىلدۇرالايدىغان دۇرۇستلۇق خىسلەتلىرى تېپىلىشى كېرەك».

(7) سالاھىيەت

سالاھىيەت، ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىش، باتۇر ۋە شىجائەتلىك بولۇش، قوشۇن تەشكىللەپ دۆلەتنى مۇداپىئە قىلىش، خەلققە رىياسەتچىلىك قىلىپ دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، مەنپەئەتكە كاپالەتلىك قىلىپ زىياندىن ساقلىنىش جەھەتلەردە ئالاھىدە نەتىجە كۆرسىتەلەيدىغان ئۈتكۈر پىكىر، سىياسىي پاراسەت، سەزگۈرلۈك ئىگىسى بولۇش ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئوبدان پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ۋە قابىلىيىتى جەھەتتە يېتەرلىك مەلۇمات ھاسىل قىلىش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دەيدۇ: «رەئىسلىككە تەيىنلىنىدىغان كىشى جازا قانۇنىنى تەتبىقلاش ۋە ئۇرۇشقا كىرىشتە جاسارىتىنى نامايەت قىلالايدىغان، مۇھىتنى تونۇغرا تونۇپ پاراسەت بىلەن ئىش كۆرەلەيدىغان، قول ئاستىدىكىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان، دىننى ھىمايە قىلىش، دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش، قانۇن ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئىسلام مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى تەلەپكە لايىق ئورۇنلاش ئۈچۈن سىياسەتكە پىششىق، مۇناسىۋەتلىشىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك».

باقىلانى «ئاسانلاشتۇرۇش» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «كەسكىنلىك، روھى تەمكىنلىك، دادىللىق ۋە مەنىۋى ئىقتىدار، جازا يۈرگۈزۈشتە تەمترەمەسلىك ۋە يا يېنىكلىك قىلماسلىق ۋە ھېسسىياتىنى كونترول قىلىش جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ۋەزىپە ئىگىسى بۇ خىسلەتلەر بىلەن سۈپەتلەنمىسە مۇناسىۋەتلىك جازالارنى يۈرگۈزۈش ۋە ھەقىقەتنى نامايەن قىلىشقا بۇيرۇيدىغان مەسئۇلىيىتى ئالدىدا يېتەرسىزلىك سادىر قىلىدۇ؛ خىزمىتىدىكى مۇۋەپپىقىيەتسىزلىكى ئەسلى نىشانغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىش، قوشۇن يېتىشتۈرۈش، چېگرا مۇداپىئەسى، دۆلەت مۇستەھكەملىكىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە بىلىم ئىگىسى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ جەھەتتىكى بىلىمسىزلىك دۆلەتنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى ھەيۋىسىنى چۈشۈرىدۇ، ئۇممەتنىڭ خورلۇققا قىلىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولىدۇ. ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارغا كۆز تىكىشكە جۈرئەت قىلىپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا بۇ ۋەزىپىنى پەقەت تىلغا ئېلىنغان خىسلەتلەرنىڭ ساھىبى باھادىر سەركەردىلەرلا ئۆز ئۈستىگە ئالالايدۇ.

(8) ئىلىم

ئالىملار دۆلەت رەئىسىنىڭ ئىلىم ئىگىسى بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. ئەمما ئىلىمدىن نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنىدىغانلىقى يەنىلا ئىختىلاپ نۇقتىسى.

بەزىلەر ئىلىمدىن ئىزدىنىپ شەرئەت ھۆكمى ئېلىش (ئىجتىھاد قىلىش) ئىقتىدارى كۆزدە تۇتىلىدۇ. يەنى ئىلىمدە مۇستەقىل ئىزدىنىپ ھۆكۈم ئېلىش سەۋىيىسىگە يەتمىگەن كىشى خەلىپە بولالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەبۇلھەسەن ئەلماۋەردى (شاپىئى مەزھەبىدىن)، ئەبۇيەئلا (ھەنبەلى مەزھەبىدىن)، ئىبنى خەلدۇن، ئەبۇمەنسۇر ئابدۇلقاھىر بەغدادى، ئىيجى ۋە كۇردىستانىيلار بۇ خىل كۆز قاراشتىكى كىشىلەردۇر.

ئۇلارنىڭ بۇ نۇقتىدىكى ئاساسى شۇكى رەئىس ئالدىغا كەلگەن مەسىلىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ بىرەرسى باشلىغى ياكى قازىسى بىلەن ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا پەقەت ئۇنىڭ ئىزدىنىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئالىم بولۇشىلا ئۇنى مۇئەييەن ھۆكۈمگە ئېلىپ بارالايدۇ.

دۆلەت رەئىسى ئىزدىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن قازىلارنى تاللاپ ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيدۇ. ئەلۋەتتە ئىزدىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت بۇ شەرت ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى بولغان كىشىدە تېپىلىشى كېرەك يېتەكچى بولغان كىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرالىشى، توغرا ـ خاتانى ئايرىيالىشى ئۈچۈن ئىلىم جەھەتتە ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشى، ئەڭ ئاز بولغاندا ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئىزدەنگۈچى ئالىم شەرئىي ئەھكاملىرى ھەققىدە يېتەرلىك بىلىمگە ئىگە كىشى بولۇپ، مەرىپىتى تۆۋەندىكىدەك تۆت ئاساس بويىچە ئۆلچىنىدۇ:

ئا: ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى ھەققىدە تولۇق مەرىپەتكە ئىگە بولۇش.

ب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سۆزى ۋە ئىش ھەرىكىتىگە ئوخشاش سۈننىتى ۋە سۈننەت ئىلمى ھەققىدە تولۇق مەرىپەتكە ئىگە بولۇش.

پ: ئىسلامنىڭ باشلىنىش دەۋرىدىكى ئالىملارنىڭ سۆزلىرى، بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈملىرى ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلىرى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش.

ت: ھۆكمى بايان قىلىنمىغان تارماق مەسىلىلەر ئۈستىدىن مۇئەييەن ئاساسقا ئىگە ھۆكۈم چىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا بىرلىككە كېلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان قىياس ھەققىدە يېتەرلىك مەرىپەتكە ئىگە بولۇش.

يەنە بەزىلەر ھەر خىل شارائىت سەۋەبىدىن رەئىسنىڭ ئىلمى قابىلىيىتىنىڭ ئىزدىنىش دەرىجىسىدە بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام مەيدانىغا كېلىپ بىر نەچچە ئەسىردىن كېيىن كىشىلەرنىڭ دىنغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى زەئىپلىشىشقا باشلىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر سىياسەت ۋە ئۇممەتنىڭ ئومۇمى ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىمدا ئىزدىنىش دەرىجىسىگە يېتىشكە كۆڭۈل بۆلمەسلىكتەك ھالەت شەكىللەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار ئەسىرلەر بويى ئىزدىنىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئالىملىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئىلگىرىكىلەرنى تەقلىدى قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئالىملار مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىنى مۇھاپىزەت قىلىش، شەرئىي ئەھكاملىرىنىڭ ھاكىمىيەت سەھنىسىدىن يوقىتىلىشى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان ھاياتنىكى داۋالغۇش ۋە گۇمراھلىقتەك بۇيۇك ھالاكەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىلىمدە ئىزدىنىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن كىشىلەرنىڭمۇ رەئىس بولالايدىغانلىق پەتۋاسىنى بېرىدۇ. رەئىس مۇناسىپ ھالدا ئۆزىدىن ئىلىملىك كىشىلەرگە تايىنىپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ.

شەھرىستانى مۇنداق دەيدۇ: «سۈننى مەزھىبىدىن بىر تۈركۈم ئالىملار بۇ خىل كۆز قاراشقا مايىل بولۇپ، ئىلىمدە ئىزدىنىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن ياكى ئىزدىنىش ئورۇنلىرى ھەققىدە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولمىغان كىشىلەرنىڭمۇ، ئەتراپىدا ھالال ـ ھارام ئۈستىدە پەتۋا بېرەلەيدىغان، شەرئىي ئەھكاملىرى مۇتەخەسسىسلىرىدىن بولغان ئىزدىنىش سەۋىيىسىدىكى ئالىملارنىڭ بولۇشى شەرتى ئاستىدا دۆلەت رەئىسى بولالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

(9) رىياسەتچىلىكنى ئۆزلىكىدىن تەلەپ قىلمىغان بولۇش

ئىسلام مۇخلىسلىرىنى رىياسەتچىلىك تەلەپ قىلىشتىن توسايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئۆزى پاكلاش جۈملىسىدىن بولۇپ مەزكۇر ئورۇندا تەرغىب قىلىنمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [سىلەر ئۆزەڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار] (سۈرە نەجم 32-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ۋە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىز بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرمايمىز» ئۇ يەنە ئابدۇراھمان ئىبنى سەمرەگە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئابدۇراھمان! رىياسەتچىلىكنى تەلەپ قىلمىغىن، رىياسەتچىلىك ئەگەر ساڭا تەلەپ قىلىنىش يۈزىسىدىن بېرىلسە ئىش ساڭا قالغان بولىدۇ. ئەگەر تەلەپ قىلىنماستىن بېرىلسە ئۇنىڭغا كۈچ چىقارغان بولىسەن».

ئومۇمەن ئىسلام دىنىدا رىياسەتچىلىكنى تەلەپ قىلىش چەكلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئۇنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى، ھېچ بولمىغاندا تەرغىب قىلىنمايدىغانلىقىنى تەكتىلەيدۇ.

(10) ئىسلام دۆلىتى تەۋەلىكىدە ياشاش

دۆلەت رەئىسى چوقۇم ئىسلام دۆلىتى تەۋەلىكىدە يۇرت ئەھلى بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ ياشاۋاتقا بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دۈشمەنلىرى ياكى كاپىرلارنىڭ يۇرتىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان، قانچىلىك گۈزەل ئەخلاق ياكى مەدھىيىلىنىدىغان خىسلەت ئىگىسى بولۇشتىن قەتئىي نەزەر بۇ مەنسەپكە تەيىنلەنمەيدۇ.

ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام دىيارىغا كۆچىشى پەرز. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى پۈتۈنلىنىدۇ ۋە غالىبىيىتى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئىمان ئېيتقانلار، (ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ـ ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر- بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر- بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆز ئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ] سۈرە ئەنفال 72-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ئايەت مەدىنە مۇنەۋۋەرە ياشاۋاتقان مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىر گەۋدە بولۇپ ئۆزئارا ئىگىدارچىلىق قىلىش مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشى، شۇنداقلا ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلماي كاپىرلار بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىنماسلىقى، دوستلۇق ئىزھار قىلىنماسلىقىنىڭ لازىملىقىنى، بەلكى تەۋەلىكىدە ياشاۋاتقان دۆلەت بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن شارائىت ئاستىدا كېرەكلىك ياردەمنىڭمۇ بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىسلام دىيارىنى تاشلاپ كاپىرلار بىلەن ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ئىزھار قىلىنغان ئەڭ بۈيۈك دوستلۇق ۋە ئىگىدارچىلىق ـ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىنى دۆلەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەش، ئۇنىڭغا دۆلەت ئىشلىرى ۋە ئىچكى ـ تاشقى سىياسىيتىنىڭ يادرولۇق ھوقۇقىنى تاپشۇرۇش، تەبىئىكى ۋە كېڭەش ئەھلىدىن ئۇزاق ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ۋە ئەھلى شارائىتىغا ئاساسلىنىپ ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

مەرھۇم ئۇستاز ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتكە ئاساسەن كېڭەش مەجلىسى ئەزالىقىغا بۇ شەرتنى قويۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئەگەر مەزكۇر كىشى كاپىرلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدىن ئايرىلمىسا، يەنى ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىپ يەرلەشمىسە، گەرچە ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ ئىسلام دىيارى ئەھلى ھېسابلانمايدۇ..... ئىسلام ئۆزى دىيارىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارغا دۆلەتكە رەئىس سايلاش، رەئىس قانۇن رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت سىياسىيتىنى يۈرگۈزىدىغان مەركىزى ئورگانلاردا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ھوقۇقلىرىنى تاپشۇرىدۇ».

بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىن باش ۋەزىپىلەرنىڭ پەقەت ئىسلام دىيارىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارغىلا خاس قىلىنغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى - دۆلەت رىياسەتچىلىكى.

دۆلەت رەئىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك مۇسۇلمانلار بىلەن ۋەتەنداش بولۇش شەرتى كېڭەش ئەھلىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى دۆلەت رەئىسىنىڭ ۋەزىپىسى خالىغان بىر كېڭەش ئەزاسىنىڭكىدىن تېخىمۇ خەتەرلىك ۋە ئېغىر.

(11) جىسمانى جەھەتتىكى ساغلاملىق

بۇنىڭدىن كۆز، قولاق، ئېغىز، پۇت قولغا ئوخشاش خىزمەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەزالارنىڭ سالامەت بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: پۇت - قولنىڭ يوق بولۇشى ئىنساننى ھەرىكەتتىن چەكلەپلا قالماستىن، باشقىلار ئالدىدىكى ھەيۋىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دەيدۇ: «ۋەزىپە ئىگىسى جىسمىنىڭ ساراڭلىق، كورلۇق، گاسلىق، گاچىلىق ۋە پۇت - قولسىز ياكى قولاقسىز بولۇشقا ئوخشاش نۇقسانلاردىن ساغلام بولۇشى، ئۇلارنىڭ نورمال پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ياكى ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى قەبىھلەشتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن شەرت قىلىنىدۇ. ئەزالارنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ئىگىسىنى رىياسەتچىلىك قىلىشتىن چەكلەيدۇ. بۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئىنساننى بارلىق ئىمكانىيەتلىرىدىن ئايرىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قويۇش بولۇپ، بۇنىڭغا سەۋەبچى بولىدىغان بىرلەمچى ئەزالارسىز ۋەزىپە ئۆتەش مۇمكىن بولمايدۇ. يەنە بىرى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئىشىنىڭ جان تومۇرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويۇشى».

ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى ھەزم بۇنىڭغا قارشى كۆز قاراشتا بولۇپ دۆلەت رەئىسىنىڭ جىسمانى سالامەتلىكىنى شەرت قىلمايدۇ. ئۇ رەئىس بولىدىغان كىشىنىڭ ئەقلى جايىدا بولسىلا گاسلىق، كورلۇق، قېرىلىق ياكى پۇت - قولنىڭ بولماسلىقى تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

شۇنىسى ھەقىقەتكى ئىبنى ھەزم بۇ نۇقتىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن.

ئىنسانلار ئاڭلاش ۋە كۆرۈشكە ئوخشاش سەزگۈلىرىگە تايىنىپ ئەشيالارنى بىلەلەيدۇ؛ قول، پۇتىغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلالايدۇ، پائالىيەت ئېلىپ بارالايدۇ. بىر كىشىنىڭ پۇت - قولى كېسىلسە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ھەيۋىسى ۋە تەسىرى كۈچى قالمايدۇ. ئۇنىڭغا يەنە كورلۇق، گاسلىق ۋە قېرىلىق قوشۇلسا قانداق بولماقچى.

(12) قۇرەيش نەسەبلىك بولۇش

خەلىپىنىڭ نەسەبى قۇرەيشلىك، يەنى فەھر ئىبنى مالىك ياكى نەزەر ئىبنى كەنانەگە ئۇلاشقان بولۇشىدىن ئىبارەت. بۇ شەرت تارىختىن بۇيان ئىختىلاپ تېمىسى بولۇپ كەلدى. ئالىملار بۇ نۇقتىدا ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:

ئا - خەلىپە قۇرەيشلىك بولۇشى كېرەك دەيدىغانلار

بۇلار كۆپ سانلىق سۈننى مەزھەبىدىكىلەر، شىئەلەر ۋە بەزى مۇئتەزىلەلەر بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ «خەلىپە قۇرەيشتىن بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ھەدىسلىرىنى دەلىل قىلىدۇ.

ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنى 40 ساھابىنىڭ رىۋايىتى بىلەن توپلىغان.

ئۇلار يەنە ماۋەردى، نەۋەۋى، ئىيجى، ئىبنى خەلدۇن ۋە تەپتەزانىدەك ئالىملار نەقىل قىلغان ساھابىلارنىڭ بۇ نۇقتىدىكى بىرلىكىنى دەلىل قىلىدۇ.

ب: خەلىپىنىڭ قۇرەيشلىك بولۇشى شەرت ئەمەس دەيدىغانلار

بۇلار خاۋارىجلار، بەزى مۇئتەزىلەلەر، ئەبۇبەكرى باقىلانىغا ئوخشاش ئەشئەرىيلەر بولۇپ تۆۋەندىكىلەرنى دەلىل قىلىدۇ:

(1) «بېشى قۇرۇق ئۈزۈمگە ئوخشايدىغان ھەبەشىستانلىق قارا قۇل مەسئۇل قىلىنسىمۇ بۇيرۇقىغا قولاق سېلىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسى قۇرەيشلىك ياكى ۋە قۇرەيشلىك بولمىغان بارلىق باشلىقلارغا ئىتائەت قىلىشنى ۋاجىب قىلىدۇ.

(2) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى: «ئەگەر ئەبۇھۇزىفەنىڭ خىزمەتكارى سالىم ھايات بولغان بولسا، شەكسىزكى ئۇنى رىياسەتچىلىككە تەيىنلىگەن بولاتتىم.»؛ يەنە «ئەگەر ۋاقتىم كەلگەندە ئەبۇئۇبەيدە ھايات بولسا، چوقۇم ئۇنى خەلىپىلىككە تەيىنلەيتتىم. ئاللاھ نېمە ئۈچۈن ئۇنى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىگە خەلىپە قىلدىڭ؟ دەپ سورىسا، رەسۇلۇللاھنىڭ: «ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ بىردىن ئىشەنچلىك كىشىسى بولىدۇ. مېنىڭكى ئەبۇئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېگەن بولاتتىم.» ئەتراپىدىكىلەر دېيىشىدۇ... ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئەگەر ئەجەل ۋاقتىم كېلىپ، ئەبۇئۇبەيدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا مۇئاز ئىبنى جەبەلنى خەلىپىلىككە تەيىنلىگەن بولاتتىم....»

بۇ سۆزلەرنىڭ دەلىل بولۇش نۇقتىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرەيش نەسەبىدىن بولمىغان سالىم، ئەبۇئۇبەيدە ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەل ئەنسارىلارنى خەلىپە تىكلىمەكچى بولغانلىقىدا.

ئىككىنچى كۆز قاراش ھەققىدە بىر نەچچە مۇلاھىزە:

ئا ـ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ «بېشى قۇرۇق ئۈزۈمگە ئوخشايدىغان ھەبەشىستانلىق قارا قۇل مەسئۇل قىلىنسىمۇ بۇيرۇقىغا قولاق سېلىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن ھەدىسى پەقەت خۇسۇسى رىياسەتچىلىك ھەققىدە ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئومۇمى رىياسەتچىلىك مەقسەت قىلىنمايدۇ. ھەتتا ئومۇمى رىياسەتچىلىك مەقسەت قىلىنغان تەقدىردىمۇ، مۇسۇلمانلارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى قونۇتۇش ئۈچۈن مۇبالىغە بىلەن ئېيتىلغان. چۈنكى بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك قۇلنىڭ بۈيۈك رىياسەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتى بولمايدۇ.

قەستەلانى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەبەشىستانلىق قۇل باش رىياسەتچىلىككە ئەمەس، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مەلۇم ۋەزىپىگە تەيىنلىنەلەيدۇ. چۈنكى خەلىپىلەر قۇرەيشتىن بولىدۇ. قۇلنىڭ باش رىياسەتچىلىكى بولسا ئوخشىتىش، پەرەز قىلىش ياكى ئىتائەت قىلىشقا بولغان بۇيرۇق ۋە قارشىلىششقا بولغان چەكلىمەنى مۇبالىغە قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان».

ب: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ئەگەر ئەبۇھۇزەيفەنىڭ خىزمەتكارى سالىم ھايات بولغان بولسا شەكسىزكى ئۇنى رىياسەتچىلىككە تەيىنلىگەن بولاتتىم» دېگەن سۆزى دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى ساھابىلارنىڭ تۇتقان يولى دەلىل قىلىنمايدۇ. بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى بىلەن توقۇنۇشقاندا ئۇنىڭ دەلىل بولالمايدىغانلىقى تېخىمۇ مۇقەررەرلىشىدۇ.

پ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككىنچى سۆزىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى بىلەن توقۇنۇشقانلىقى ئۈچۈن دەلىل قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رىۋايەتنىڭ يېتىپ كېلىش يولى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن تولۇق ئىشەنچلىك دەپ قارالمايدۇ.

قۇرەيش نەسەبىدىن بولۇش شەرتىگە نىسبەتەن ئىبنى خەلدۇننىڭ كۆز قارشى

بۇ يەردە شۇنى ئىلگىرى سۈرىمىزكى بەزىلەر گۇمان قىلغاندەك ئىبنى خەلدۇن قۇرەيش نەسەبىدىن بولۇش شەرتىنى رەت قىلمىغان ئىدى. بەلكى ئۇ كۆز قاراشتىكىلەر بىلەن مۇنازىرلىشىپ ئۇلارنىڭ خاتا كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، مەزكۇر شەرتنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەدىسلەر بىلەن دەلىللىگەن ئىدى. ئۇ پەقەت خەلىپىلىك ئەسلىدە قۇرەيشتە ئىدى، مۇتەئەسسىپلىك ئەۋجىگە چىقىشى بىلەن باشقىلارغا يۆتكەلگەن دەپ قارىغان ئىدى.

بۇ ھەقتىكى بىز توغرا دەپ قارىغان كۆز قاراش

باشتا دە ئۆتكىنىمىزدەك قۇرەيش نەسەبىدىن بولۇش شەرتى ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن ئىسپاتلانغان شەرئىي ھۆكمى. ئۇ ھەقتە «خەلىپىلەر قۇرەيشتىن بولىدۇ» دېگەندەك توغرا ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. شۇنداقلا رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلار بەنى سائىدەدە بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن.

ھەدىسنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن چوقۇم ئەمەل قىلىش كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرەيشلىك بولۇشتىن ئىبارەت بۇ شەرتنى ئىسلام، ھۆرلۈك، ئەرلىك، بالاغەت، ئەقىل، ئىلىم، دۇرۇستلۇق ۋە سالامەتلىكتىن ئىبارەت شەرتلەر بىلەن ئوخشاش تېپىلغان ئىككى نامزاتنى پەرقلەندۈرۈش ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ. بۇ شەرتلەر تولۇق تېپىلغان بىر گورۇھ كىشىنىڭ ئىچىدە، قۇرەيشلىك بولغىنى رەئىسلىككە سايلىنىدۇ. شۇنىسى مۇھىمكى دۆلەت رەئىسلىكىگە كۆرسىتىلگەن قۇرەيشلىك نامزات چوقۇم مۇناسىۋەتلىك شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىشى كېرەك. ئەكسى تەقدىردە ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش سالاھىيتى بولمايدۇ. رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە شەرتى تولۇق توشقان قۇرەيشلىك بولمىغان بىرى تەيىنلىنىدۇ. پەقەت پاك ئاللاھ ئەڭ توغرىنى بىلگۈچىدۇر.

ئاخىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى دۆلەت رەئىسى ھازىرلاشقا تېگىشلىك بۇ شەرتلەر ئومۇمى مەنپەئەت تەقەززا قىلغان يىگى شەرتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا توسالغۇ بولمايدۇ. مەسىلەن: ھايات شارائىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن مۇئەييەن ياش، مۇئەييەن ئىلمى دەرىجە ياكى ئۇنىۋانغا ئوخشاش باشقا شەرتلەرنى ماقۇللاشقا بولىدۇ.

5- دۆلەت رەئىسىنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە ھەقلىرى

ئىسلامنىڭ مەجبۇرىيەتنى ھەقتىنىڭ ئالدىدا قويۇش قائىدىسى بويىچە ئاۋال دۆلەت رەئىسىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۇندىن كېيىن بەھرىمەن بولىدىغان ھەقلىرىنى بايان قىلىمىز. شۇنى مۇقەررەركى دۆلەت رەئىسىنى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ھەقلىرىگە ئىگە بولالايدۇ.

دۆلەت رەئىسىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى قىسقىچە ئىسلام شەرئىتىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى - تاشقى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بەرپا قىلىش ۋە مۇسۇلمانلاردىن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تاللاپ مۇناسىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەشتەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

ئاز بولمىغان فىقھشۇنلاسلار سىياسىي قانۇن كىتابلىرىدا دۆلەت رەئىسىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەتراپلىق بايان قىلىشقا كۆڭۈل بۆلدى. بۇ ساھەدە ئەڭ كۆپ تەر ئاققۇزغان كىشى قازىلارنىڭ پېشۋاسى ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەبىب ماۋەردى بولۇپ، دۆلەت رەئىسىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئون نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ:

(1) ئىسلامنى مۇقەررەرلەشكەن ئەسلى ئاساسى ۋە ئىسلامنىڭ باش دەۋرىدىكى ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن چۈشەنچىسى بويىچە ساقلاش، چۈشەندۈرۈش، نەسىھەت قىلىش، جازا يۈرگۈزۈش، لازىم بولغاندا كۈچ ئىشلىتىشكە ئوخشاش ھوقۇق ۋاستىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ دىنىنى يېڭىلىق ۋە خاتالىقتىن، ئۇممەتنى ئازغۇنلۇقتىن قوغداش.

(2) ئادالەتنىڭ ئومۇملىشىشى، زۇلۇمنىڭ يوقىلىشى ۋە مەزلۇمنىڭ كۈچلىنىشى ئۈچۈن ئىختىلاپلاشقانلار ئارىسىدا شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا قىلىش.

(3) مۇسۇلمانلارنىڭ خەۋپسىز، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى قوغداش، تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىش.

(4) ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرى دەپسەندە قىلىنماسلىق ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىش ئۈچۈن جازا قانۇنىنى يۈرگۈزۈش

(5) ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ قان تۆكۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولىۋالماسلىقى ئۈچۈن قۇدرەتلىك قوشۇن بىلەن چېگرىنى مۇداپىئە قىلىش.

(6) ئاللاھنىڭ دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئىسلام دۈشمەنلىرىگە ئىسلامغا كىرىش ياكى ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرىش چاقىرىقى بېرىش، قوبۇل قىلمىسا جىھاج ئېلان قىلىش.

(7) شەرىئەت بەلگىلىگەن بويىچە زاكات ۋە غەنىمەتلەرنى توپلاش.

(8) دۆلەت خەزىنىسى بايلىقىنى بەلگىلىگەن يەرلەرگە ۋاقتىدا مۇۋاپىق ئىشلىتىش.

(9) ۋەزىپىنىڭ تەلەپكە لايىق ئورۇنلىنىشى ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ خىيانەت قىلىنماسلىقى ئۈچۈن سادىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش.

(10) ئىسلام ئۇممىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشتا تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن، ئىشلارغا بىۋاستە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىش، ئەھۋال ئىگەللەش، شەخسى ئىشى ياكى ئىبادىتى بىلەن بولۇپ، ۋەزىپە تاپشۇرۇشقىلا تايىنىۋالماسلىق. ياكى سادىق ياكى ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشى مۇمكىن. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشىقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ] سۈرە ساد 26-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھ رىياسەتچىلەرنى پەقەت ۋەزىپە تاپشۇرۇشقىلا ئەمەس، ئىشقا بىۋاستە قول تىقىشقىمۇ ئوخشاش بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭغا سەۋەب كۆرسەتكەنلەر ئازغۇنلۇق بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. بۇ بارلىق مەسئۇللارنىڭ دىنى ۋە سىياسىي ھوقۇقى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ھەممىڭلار قول ئاستىڭلاردىكىلەرگە مەسئۇل»

«النقد الفريد للملك السيد» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى دۆلەت رەئىسىنىڭ يەنە بىر مەجبۇرىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى شەرىئەت ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە مەھكەم يېپىشىش، ئۇنىڭ ئەمەلى

هاياتتا هۆكۈم سۈرۈپ سۈرمەسلىكى ئىشنىڭ ئاساسى بولۇش، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى يۈرگۈزىدىغانلارغا يېقىندىن غەمخورلۇق قىلىش، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش.

ئىبنى خەلدۇن دۆلەت رەئىسىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە پەقەت شەرئىيەت ئەھكاملىرى ئاساسىدىن ئەمەس، گۈللىنىش، يۈكسىلىش ۋە ئىنسانىيەت مەۋجۇدىيىتىنىڭ تەقەززاسى بەلگىلىگەن ۋەزىپىلەرنى قوشىدۇ.

يەنە ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈف مۇسا، ماۋەردى ئوتتۇرىغا قويغان مەجبۇرىيەتلەردىن باشقا ئىلىم ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ھەر بىر كىشىنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ۋەزىپەنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«ئىسلامدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇ مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئۈستىگە قوشۇش ئېھتىياجى تۇغۇلغان ھەربىر مەجبۇرىيەت چوقۇم ئىسلام روھىغا ئۇيغۇن ۋە ئىسلامنىڭ باش دەۋرىدىكى خەلىپىلەر يولغا قويغان ئىش بولۇشى كېرەك.

ئىلىم ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۇممەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ۋاستە بولىدىغان بارلىق ئىلىم پەن ۋە دىن بىلىملىرىنى ئىگەللەش، پاراۋان تۇرمۇش بەرپا قىلىش بۇ خىلدىكى مەجبۇرىيەتلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. تۇرمۇش پاراۋانلىقى ئىسلام تەرغىب قىلىدىغان، شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىجتىمائى كاپالەت بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك توغرا يولدىكى خەلىپىلەر تارىخىدا بۇنىڭغا ئائىت مىساللار كۆپ تېپىلىدۇ.

مۇناسىب ئىش بېرىش بىلەن پاراۋان تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۇسۇلى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىستىن ئېلىنغان: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر كىشى يوقسۇللۇقتىن شىكايەت قىلىپ كېلىدۇ. «كېتىپ ئىزلەپ باق، بىرەرە نەرسە تاپالامسەن؟» دەيدۇ ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام. ئۇ بىر توقام ۋە بىر پىيالە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «بۇلارنى مەندىن كىم بىر دىرھەمگە ئالىدۇ؟» دەيدۇ. «مەن، ئى رەسۇلۇللاھ» دەيدۇ تەكرار «مەن ئىككى دىرھەمگە ئالاي» دەيدۇ يەنە بىرەيلەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇ كىشىگە ساتىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە «بىر دىرھەمگە پالتا، بىر دىرھەمگە يېمەكلىك ئال» دەيدۇ. ئۇ دېيىلگەندەك قىلىپ كەلگەندە، «بۇ ۋادىغا كىرىپ ئوتۇن بولامدۇ بىر نەرسىلەر بىلەن ھاجىتىڭنى راۋا قىل. 15 كۈنگىچە ئالدىمغا كەلمە» دەيدۇ. باشقا بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر پالتا ۋە ياغاچ تۇتقۇزىدۇ، دېيىلىدۇ. 1- دۆلەت رەئىسىنىڭ ھەقلىرى

ئەگەر دۆلەت رەئىسى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلسا تۆۋەندىكىدەك ھەقلەرگە ئېرىشىدۇ:

(1) بۇيرۇق چۈشۈرۈش ۋە ئىتائەت قىلىنىش ھەققى: مۇسۇلمانلار گۇناھ دائىرىسىگە كىرمىگەن شەرت ئاستىدا دۆلەت رەئىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى ۋە قانۇن ـ تۈزۈمگە بويسۇنۇشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان كىشى خالىغان ۋە خالىمىغان شارائىتتا بۇيرۇقنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشى كېرەك. پەقەت گۇناھ ـ مەسىيەتكە بۇيرۇلسا قولاق سېلىنمايدۇ ۋە ئىتائەت قىلىنمايدۇ».

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا قىلىنغان گۇناھ ئۈستىدە ئىتائەت قىلىنمايدۇ. ئىتائەت پەقەت توغرا ئىشلاردا بولىدۇ».

بۇ ھەقتە ئالدىنقى بابلاردا يېتەرلىك توختالغان ئىدۇق. تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن ئۇ سەھىپىلەرگە قايتالايمىز.

(2) دۆلەت رەئىسىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىكى ھەققى

دۆلەت رەئىسىنىڭ كېچە ـ كۈندۈزى دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ھەققىدە باش قاتۇرۇش ۋە تەر ئاققۇزۇش بىلەن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئائىلە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۆز يېنىدىن قاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئائىلە تۇرمۇشىنى دۆلەت خەزىنىسى تەرەپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئىبنى سەئد ئاتا ئىبنى سائىبتىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندىن كېيىن كىيىم ـ كېچەك، رەخت تىجارىتى قىلىش ئۈچۈن بازارغا قاتنايدىغان بولىۋالىدۇ. بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتا ۋە ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ئۇنى كۆرۈپ «قەيەرگە؟ ئى خەلىپە!» دەپ سورايدۇ.

ـ بازارغا.

ــ مۇسۇلمانلارنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان تۇرساڭ، يەنە نېمە ئىش قىلماقچى بولىۋۋاتىسەن؟

ـ ئائىلەمنى قانداق باقىمەن؟

ـ بىز بىلەن كەل، ساڭا ئىش ھەققى توختىتىپ بېرەيلى، دەيدۇ ئۇ ئىككىسى ۋە كۈنلۈك ئىش ھەققى ئۈچۈن يېرىم قوي بەلگىلەپ بېرىدۇ.

ئىبنى سەئد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندىن كېيىن «مېنىڭ كەسپىك بىلەن ئائىلەمنى باقالايدىغانلىقىمنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتىمەن ئېھتىياجىمنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىدىن قامدايمەن. ئەبۇبەكرنىڭ ئائىلىسى بۇ تەمىنات بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ» دەيدۇ.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەلگىلەپ بەرگەن مائاشىنىڭ تۇرمۇشىغا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلىش بىلەن 500 دىرھەمگە ئۆستۈرگۈزىدۇ.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىنكى خەلىپە ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن مەلۇم مۇددەتكىچە دۆلەت خەزىنىسىدىن ھېچنېمە ئالمايدۇ. كېيىن مۇھتاجلىقىنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا ساھابىلار بىلەن كېڭىشىپ «مۇھتاجلىق مېنى مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. قانداق قىلسام توغرا بولىدۇ؟» دەيدۇ.

ـ ھەققىڭنى ئال ۋە ئائىلەڭنى باق، دەيدۇ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

ـ سەن قانداق قارايسەن؟ دەيدۇ ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا.

ـ مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلغىن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدۇ. ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئىككى دەرھەم تەمىنات بېرىلەتتى. بىر قېتىم 180 دىرھەم تەمىنات ئالغانلىقى ھېساۋىنى كۆرۈپ، بىز ھەقىقەتەن ئىسراپچىلىق قىلىپتۇق» دەيدۇ.

بەزى مۇسۇلمانلار «ئەمىرۇلمۆمىنىننىڭ ئاللاھنىڭ مال ياكى دۆلەت خەزىنىسىدىن نېمە ئېلىش ھەققى بار؟ دەپ سورىشىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مۇنداق دەيدۇ: «نېمە ئېلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي. قىش ۋە يازدا ھەج قىلىش ۋە سىرتتا نورمال خىزمەت قىلىشىم ئۈچۈن ئىككى قۇر كىيىم، مەن ۋە ئائىلەم ئۈچۈن ئوتتۇراھال تۇرمۇش سەۋىيەسىدىكى بىر قۇرەيشلىكنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقلۇغى. ئۇندىن باشقا مەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئاددى بىر كىشى، ئۇلار نېمە كۆرسە مەنمۇ شۇنى كۆرىمەن».

بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى دۆلەت رەئىسىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىن ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان دەرىجىدە مائاش ئېلىش ھەققىنىڭ بارلىقى ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھېسابسىز، خالىغانچە خالىغان يەرگە بۇزۇپ چاچالايدىغانلىقى، ئىسراپ قىلالايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلقادىر ئەۋدە دۆلەت رەئىسى شەخسى ۋە ئائىلە ئېھتىياجىنى قاندۇرالىغىدەك ئىقتىسادى قۇۋۋەتكە ئىگە بولسا، پەقەتلا دۆلەتتىكى ئاددى بىر كىشى بىلەن ئوخشاش مىقداردا مائاش ئالالايدۇ. ئىقتىسادى ئېھتىياجى قامدالمىغان شارائىت ئاستىدا دۆلەت خەزىنىسىدىن كېرەكلىك نىسبەتتە تەمىنات ئالسا بولىدۇ. ئەسلى ئىقتىسادى بار بولسا ئوتتۇرھال تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى بىر كىشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالىغۇچىلىك مىقداردا تەمىنات ئالسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇ بۇ سۆزىگە ئەلى ئىنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدىلئەزىزنىڭ ئىقتىساتقا ئېھتىياجى بولمىغانلىقى ئۈچۈن خەلىپىلىك دەۋرىلىرىدە دۆلەت خەزىنىسىدىن ئىش ھەققى ئالمىغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ.

ئەمما بىزنىڭ توغرا دەپ قارايدىغىنىمىز، دۆلەت رەئىسىنىڭ قانچىلىك باي بولۇشىغا قارىماي دۆلەت خەزىنىسىدىن ئىش ھەققى ئېلىشىدۇر. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي ئاجراپ دۆلەت ئىشلىرىغا باغلىنىدۇ. دۆلەت رەئىسىنىڭ باي ياكى نامرات بولۇشىغا قارىماي دۆلەتتىكى خالىغان بىر خىزمەتچىگە ئوخشاش مۇناسىپ ئىش ھەققى ئېلىشى تەبىئى ھەققىدۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدىلئەزىزنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىن ئىش ھەققى ئالماسلىقى ئۇنىڭ چەكلىنىشى ئەمەس، بەلكى ئۆزى ھەقلىرىنى دۆلەتكە ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئىش ھەققى ئالغان بولسا ئۆز ھەققىنى ئالغان بولاتتى. ئەبۇبەكر ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار پۇل ـ مال ئىگىسى بولۇپ تۇرۇپ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ئىش ھەققىنى ئالغان ئىدى.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ دۇنيا ۋېدالىشىۋاتقان پەيتلىرىدە دۆلەت خەزىنىسىدىن ئىش ھەققى ھېسابىدا ئالغان بارلىق پۇل ـ ماللارنى قايتۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل ـ مېلىدىن ئالغان بارلىق نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار. مەن بۇ بايلىقنىڭ ھېچنېمىسىگە تەگمىگەن ئىدىم. پالانى يەردىكى زېمىنلار مۇسۇلمانلارغا تەئەللۇق» ئۆمەر ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەسىيىتىنى دېگىنى بويىچە ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ دائىم «ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ھېچكىمگە دېگۈچىلىك بىرەر ئېغىز گەپ قالدۇرۇشنى خالىمىغان ئەبۇبەكرگە ئاللاھ رەھمەت ئەيلىسۇن» دەيتتى.

ئۇ ئۇلارنىڭ تىجارەت ۋە كەسپتىن ئايرىلىپ خەلىپىلىك بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنىڭ بەدىلىگە ئېرىشكەن ھەقلىرى ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئىسلام دۆلىتى تەرىپىدىن ھەرقانداق بىر ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كىشىنىڭ مائاش ئېلىش ھەققىنى بەلگىلىگەن ۋە ئۇنى ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد تۆۋەندىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى سەئدى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى، دەيدۇ:

ــ مەنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل ئەمەسمىدىڭ، ئىش ھەققى بەرسەم ئېلىشنى خالىمىدىڭ.

ـ ھەئە، شۇنداق.

- نىمە ئۈچۈن؟

- تېخىمۇ پاراسەتلىك، تېخىمۇ ئىخلاسمەن قۇل بولسام ئۆزەمنى ياخشىلىق ئىچىدە ھېس قىلىمەن. ئىش ھەققىم مۇسۇلمانلارنىڭ مىلىغا قوشقان ھەسسەم بولسۇن.

- ئۇنداق قىلمىغىن. رەسۇلۇللاھ ماڭىمۇ ئىش ھەققى بېرەتتى. مەنمۇ سەندەك قىلماقچى بولۇپ «مەندىنمۇ يوقسۇل بىرسىگە بەرگىن» دېگەن ئىدىم. بىر قېتىم ئىش ھەققى بەرگەندە يەنە «مەندىنمۇ يوقسۇل بىرسىگە بەرگىن» دېسەم، «سەن تەلەپ قىلمىغان، ئېلىشنى خالىمىغان ھالەتتە كەلگەن بۇ پۇلنى ئال، ساڭا تەئەللۇق بولمىغان نەرسىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىما» دېگەن ئىدى.

(3) خەلقنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىش ھەققى

مۇسۇلمانلار رەئىسىگە ياردەم بېرىشى، ئۇنى قوللىشى، ئەزىيەت، قارشىلىق ۋە بىرەر كىشى ياكى گوروھ تەرىپىدىن قانۇنسىز ئىسيانغا ئۇچرىغان ئۇنىڭ ياخشى تايانچى بولۇشى كېرەك. قانۇنلۇق رەئىسكە قىلىنغان ئىسياننىڭ ئاقىۋىتى جازالاندۇرۇش بولۇپ، ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ئىسيانچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە كېرەكلىك بولغان كەسكىن جازانى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: [ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك.] سۈرە مائىدە 33-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە ياكى دۆلەت رەئىسى مۇسۇلمانلارنى ئىسيانكارلار، قاراقچىلارغا قارشى ئۇرۇشقا ياكى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىرەر جازانى ئىجرا قىلىشقا چاقىرسا، ھەممىسىنىڭ بىرلىكتە ئۇلارنى بويسۇندۇرغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىشى پۈتۈن ئالىملار بىرلىككە كەلگەن ۋاجىبتۇر».

(4) نەسىھەت تەلەپ قىلىش ھەققى

مۇسۇلمانلارنىڭ رەئىسى ياكى خەلىپىسىگە نەسىھەت قىلىش، يول كۆرسىتىش، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش مەجبۇرىيەتلىرى، شۇنداقلا دۆلەت رەئىسىنىڭ ئۇلارنىڭ نەسىھىتىگە ئېرىشىش ھەققى بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئېيتقاندەك دىن نەسىھەت دېمەكتۇر. رەسۇلۇللاھدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: «نەسىھەت دېمەكتۇر».

- كىم ئۈچۈن؟ دەپ سورىدۇق.

- ئاللاھ، ئۇنىڭ كىتابى، ئۇنىڭ ئەلچىسى ، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن، دېدى ئۇ» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىغا بولغان نەسىھىتى ئۇلارغا ياخشىلىق تەقدىم قىلىش. ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش، يامانلىقتىن توسۇش چۈشەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىسلامى چۈشەنچىدىكى نەسىھەت، نەسىھەت قىلىنغۇچىغا ياخشىلىق تەقدىم قىلىش ئۇمۇمنى بېرىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن ئىسلام مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشنى ۋاجىب قىلغان ئاللاھ [(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.] (سۈرە ئال ئىمران 110-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ ئېيتقاندەك ئىسلام ئۈممىتى پەقەت بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلغاندىلا ئاندىن ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولالايدۇ.

مۇسۇلمانلار رەئىستىن پۇقراغا قەدەر بۇ ۋاجىبنى ياخشى تونۇغان بولۇپ، رەئىس پۇقرالىرىدىن نەسىھەت سورايتتى. خاتالىق كۆرۈلسە تۈزىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئوخشاشلا مۇسۇلمانلارمۇ شەرىئەتكە مۇخالىپ بىر ئىش كۆرگەندە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلاتتى.

ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەجبۇرىيەت ۋە ھەقلەر، ئىچكى ـ تاشقى دۇنياسىنى ئاللاھقا بولغان سادىقلىق بىلەن بىزىگەن، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىت قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇپ، تېخىمۇ توغرىسى ئۇنىڭغا بولغان تېۋىنىش ئىستىكى بىلەن ئورۇنلايدىغان ئادىل، تەقۋادار، پاك بىر خەلىپە ۋۇجۇتقا كەلمىگەن شارائىت ئاستىدا ئەمەلى ھاياتتا ھېچقانداق ئەسەرگە ئىگە بولالمايدۇ. قەغەز ئۈستىدىكى سىياھ پېتىچىلا قالىدۇ خالاس. ئادالەت كۆپ ھاللاردا قانۇندا بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچىنىڭ ئادىللىقى بىلەن ئەمەلىيەتكە ئاشىدۇ. ئادىل قانۇن زالىم. ھۆكۈمراننىڭ قولىدا بۇرمىلىنىپ ئىجرا قىلىنىشى، زۇلۇم ۋاستىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن؛ ئەكسىچە زالىم قانۇن ئادىل ھۆكۈمراننىڭ قولىدا ئادالەت ۋاستىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

6- دۆلەت رەئىسى تۇرغۇزۇش

دۆلەت رەئىسىنى قانداق بارلىققا كەلتۈرۈش ماۋزۇسىدا ئىزدەنگۈچى ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئىككى خىل كۆز قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ:

بىرىنچى: خەلىپە سايلام ئېلىپ بېرىش بىلەن ئەمەس ئالدىنقىلارنىڭ بەلگىلىشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.

ئىككىنچى: خەلىپىلىك ئۈممەتنىڭ ئىختىيارىدا قالدۇرۇلغان بولۇپ، بىرەر شەخس تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ.

بىرىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى:

ئۇلار شىئە مەزھىبىدىن بولغان 12 ئىمامچىلار ۋە جارۇدىلەر، ئابباسىيلاردىن بولغان راۋەندىلەر بولۇپ، خەلىپىلىك ئىسلام دىنى ئاساسلىرىنىڭ بىرى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى بەلگىلىمەسلىكى ياكى مۇسۇلمانلار ئامىسىنىڭ تاللىشىغا تاپشۇرۇشى جائىز بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ (ئۇلارنىڭ كۆز قارشى بويىچە) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇ ئوغۇللىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىنلەرنى، ئۇلارمۇ كېيىنكىلىرىنى خەلىپىلىككە بەلگىلىگەن، دەپ قارايدۇ.

ئۇلارنىڭ دەلىللىرى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى قىسىم:

(1) ئاللاھ [خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن] (سۈرە ھىجر) دېگەن ئايەتنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ تاغىلىرى ئەبۇتالىب، ھەمزە، ئاببا س ۋە ئابۇلەھەبلەرنى يېغىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى بەنۇ ئابدۇلمۇتەللىپ! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىزمۇ ئەرەب ئەۋلادى مىللىتىگە مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەندىنمۇ، يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدىنمۇ ئەۋزەل بىر نەرسە ئېلىپ كەلمىدى. ئاللاھ سىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشىمنى بۇيرىدى. بۇ ئىش ئۈستىدە قېرىندىشىم، ۋارىسىم ۋە ئىز باسارىم (خەلىپە) بولۇش بەدىلىگە كىم مېنى قانات ئاستىغا ئالىدۇ؟ ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلا ئورنىدىن تۇرۇپ «مەن ياردەمچىڭ بولىمەن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بويندىن تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ ئاراڭلاردىكى

قېرىندىشىم، ۋارىسىم ۋە ئىز باسارىم ئۇنىڭغا قولاق سېلىڭلار ۋە بويسۇنۇڭلار» دەيدۇ. ئەتراپىدىكىلەر كۈلۈشۈپ ئەبۇ تالىبقا «سېنى ئوغلۇڭغا قولاق سېلىشقا ۋە بويسۇنۇشقا بۇيرۇۋاتىدۇ» دېيىشكە باشلايدۇ.

(2) رەسۇلۇللاھقا مەنسۇپ قىلىنغان «سەن مەندىن كېيىن ئۈممىتىمنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرىنى بايان قىلىسەن» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىشىدۇ.

«المراجبات في الفقه الشيئ» ناملىق كىتابىنىڭ مۇئەللىپى بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ۋە ئۇنىڭ تىپىدىكى ھەدىسلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ ئەلىگە رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىنى بېغىشلىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دەيدۇ:[(ئى مۇھەممەد!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق.] (سۈرە نەھل 64-ئايەت) شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ ئەلىگە مۇنداق دەيدۇ: «سەن مەندىن كېيىن ئۈممىتىمنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرىنى بايان قىلىسەن»، «ئەلى رەببىمنىڭ ئالدىدا مەن بىلەن ئوخشاش مەرتىۋىگە ئىگە».

(3) تۆۋەندىكى سۆزنى رەسۇلۇللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ: «ئاللاھ زېمىن ئەھلىگە نەزەر تاشلاپ مېنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى. ئىككىنچى قېتىمدا ئەلىنى يولباشچىلىققا تاللىدى ۋە ئۇنى قېرىندىشىم، دوستۇم، ۋارىسىم، ئىزباسارىم ۋە ۋەزىرىم دەپ بىلىشىمگە بۇيرىدى».

(4) مەزكۇر مۇئەللىپ مۇھەممەد ئىبنى ھەمىدە ۋە مەسلەمە ئىبرىشىنىڭ رىۋايىتى بىلەن يەنە تۆۋەندىكى سۆزنى رەسۇلۇللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ: «ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى ۋە ۋەسىيەتچىسى بولىدۇ. مېنىڭكى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب».

ئىككىنچى قىسىم:

(1)مۇسۇلمانلار خەيبەر قەلئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە قىيىنچىلىققا يولۇققاندا رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراتمايدىغان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىنى چىقىرىمەن. بۇ ۋەزىپىگە ئېرىشمەك شەرەپتۇر. ئەلى قەيەردە؟ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەلى كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىقتىن كۆرمەس بولۇپ قالاي دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كۆزىگە پۈۋلەيدۇ ۋە ئەلەمنى ئۈچ قېتىم لەپىلدەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تۇتقۇزىدۇ.

(2) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۈيۈك ھەج كۈنى ئۇنى ئەبۇبەكرىنىڭ باش رىياسەتچىلىكىدە تەۋبە سۈرىسىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئەۋتىدۇ.

(3) رەسۇلۇللاھ كىيىمىنى ئەلى، فاتىمە، ھەسەن ۋە ھۈسەيىنىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ: «ئاللاھ سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ» دەيدۇ.

(4) رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا ئۇنى ئورنىدا ياتقۇزغان ئىدى.

(5) رەسۇلۇللاھ تەبۇككا ماڭغاندا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبنى مەدىنىگە مەسئۇل قىلىپ قالدۇرغان ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقىشنى تەلەپ قىلىپ: «سەن بىلەن بىرگە چىقمەن» دەيدۇ. «ياق» دەيدۇ رەسۇلۇللاھ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياش تۆكىدۇ. «پەقەت مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. سەن گەرچە پەيغەمبەر بولمىساڭمۇ مەن بىلەن، ھارۇننىڭ مۇساغا نىسبەتەن ئېرىشكەن مەرتىۋىسى بىلەن ئوخشاش مەرتىۋىدە بولۇشقا رازى بولماسەن؟» دەيدۇ رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا.

(6) رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلىمۇ ماڭا ئوخشاشلا مېنى يوباشچىسى دەپ بىلگەن كىشىلەرنىڭ يولباشچىسىدۇر»

بۇ دەلىللەر ئۈستىدە مۇنازىرە:

بىرىنچى قىسىمدىكى دەلىللەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىدىغان بولساق تۆۋەندىكىلەر ئايان بولىدۇ.

بىرىنچى دەلىلدە مۇئەللىپىنىڭ مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئەبۇلپىدا ئىبنى كەسىر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى ھەققىدە سۆزىنى ئۆچىرىتىمىز. دەرۋەقە ئىبنى كەسىر قارى ۋە ئىشەنچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كىتابخانىنىڭ ئەقلىگە بۇ ھەدىسنىڭ توغرىلىقىدىن ئىبارەت بىر ئۇقۇم كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ئىبنى كەسىر «البدايە ۋە النهايە» ناملىق كىتابىدا مەزكۇر ھەدىستىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئەلى ئىبنى مەدەنى، «ھەدىس ئۇيدۇرغۇچى» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئالغانلىقىنى ۋە بەزىلەر ئىشەنچىسىز دەپ قارىغان شىيئە مەزھىبىلىك يالغانچى ئابدۇلغەففار ئىبنى قاسىم ئەبۇمەريەم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى ئۇتتۇرىغا قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇيدۇرما، خاتا ھەدىس بولۇپ، دەلىل بولالمايدۇ.

ئىبنى كەسىر ئۇندىن كېيىن ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ئۇبەي ھاتەمنىڭ بۇ ھەقتە ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. تۆۋەندىكىسى ئىبنى ئۇبەي ھاتەمنىڭ رىۋايىتى.

«كىم قەرزىمنى تۆلەش بەدىلىگە ئائىلە ئەھلىمدى ئىزباسارىم بولىدۇ؟» دەيدۇ رەسۇلۇللاھ. ئەلى «ئاببas ۋە باشقىلار قولىدىكى پۇل ت مالنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ جاۋاب بەرمىدى. مەن ئاباسنىڭ سۆزچىسى ئىدىم. مەنم جىم تۇردۇم. رەسۇلۇللاھ سۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ئاببas يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن «مەن، ئى رەسۇلۇللاھ» دېدىم. «سەن» دېدى ئۇ. ئۇ كۈنى كۆزۈم ئاغرىغان، قوسىغىم چوڭايغان ۋە پۇتلىرىم ئىنچىكە ئۇلارنىڭ كۆرۈمسىزى ئىدىم» دەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد «المسند» ناملىق كىتابىدا ئابدۇللاھ ئەسەدىدىن ئەلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خىش ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن». دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەھلى - جەمەتىنى يىغىپ مېھمان قىلىدۇ. (ئۇ كۈنى 30 كىشى توپلانغان ئىدى) ۋە ئۇلارغا «كىم قەرز ۋە توختاملىرىمغا كاپالەتلىك قىلىش بەدىلىگە جەننەتتىكى ھەمراھىم ۋە ئائىلە - ئەھلىمدىكى ئىز باسارىم بولىدۇ؟» دەيدۇ. بىرەيلەن «ئى رەسۇلۇللاھ، سەن بۇنى قىلالايدىغان كىشىنى ياخشى بىلىسەن» دەيدۇ. ئۇ بۇ سوئالنى ئائىلە - ئەھلىگە يەنە بىر قېتىم تاشلايدۇ. «مەن» دەيدۇ ئەلى ئۇنىڭغا.

بۇنىڭدىن مەزكۇر مۇئەللىپ دەلىل قىلغان «بۇ ئاراڭلاردىكى قېرىندىشىم، ۋارىسىم ۋە ئىز باسارىم, ئۇنىڭغا قولاق سېلىڭلار ۋە بويسۇنۇڭلار» دېگەن سۆز بىلەن ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ئۇبەي ھاتەم رىۋايەت قىلغان «كىم قەرزىمنى تۆلەش بەدىلىگە ئائىلە ئەھلىمدىكى ئىزباسارىم بولىدۇ؟» دېگەن ھەدىسنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ پەرقنىڭ بارلىقىنى مۇلاھىزە قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپىسى قىلىپ قالدۇرغانلىقىنى ئەمەس بەلكى ئاللاھنىڭ دەۋىتى بىلەن قىلىنغان كۈرەش نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۈستىدىكى قەرزىنى ئادا قىلالماسلىق خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، قەرزى ە ئائىلىسگە مەسئۇل بولىدىغان كىشى تېپىش ئۈچۈن ئۇ سۆزنى سۆزلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ »نىڭ بۇ

ھەدىستە دېمەكچى بولغىنى شۇكى، ئەگەر بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالسام كىم قەرزىمنى ئادا قىلىپ ئائىلە ئەھلىمدىكى ئىز باسارىم بولىدۇ. يەنى ئۇ خۇددى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا ئاتلانسا ئۆلتۈرۈش خەۋپىنىڭ بارلىغى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىدىن كېيىن ئائىلىسى ۋە قەرزىگە مەسئۇل كىشىنىڭ بولۇشىنى زۆرۈر ئىكەنلىكىدە ھېسياتتا ئىدى».

باقىلانى مۇنداق دەيدۇ:رەسۇلۇللاھ «قېرىندىشىم» دېگەن سۆزىنى ئۇنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئېيتقان. بۇ ھەدىس ئۇنىڭ پەزىلىتى، يۈكسەك ئورنى ۋە ئىشەنلىكلىكىنى بايان قىلىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ خەلىپىلىكىنى بەلگىلىمەيدۇ. يەنى قەرزىنى ئادا قىلىش ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىلىككە ئېلىپ بارمايدۇ.

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى سەبئىتىن ئىشەنچىلىك سىلسىلە بىلەن نەقىل قىلغان تۆۋەندىكى رىۋايىتى بۇ نۇقتىنى كۈچلەندۈرىدۇ. «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇرۇقنى يوقتىن بار قىلغان، ئىنساننى ياراتقان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇ بۇنىڭ سەۋەبىدىن قانغا بويىلىدۇ». كىشىلەر دېدىكى «ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈرگىن، ئۇنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىۋەتەيلى» ئەلى «سىلەرگە ئاللاھ ئۈچۈن دەۋاتىمەن، مېنى ئۆلتۈرمىگەن بىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولىۋاتامسىلەر؟» دېدى ئۇلارغا. ئۇلار «ئەگەر (ئۆلتۈرىلىدىغانلىقىڭنى) بىلسەڭ ئۇ ھالدا ئورنۇڭغا بىرىنى ئاتىغىن» دېدى. ئۇ: «ياق، سىلەرگە پەقەت رەسۇلۇللاھ قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىنىلا قالدۇرىمەن» دېدى.

بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىدىن كېيىن ئەلى ياكى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسۇن ھېچكىمنى خەلىپىلىككە تەيىنلىمىگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ ھېچكىمنى ئىزباسار قىلمىغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«سەن مەندىن كېيىن ئۇممىتىمنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرىنى بايان قىلىسەن» دېگەن ھەدىسقا كەلسەك، ئەلىنىڭ باشقا مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىق ھالدا بىرەر ۋەزىپىگە ۋەسىيەت قىلىنمىغانلىقى ھەدىس كىتابلىرىدا ئىسپاتلانغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئىمام ئەھمەد ھەسەندىن، ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «شەكسىزكى ماڭا بولغان مۇھەببىتى مېنى مەندە بولمىغان سۈپەتلەر بىلەن ماختاشقا، ئۆچمەنلىكى ماڭا بۆھتان چاپلاشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىككى خىل كىشى ھالاك بولىدۇ. شۈبھىسىزكى مەن پەيغەمبەر ئەمەس، ماڭا ۋەھيى قىلىنمايدۇ. لېكىن قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بويىچە ماڭىمەن. ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان ھالدا قىلغان بۇيرۇقىمغا خالىغان ياكى خالىمىغان بولۇشىڭلارغا قارىماي بويسۇنۇشۇڭلار كېرەك».

ئۈچىنچى ھەدىس ھەدى كىتابلىرىدا ئەمەس، شىئە كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىش سىلسىلىسىز ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئالتە ھەدىس كىتابىدا بۇنىڭغا زىت ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھەسساندىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى بۇيرۇق چۈشۈرەتتى ۋە ئىجرا قىلىناتتى. قول ئاستىدىكىلەر: پالانى - پالانى ئىشلارنى قىلدۇق دەپ كېلەتتى. ئۇ: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى راست ئېيتىدۇ. بەزىلەر «بۇ سۆزۈڭ كىشىلەر ئارىسىدا تارالدى. بۇ رەسۇلۇللاھ ساڭىلا خاس قىلغان ئىشمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ ماڭا ھېچنېمىنى خاس قىلمىغان» دەيدۇ.

يەنە ئىشەنچىلىك يوللار بىلەن قەيس ئىبنى ئۇبادەدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلىنىڭ بىرەر مەنزىرە كۆرگەندىن، تۆپىگە چىققاندا ياكى ۋادىغا چۈشكەندە «ئاللاھنى پاكلايمەن. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى راست ئېيتىدۇ.» دېگەنلىكىنى ئاڭلايتتۇق. بەنى يەشكۇردىن بىرەيلەنگە «بىزنى

ئەمىرۇلمۆمىنىنىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغىن. «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى راست ئېيتىدۇ» دېگەن سۆزى ھەققىدە سوراپ باقايلى، دېدىم ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ «ئى ئەمىرۇلمۆمىنىن، بىرەر مەنزىرە كۆرگەندە، تۆپىگە چىققاندا ياكى ۋادىغا چۈشكەندە «ئاللاھنى پاكلايمەن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى راست ئېيتىدۇ» دېگەنلىكىڭنى كۆردۇق. ئۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ساڭا بىر نەرسە بەلگىلىگەنمىدى؟ دەپ سورىدۇق. جاۋاب بېرىشنى خالىمىدى. بىز ئۇنىڭغا يېپىشىۋالغاندىن كېيىن «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى رەسۇلۇللاھ ماڭا باشقىلاردىن پەرقلىق ھېچنېمىنى بەلگىلىمىگەن» دە جاۋاب بەردى.

يەنە ئىما ئەھمەج ئەبۇ تۇپەيلىدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى «رەسۇلۇللاھ سىلەرگە ئالاھىدە بىر ئىش تاپشۇرغانمۇ؟» دەپ سورالغاندا «رەسۇلۇللاھ بىزگە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئومۇمى بولمىغان ھېچقانداق بىر ئىشنى تاپشۇرمىغان». دەپ جاۋاب بەرگەن.

تۆتىنچى ھەدىسقا كەلسەك ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى مۇھەممەد ئىبنى ھەمىد رازى ۋە سەلەمە ئىبرىش ئىشەنچسىز دەپ قارالغان. بولۇپمۇ مۇھەممەد نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تەرىپىدىن يالغانچى دەپ تونۇلغان.

بۇ ھەدىس ھەققىدە ئەززەھەبى «ئىشەنچسىز»، يەئقۇب ئىبنى شەيبە «نۇرغۇنلىغان خاتالىق بار»، بۇخارى «قاراپ بېقىش كېرەك»، ئەبۇزەر «يالغان» دېگەندەك باھالارنى بەرگەن.

پەزلۇك رازى «مەندىن مۇھەممەد ئىبنى ھەمىدنىڭ ئەللىك مىڭ ھەدىسى بار، لېكىن ئۇلاردىن بىر ھەرپىمۇ رىۋايەت قىلمايمەن» دەيدۇ.

ئەلى ئىبنى مېھران «ئۇنىڭ يالغانچىلىقىغا شاھىدە بولىمەن» دەيدۇ.

سالىھ ئىبنى جەزرە «مۇھەممەد ئىبنى ھەمىدە ئېيتقان ھەربىر ئىشتىن شۈبھىلىنەتتۇق. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرى ھەققىدە سۆز قىلىشتا ئۇنىڭدىنمۇ جۈرئەتلىك بىرسىنى كۆرمىدىم. ئۇ ھەدىسلەرنى خالىغانچە ئۆرۈپ - جۆرىيەلەيتتى» دەيدۇ.

ئىبنى خەرراش «مۇھەممەد ئىبنى ھەمىدنىڭ ھەدىس ئوغۇرلايدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم» دەيدۇ.

ئىمام نەسائى «ئىشەنچسىز» دەيدۇ.

سالىھ ئىبنى جەزرە «يالغان ئېيتىشقا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇستا بىرىنى كۆرمىدىم» دەيدۇ.

ئەبۇ ئەلى نىسابۇرى ئىبنى خۇزەيمەگە مۇنداق دەيدۇ:

- مۇھەممەد ئىبنى ھەمىدنىڭ رىۋايىتىنى ئالساڭچۇ! ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۇنى ماختىغان ئىدى.

- ئۇ ئۇنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇنى بىز بىلگەندەك بىلسە ئىدى ھەرگىز ماختىمىغان بولاتتى، دەيدۇ ئۇ.

ئەبۇ مۇھەممەد ئەسسال پەزلۇك رازىنىڭ «مۇھەممەد ئىبنى ھەمىدنىڭ يېنىغا كىرسەك ئۇ رىۋايەت سىلسىلىرىنى تېكىستلەرگە قوراشتۇرۋاتقان ئىكەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ.

مەزكۇر ھەدىسنىڭ مۇھەممەد ئىبنى ھەمىد تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنىشىلا ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىغا يېتىپ ئاشىدۇ.

سەلەمە نۇرغۇنلىغان ھەدىس تەكشۈرگۈچى ئالىملار تەرىپىدىن ئىشەنچسىز دەپ قارالغان.

ئۇنىڭ ھەققىدە ئىبنى راھۋەي «ئىشەنچسىز» بۇخارى «خاتالىقلار بار»، نەسائى «ئىشەنچسىز»، ئىبنى سەدنى «رىيدىن چىقماي تۇرۇپلا سەلەمەنىڭ ھەدىسلىرىنى تاشلىۋەتتۇق» دېگەندەك ئىزاھاتلارنى بەرگەن.

ئەبۇھاتەم «ئۇنىڭ ھەدىس دەلىل قىلىنمايدۇ» ئەبۇ زەر «رىيى ئەھلى ناچار كۆز قارىشى ۋە ھەقسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى» دەيدۇ.

ئاخىردا شۇ خۇلاسىغا كېلىمىزكى، شىئەلەرنىڭ بىرىنچى قىسىمدا ئوتتۇرىغا قويغان ھەدىسلىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن خەلىپە ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ.

ئالدىنقى قۇرلاردا بايان قىلغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇلار تەرىپىدىن مەنسۇپ قىلىنغان ئىلاھىدىلىكنىڭ خاس قىلىنمىغانلىقى، ئۇنىڭغا بولغان چېكىدىن ئاشقان مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن ئۇنى مەۋجۇت بولمىغان سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەش، ئۇنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە قانۇن ئالدىدا باشقىلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدىغان نورمال بىر ئىنسان بولۇشىغا قارىماي ئۇنى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىدىغان توغرا ھەدىسلەر يۇقىرىقى خۇلاسىنىڭ توغرىلىقىنى باشقا بىر تەرەپتىن ئىسپاتلايدۇ.

ئىككىنچى قىسىمدىكى دەلىللەر توغرا ۋە ئىشەنچلىك. ئەمما ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپىلىككە بەلگىلىگەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ خەيبەردە ئۇنىڭغا بايراقنى تۇتقۇزۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ مەرھەمىتى بىلەن مۇۋەپپىقەتكە ئېرىششى، ئۇنى ھەج ۋاقتىدا تەۋبە سۈرىسىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى، ئۇ، فاتىمە، ھەسەن ۋە ھۈسەينلەرنىڭ ئۈستىگە كىيىمنى قويۇپ، ئۇلارنى پاكلاش مەزمۇنىدىكى ئايەتنى ئوقۇشى ھىجرەت كېچىسىدە ئورنىدا ياتقۇزۇشى ۋە تەبۇك ئۇرۇشىدا مەدىنىگە مەسئۇل قىلىشى پەقەتلا ئۇنىڭ خىسلەت ۋە ئالاھىدە ئورۇن ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

بەزى ساھابىلارغا باشقىلاردا بولغان ئالاھىدىلىك ۋە ئىسىل خىسلەتلەر مۇجەسسەملەشكەندەك ئەلىنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى ھېچبىر مۇسۇلمان ئىنكار قىلمايدۇ. بەلكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ.

مەسىلەن: ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رەسۇلۇللاھ ھىجرەتتىكى سەپەرداشى ۋە تاغ ئۆڭگۈرىدىكى ھەمراھى قىلىپ تاللايدۇ. ئاللاھ ئۇ ئىككىسى ھەققىدە [ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمرا ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللا) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى] (سۈرە تەۋبە 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەندىن ئىبارەت قىيامەتكىچە تىللاردا تەكرارلىنىدىغان قۇرئان ئايىتى نازىل قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىكى مەسجىدنىڭ بارلىق ئىشىكلىرىنى توسۇۋېتىشكە بۇيرۇق قىلىپ پەقەت ئۇنىڭكىنىلا قالدۇرىدۇ. ئۇنى بۈيۈك ھەج كۈنى ھاجىلارغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشماي تۇرۇپلا ئۇنى نامازدا ئىمام بولۇشقا تەيىنلەيدۇ. ئىمام مۇسلىم رەسۇلۇللاھنىڭ مىنبەرگە چىقىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر زېمىن ئەھلىدىن دوست تۇتىدىغان بولسام ئەبۇبەكرىنى دوست تۇتقان بولاتتىم. مەسجىتتىكى ئەبۇبەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا ھەممە ئىشىكلەرنى توسۇۋېتىلسۇن. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەڭ يېقىن كىشىلەرنىڭ بىرى».

رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا «پەقەت مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. سەن گەرچە پەيغەمبەر بولمىساڭمۇ مەن بىلەن، ھارۇننىڭ مۇساغا نىسبەتەن ئېرىشكەن مەرتىۋىسى بىلەن ئوخشاش مەرتىۋىدە» دېگەن سۆزى ئۇنى ئۆزىدىن كېيىن خەلىپىلىككە بەلگىلىگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئۇ

تەبۇك ئۇچۇن يولغا چىققاندىن كېيىن ئائىلىسىگە ۋە مەدىنىگە مەسئۇل قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئائىلىسى ۋە مەدىنىگە مەسئۇل قىلغاندىن كېيىن مەدىنىدىكى مۇناپىقلار رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى، ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قويدى، دەپ پىتنە تارقىتىپ تىنچسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئايالار ۋە بالىلار ئارىسىدا قويۇپ كېتەمسەن؟» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا «مۇسا ھارۇننى بەنى ئىسرائىلدا ئۆچ كۈرۈپ تاشلاپ كەتمىگىنىگە ئوخشاش مەنمۇ سېنى مەدىنىدە ئۆچ كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن تاشلاپ كەتمەيۋاتىمەن» دېگەن مەنىدە يۇقىرىدىكى سۆزنى ئېيتىدۇ.

باقىلانى مۇنداق دەيدۇ: ھارۇننىڭ مۇسانىڭ قېرىندىشى، پەيغەمبەرلىكتىكى شېرىكى ۋە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىلى ماڭغانى، كېيىنكى ئىزباسارى بولۇشتەك مەرتىۋىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ مەزكۇر مەنىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلىشىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ھارۇننى ھەرگىزمۇ ئۆزىدىن كېيىنكى ئىز باسارى قىلىپ تەيىنلىمىگەن ئىدى. چۈنكى ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يۇشەئ ئىبنى نۇن ئۇنىڭ ئىزىنى باسقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ «سەن مەن بىلەن، ھارۇننىڭ مۇساغا نىسبەتەن ئېرىشكەن مەرتىۋىسى بىلەن ئوخشاش مەرتىۋىدە» دېگەن سۆزى ھەرگىزمۇ «سەن قان قېرىندىشىم، مەندىن كېيىن ئىز باسارىم بولىسەن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى بۇ خىل مۇناسىۋەت ھارۇن بىلەن مۇسا ئارىسىدا مەۋجۇت بولمىغان ئىدى. بۇنىڭدىن يۇقىرىقى چۈشەنچىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى «مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ» دېمەك ۋاپاتىمدىن كېيىن ئەمەس، پەيغەمبەرلىكىمدىن كېيىن باشقا پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ئاخىرقى «ئەلىمۇ ماڭا ئوخشاشلا مېنى يولباشچىسى دەپ بىلگەن كىشىلەرنىڭ يولباشچىسىدۇر» دېگەن ھەدىس ئىمام ئەھمەد ۋە ئوغلى ئابدۇللاھ تەرەپىدىن ئىشەنچلىك يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىنغان. شۇنىڭدەك توغرا بولۇش تەلىۋىگە ئۇيغۇن. لېكىن شۇنىسى مۇھىمكى ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپىلىككە شىئەلەرنىڭ دېگىنىدەك بەلگىلىگەنلىكىگە دەلىل بولامدۇ ـ يوق؟

ئەرەب تىلىدىكى بىر سۆزنىڭ بىر نەچچە خىل ئوخشىمىغان مەنىسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىك «يولباشچى» سۆزىنى ئەسلى تېكىستىنىڭ پەقەت سۆز مەنىسىگە ئاساسلىنىپلا ھىمايىچى، مەسئۇل، مەدەتكار، ئۇرۇق ـ تۇققان، ئىتتىپاقداش، ئازات قىلغۇچى، ياردەم بەرگۈچى، دوست، ياخشى كۆرۈلگۈچى دېگەندەك سۆزلەرگە ئۆزگەرتىشىمىزگە يول قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىستىن مۇنداق ئىككى خىل چۈشەنچە مەقسەت قىلىنىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

بىرىنچىسى: ئەلىمۇ مېنى دىنىنىڭ ھىمايىچىسى دەپ بىلگەن كىشىلەرنىڭ ئوخشاشلا ئىچكى ـ تاشقى دۇنياسى بىردەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ھىمايىچىسى بولىدۇ. يەنى ئۇ بارلىقى بىلەن ئىسلامنى ھىمايە قىلىدۇ. بۇ ھەدىس كۆرۈنۈشتە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىۋاتقان ھەر كىشىدە تېپىلىۋەرمەيدىغان ئىچكى ـ تاشقى دۇنياسى بىر بولۇشتەك ئىسىل خىسلەت، ساپ قەلب ۋە ئۈستۈن مەرتىۋىنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدا ئۆز ئەكسىنى تاپقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچىسى: ئەلىمۇ مەندەك مېنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئىچكى ـ تاشقى دۇنياسى ئوخشاشلا ياخشى كۆرۈلىدىغان، دوست تۇتىدىغان كىشى. يەنى مېنى ياخشى كۆرگەندەكلا ئۇنى بارلىقى

بىلەن ياخشى كۆرۈش، دوست تۇتۇش ۋاجىب. ئەكسىچە مۇسۇلمانلىقى بىلىنگەن ھەر كىشى بۇ ئۇسۇلدا ياخشى كۆرۈلمەيدۇ. پەقەت بىزگە تونۇلغان تاشقى دۇنياسىلا ياخشى كۆرۈلىدۇ. دوست تۇتۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئىچكى دۇنياسى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ.

ئەگەر خەلىپىنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرەپىدىن بەلگىلىنىشى كېرەك بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ ھېچكىم ئىختىلاپ قىلىشمايدىغان دەرىجىدە روشەن بايان قىلغان بولاتتى. چۈنكى خەلىپىلىك ـ بىر يولباشچى ئەتراپىدا ئۇيۇل تاش بولۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا قىبلە ۋە يا نامازنىڭ رەكئەت سانىنى بىلىشكە ئوخشاش مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەگەر بۇ ھەقتە قەتئىي ھۆكۈم ياكى بۇيرۇق قىلىنغان بولسا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن كۆپ خىل يوللار بىلەن توغرىلىنىغا قىل سىغمايدىغان ھالەتتە بىزگە ئۇلاشقان بولاتتى. «خەلىپە قەتئىي بەلگىلىنىشى كېرەك». دېگەننى داۋا قىلغۇچىلاردىن قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە بۇ ھەقتە كۆپ خىل يوللار بىلەن بىرەر ئىشەنچىلىك ھۆكۈمنىڭ رىۋايەت قىلىنماسلىقى چۈشەنچىمىزنىڭ توغرىلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ. بۇ ھەقتە رەۋافىزىلار بىرلا يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلىرىنى دەلىل قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ھەدىسلەر توغرىلىق، شەرتلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس ۋە رىۋايەت قىلغۇچىلىرى ئىشەنچىسىز. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى چۈشەنچىلىرىگە يانىياق بولالمايدۇ.

جۇۋەينى ئۇلارغا قارشى مۇنداق دەيدۇ: قولۇڭلاردا ئېنىق ھۆكۈم بارمۇ ياكى ئەقلىڭلارغا تايىنىپ ئىش كۆرۈۋاتامسىلەر؟ ئەقىل بىلەن ئۇ ھۆكۈمگە كېلىشنىڭ يولى قايسى؟ ئەقىل مۇئەييەن شەخسنىڭ خەلىپە بولۇشىغا ئېنىق ھۆكۈم بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئەقلىدىن ھەدىسكە قايتسا دېيمىزكى ھەدىس ياكى كۆپ خىل يولدىن ياكى بىرلا يولدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. قولۇڭلاردا كۆپ خىل يولدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس يوق. بىرلا يولدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر كۆز قارىشىڭلارغا ئاساس بولالمايدۇ. 12 ئىمام مەزھەبىدىكىلەر بىرلا يولدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردىن ئېنىق ھۆكۈم ئېلىش ئەمەس، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى چەكلىگەن تۇرسا، قانداقمۇ «خەلىپىنىڭ قەتئىي بەلگىلىنىشى»نى داۋا قىلالايسىلەر؟

ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھېچبىر ساھابى ئۇنىڭ خەلىپىنىڭ كىم بولۇشى ھەققىدە قەتئىي ھۆكۈم بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلمىغان. ئارىلىرىدا يەر ـ يەرلەردە ئىسلام ئۈگىتىۋاتقانلار بولغان ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي قېلىشى ئەقىلغا سىغمايدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خەلىپىلىكنى ئىلگىرى ـ كېيىن ئەسلا داۋا قىلمىغان، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرەپىدىن قەتئىي بەلگىلەنگە خەلىپە ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا تاڭمىغان ئىدى.

مەلۇمكى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىگە بەيئەت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرەپىدىن خەلىپىلىككە بەلگىلەنگەنلىكىگە ئائىت ھەدىسنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەبۇبەكرگە بەيئەت قىلىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا ئۆزىنىڭ تېخىمۇ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىغاندىن كېيىنكى خەلىپە سايلاش كېڭىشىكە قاتنىششى ئەقىلغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنچە ئىزدىنىپ باشقىسىنى سايلاش ئورنىغا ئۆزىنىڭ خەلىپە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشلا كۇپايە قىلاتتى.

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان باتۇر، شىجائەت ئىگىسىنىڭ رەسۇلۇللاھدىن ئاڭلىغان ھەدىسىنى قورقۇنچ يۈزىسىدىن يوشۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

خەلىپە سايلاش ئۈچۈن سەقىپەگە توپلانغان ساھابىلاردىن ھېچكىم بىرەر ھەدىس ياكى سۆز بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپە بولۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان ئىدى. پۈتۈن مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ خەلىپىلىك ھەققىدىكى بىر ھەدىسنى ئىنكار قىلىشقا بىرلىككە كېلىشى ئەقىلغا ئۇيغۇنمۇ؟!

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان توغرا ھەدىسلەر شۇ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇكى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرەپىدىن خەلىپىلىككە بەلگىلەنمىگەنلىكىنى، مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىق بىرەر خىسلەتكە ئىگە قىلىنمىغانلىقىنى ۋە رەسۇلۇللاھدىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل كىشىنىڭ ئەبۇبەكرى، ئۇندىن قالسا ئۆمەر دەپ قارايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېلان قىلغان.

رەسۇلۇللاھ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقاندا ئاباس ئىبنى ئابدىلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كىمنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر خەلىپىلىك ئۇلارغا مەنسۇپ بولسا ئىدى، ئۇلار بىلگەن ۋە باشقىلارغا يەتكۈزگەن بولاتتى؛ باشقىلارغا مەنسۇب بولسا ئىدى. ئۇ ھەقتە ۋەسىيەت قىلىنغان بولاتتى. ئاللاھ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلسۇنكى ئۇ پەقەت سوئال سوراشنىمۇ رەت قىلغان ئىدى.

ئىمام ئەھمەد كەئب ئىبنى مالىكتىن ئىبنى ئاباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئاخىرقى قېتىم ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىدۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن «ئى ئەبۇلھەسەن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداق؟» دەپ سورىشىدۇ. «ئاللاھقا ھەمدۇلار بولسۇنكى ياخشىلىنىپ قالدى» دەيدۇ ئۇ.

ئاباس ئىبنى ئابدىلمۇتەللىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ «ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ رەسۇلۇللاھ بۇ قېتىم بىز بىلەن ۋىدالىشىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن بەنى ئابدىلمۇتەللىپنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى يۈزلىرىنى تونۇيمەن. بىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن. خەلىپىلىكنىڭ كىمدە بولىدىغانلىقىنى سورىۋالايلى، بىزدە بولسا بىلدۇرىدۇ؛ باشقىلاردا بولسا بىزگە ۋەسىيەت قىلىدۇ» دەيدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «رەسۇلۇللاھ رىياسەتچىلىك ھەققىدە سوئال سوراشنى مەنئى قىلغان. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇنى ھەرگىزمۇ سورىمايمەن» دەيدۇ.

بۇ سەۋەبتىن بەزى ھەدىسشۇناسلارنىڭ مەزكۇر ماۋزۇدا ئىلمى تەتقىقات ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكنى بەلگىلەيدىغان ئېنىق ھۆكۈمنىڭ يوقلىقىدىن ئىبارەت خۇلاسىگە ئېرىشىشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئۇنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قويۇپ، خەلىپىلىك مەنسۇپىگە ئولتۇرغۇزۇشنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ھېرىسمەنلىك كۆرسەتكەن ئىشى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئارىپ تامىر مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى، ئۇ ئېلىپ كەلگەن مەرھەمەتلىك دىن ئىسلام، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى باش رىياسەتچى - خەلىپە بولۇش ھەققى ۋە سالاھىيىتىگە بولغان كۈچلۈك قايىللىقىم ۋە ئىمانىم بىلەن دەيمەنكى بۇ ماۋزۇدىكى مۇنازىرەم ھۆرلۈك ۋە روشەنلىككە مەركەزلەشكەن. ئۇ پەيغەمبەرلىككە بولغان ئىمانىم ۋە ئەلىنىڭ خەلىپىلىككە بولغان ئېتىقادىمنى ئاجىزلاشتۇرمايدۇ. «رەسۇلۇللاھ تەرەپىدىن خەلىپىلىك ۋەسىيەت قىلىنغان» دېگەن كۆز قاراشتىكى بارلىق شىئە گورۇھلىرى ۋە بەزى سۈننى مەزھەبىدىكىلەرگە قارشى قىلچىلىك خەۋپ ياكى ۋەھىمە ھېس قىلماستىن ئوچۇق ئېلان قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنى ۋەسىيەت قىلمىغان ئىدى».

بەزى سۈننى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى

ھەسەن بەسرى، ئىبنى ھەزم ۋە ئىمام ئەھمەدكە ئوخشاش بەزى سۈننى مەزھەبىدىكى ئالىملار ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى رەسۇلۇللاھ تەرەپىدىن بەلگىلەنگەن دەپ قارايدۇ ۋە تۆۋەندىكىلەرنى دەلىل قىلىدۇ:

(1) بۇخارىنىڭ جۇبەير ئىبنى مۇتئەمدىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسى: بىر ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا مەسىلە سوراپ كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنى بىلمىگەن نەرسىلىرىنى سوراپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىنى كۆزدە تۇتقانىدەك «كېلىپ سىلىنى تاپالمىسامچۇ؟ دەپ سورايدۇ؟ «مېنى تاپالمىسىڭىز ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا كېلىڭ» دەيدۇ رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا.

(2) رەسۇلۇللاھنىڭ «مەندىن كېيىن ئەبۇبەكر ۋە ئۆمەرگە ئەگىشىڭلار» دېگەن سۆزى.

(3) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئاغرىپ قالغان كۈنى يېنىمغا كىرىپ «ماڭا دادىڭىز ۋە ئاكىڭىزنى چاقىرىپ بېرىڭ. ئەبۇبەكرگە ۋەسىيەت يېزىپ بېرەي» دېگەن ۋە ئۇندىن كېيىن «ئاللاھ ۋە مۇسۇلمانلار پەقەت ئەبۇبەكرىنىلا قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن ئىدى.

(4) رەسۇلۇللاھنىڭ «ئەبۇبەكرىنى چاقىرىڭلار، مۇسۇلمانلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇسۇن» دېگەن سۆزى.

(5) رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئەگەر زېمىن ئەھلىدىن دوست تۇتىدىغان بولسام ئەبۇبەكرىنى دوست تۇتقان بولاتتىم. مەسجىتتىكى ئەبۇبەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا ھەممە ئىشىكلەر توسۇۋېتىلسۇن» دېگەن سۆزى.

بۇ ھەدىسلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلغان كىشى ئۇلارنىڭ ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرەپىدىن قەتئىي بەلگىلەنگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىسلامدىكى مەرتىۋىسى، رەسۇلۇللاھقا يېقىنلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە خۇددى مۇسۇلمانلارنى دىنىنى ھىمايە قىلىپ دۇنيانى باشقۇرىدىغان خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشقا تەشەببۇس قىلغاندەك ئۇنىڭ خەلىپە بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلايدىغان گۈزەل خىسلەتلىرىنى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقتۇرغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئىككىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىلى:

بۇلار مۇتلەق كۆپ سانلىق سۈننىلەر، مۇئتەزىلەلەر، خاۋارىجلار، بەزى شىئەلەر ۋە بىر گورۇھ ھەدىس ئەھلىلىرى بولۇپ، خەلىپىلىكنىڭ مۇئەييەن شەخستە بولۇشى ۋە ۋەسىيەت قىلىش ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس يولى ئارقىلىق كۆچۈشى ھەققىدە ئېنىڭ ھۆكۈم يوق. ئەكسىچە ئاللاھنىڭ [ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن] (سۈرە ئال ئىمران) دېگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئىسلام كېڭەش پىرىنسىپى ئىجرا قىلىنغان خۇسۇستا خەلىپە ياكى رەئىس سايلاش ھوقۇقىنى مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا تاپشۇرغان؛ دەپ قارايدۇ.

ئۇلار خەلىپىلىك پەقەت قەتئىي بەلگىلىنىش ياكى سايلىنىش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. ئېنىق بەلگىلىنىشىنىڭ ئۇسۇلىنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان ئىشەنچلىك، توغرا ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنمىغانلىقى ئىككىنچى خىل ئۇسۇل ـ سايلىنىشنىڭ كۈچكە ئىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دېگەن ئاساسقا تايىنىدۇ.

كۆپ سانلىق ئىسلام ئالىملىرى خەلىپىنىڭ سايلام ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پىرىنسىپقا بىرلىككە كەلگەن. ئىسلام تارىخىدا خەلىپەلەر سايلام ئارقىلىق تەيىنلەنگەندە ھېچبىر تونۇلغان ئالىم ئېتىراز بىلدۈرمىگەن.

7- دۆلەت رەئىسىنى سايلاشنىڭ ئۇسۇللىرى

ئالدىنقى قىسىمدا دۆلەت رەئىسىنىڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئىچىدىن سايلىنىدىغانلىقى ۋە سايلاش هوقۇقىنىڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خۇلاسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدۇق. ئەمدى دۆلەت رەئىسىنى سايلاشنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىمىز.

ئەڭ ئاۋۋال شۇنى دەيمىزكى ئىسلامدا دۆلەت رەئىسى سايلاشنىڭ چوقۇم تەتبىقلاش كېرەك بولغان مۇئەييەن ئۇسۇلى يوق. پەقەت كېڭەش ۋە ئادالەت پرىنسىپى بويىچە كېرەكلىك شەرتلەر تېپىلغان هامان سايلامنىڭ ئۇسۇل ياكى يوللىرى مۇهىم ئورۇن تۇتمايدۇ.

بىرىنگىچە سايلام ئۇسۇلى تۇراقلىق بولمايدۇ. مەلۇم ئەسىر ۋە دەۋرگە مۇۋاپىق كەلگەن ئۇسۇل باشقا بىر زامانغا مۇۋاپىق كەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمەلى هايات ۋە شارائىت ئۆز دەۋرىگە خاس سايلام ئۇسلۇبىنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن.

بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ كىتابلىرى بىزگە دۆلەت رەئىسى سايلىمىنىڭ ئىككى باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ ــ نامزات كۆرسىتىش باسقۇچى بولۇپ، خۇسۇسى بەيئەت دەپ ئاتالغان. بۇ باسقۇچتا كېڭەش ئەهلى نامزات تۇرغۇزۇپ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ رايىغا سۇنىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ - ئومۇمى بەيئەت باسقۇچى بولۇپ پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ نامزات هەققىدىكى قاراشىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. بۇ باسقۇچتا رەئىس بولىدىغان كىشى كەلگۈسى پىلانلىرىنى نۇتۇق ئارقىلىق ئاممىغا ئاڭلىتىدۇ.

بۇ رەئىس نامزاتىنىڭ سالاهىيتى ئۈستىدىن هۆكۈم چىقىرىلىدىغان هەل قىلغۇچ باسقۇچ. ئەگەر مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا بەيئەت قىلسا رەئىسلىكى كۈچكە ئىگە بولۇپ ۋەزىپىگە ئولتۇرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا كېڭەش ئەهلىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن باشقا بىر نامزات مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋازىغا سۇنۇلىدۇ.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ خەلىپىلىكى سەقىپەدىكى مۇهاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ خۇسۇسى بەيئىتىدىن كېيىن كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە ئومۇمى بەيئىتىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. ئوخشاشلا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاهۇ ئەنهۇلارنىڭ خەلىپىلىكلىرىمۇ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ بەيئىتى بىلەن كۈچكە ئىگە قىلىنغان.

ئىسلام پېشۋاسى ئىمام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «سۈننى مەزهەبىدىكى خەلىپىلىك (رىياسەتچىلىك) پەقەت هاكىمىيەت ئىگىسى - مۇسۇلمانلارنىڭ ماقۇللىشى بىلەنلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. هېچكىم ئىتائىتى بىلەن خەلىپىلىكنى سەلتەنەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋازىسىز خەلىپە بولالمايدۇ. خەلىپىلىك قۇدرەت ۋە سەلتەنەت قازىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ. قۇدرەت ۋە سەلتەنەت مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ بىردەك بەيئەت قىلىشى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ».

شۇنىڭ ئۈچۈن هەدىس ئالىملىرى «مەسئۇلىيەت ۋەزىپىسىنى تەلەپ قىلىنغان تەرزدە ئورۇنلاش قۇدرىتى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە بولغان كىشى، گۇناھ - مەسىيەتكە يېقىنلاشمىغان شەرت ئاستىدا ئىتائەت قىلىنىشى بۇيرۇلغان مەسئۇللارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. خەلىپىلىك (رىياسەتچىلىك) هاكىمىيەت ۋە سەلتەنەت دېمەكتۇر. ئۇ پەقەت بىر - ئىككى كىشىنىڭ ئەمەس، بەلكى كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە قوشۇلۇشى بىلەن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ» دەيدۇ.

ئىمام ئەهمەد مۇنداق دەيدۇ: خەلىپە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ماقۇللىشى بىلەن دۆلەتنىڭ رىياسەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشىدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ «بىر يولباشچىغا

ئەگەشمەي ئۆلگەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن ھەدىسىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغاندا «يولباشچىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ يولباشچى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن تەيىنلەنگەن كىشىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۈچ - قۇدرەت ۋە ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنىڭ بەيئەت قىلىشى بىلەن خەلىپىلىككە ئولتۇرغان. ئەگەر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر گورۇھ كىشىلەرلا بەيئەت قىلىپ، قالغان ساھابىلار بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقان بولسا ئۇنىڭ خەلىپىلىكى كۈچكەئىگە بولمىغان بولاتتى. ھالبۇكى ئۇنىڭ خەلىپىلىكى كۈچ - قۇدرەت ۋە سەلتەنەت ئىگىسى بولغان كۆپ سانلىق ساھابىلارنىڭ بەيئەت قىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ قوشۇلماسلىغى تەسىر كۆرسەتمىگەن. چۈنكى ئۇممەت مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان قۇدرەت ۋە سەلتەنەتتىن ئىبارەت خەلىپىلىكنىڭ ئەسلى مەقسىتى كۆپ سانلىقنىڭ قوللىشى بىلەن ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن بىرەر كىشىنىڭ قوشۇلماسلىغى نەزەرگە ئېلىنمىغان.

تەسىر كۈچ ياكى شەۋكەت ئىگىسى بولمىغان بىر نەچچە كىشىنىڭ قوللاش - قوللىماسلىقىغا ئاساسەن خەلىپىلىك ئۈستىدىن قارار بېرىش خاتالىقتۇر.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت ئىسلامغا كۈچ - قۇدرەت، شان - شاۋكەت تىكلىگەن، مۇشرىكلارنى بويۇندۇرغان، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئىسلام ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا ئالغان رەسۇلۇللاھنىڭ پىدائىلىرى تەرەپىدىن بەيئەت قىلىنغان.

شۇنىڭدەك ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئومۇمەن بەيئەت قىلىشى ۋە ئىتائەت قىلىشى بىلەن خەلىپىلىككە ئولتۇرغان. ئەگەر كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بەيئەت قىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ھەل قىلغۇچ شەرت ھازىرلانمىغان بولسا ئىدى ئۇلارمۇ ھەرگىز خەلىپە بولمىغان بولاتتى.

ئىمام ئەھمەد ھەمدان ئىبنى ئەلىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەيئىتىدەك كەسكىن بەيئەت بولمىغان ئىدىكى پۈتۈن قۇۋۋەت ۋە نوپۇز ئىگىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئىدى. ئەگەر ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفلا بەيئەت قىلىپ پىشقەدەم ساھابىلار بەيئەت قىلمىغان بولسا ئىدى ئۇ مۇسۇلمان خەلىپە بولالمىغان بولاتتى.

نامزات كۆرسىتىشنىڭ شەكىللىرى

ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا دۆلەت رەئىسى نامزاتىنى كۆرسىتىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل شەكلى بولىدۇ. (1) ۋەزىپە ئۈستىدىكى خەلىپە ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپىلىككە نامزات كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىزباسار تۇرغۇزۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىلەن كېڭەشىش ۋە كۆپ سانلىقنىڭ ماقۇللىغىنى ئېلىش ئارقىلىق ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىز باسارى قىلىپ تۇرغۇزغان ئىدى. ئۇ كۆپچىلىكتىن «مەندىن كېيىن كىمنىڭ خەلىپە بولۇشىنى خالايسىلەر؟» دەپ سورىغان ئىدى.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەيمىزكى سابىق خەلىپىنىڭ ۋەسىيىتى پەقەت نامزات كۆرسىتىشتىنلا ئىبارەت ئەمما ئاخىرقى قارار ئىگىسى، ھەقىقىي ھوقۇقلۇق تەرەپ يەنىلا مۇسۇلمانلار ئاممىسىدۇر. كىمنىڭ خەلىپە بولۇشىنى ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ۋە ئەركىنلىكى بەلگىلەيدۇ.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «مەندىن كېيىن كىمنىڭ خەلىپە بولۇشىنى خالايسىلەر؟» دەپ سورىشى بۇ نۇقتىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپە بولۇشىنى ئاممىنىڭ رازىلىقى ۋە ماقۇللىشىغا باغلىغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەبۇيەئلافەررا «خەلىپىلىك (رىياسەتچىلىك) ۋەسىيەت بىلەن ئەمەس، مۇسۇلمانلارنىڭ بەيئىتى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ». دەپ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقان.

زەيدە ئىبنى ئابدىلئەزىز ئىبنى فەييار مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپىدىن خەلىپىلىككە كۆرسىتىلگەن ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بەيئەت قىلىشى بىلەن كۈچ - قۇدرەت ۋە سەلتەنەت ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن خەلىپىلىككە رەسمى ئولتۇرغان».

(2) كېڭەش ئەھلىدىن بىر كىشى خەلىپە نامزاتى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھېچكىمنىڭ تىل بىرىكتۈردى دېگەن باھانە بىلەن پىتنە - پاسات، قالايمىقانچىلىق ۋە داۋالغۇش پەيدا قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن بىر بىر گوروپ كېڭەش ئەزالىرى ئالدىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىمام ئەبۇلھەسەن ئەشئەرى، ئەبۇبەكر باقىلانى ۋە ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى جۇۋەينىلەر بۇ كۆز قاراشتىكى كىشىلەردۇر.

ئۇلار تۆۋەندىكى دەلىللەرگە ئاساسلىنىدۇ:

ئا: بۇ ئۇسۇلنى چەكلەيدىغان ئېنىق قائىدىنىڭ بولماسلىقى.

ب: ئاببااس ئىبنى ئابدىلمۇتەللىپنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا «قولۇڭنى بەر، ساڭا بەيئەت قىلىمەن. رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىغا بەيئەت قىلىشىغا ھېچكىم قارشى چىقمايدۇ» دېيىشتى.

پ: نامزات كۆرسىتىش بىر كىشى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم بىر كىشى چىقارغان ھۆكۈم مۇسۇلمانلارنىڭ قارىپ چىقىشىغا سۇنۇلسا بولىدۇ.

(3) كېڭەش ئەھلىدىن ئىككى كىشىنىڭ نامزات كۆرسىتىشى. سۇلەيمەن ئىبنى جۇرەيرە ئەززەيدى، بەزى مۇئتەزىلەلەر ۋە بىر قىسىم كۇفە ئالىملىرى بۇ كۆز قاراشتىكى كىشىلەردۇر.

ئۇلار بۇ كۆز قاراشلىرىدا نىكاھقا قىلىغان قىياسىغا ئاساسلىنىدۇ. بىلگىنىمىزدەك رەسۇلۇللاھ «نىكاھ پەقەت قىز - يىگىتنىڭ ئىگىلىرى ۋە ئىككى دۇرۇست شاھىد بىلەنلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ» دېگەن.

(4) كېڭەش ئەھلىدىن بولغان ئۈچ كىشى تەرەپىدىن نامزات كۆرسىتىلىدۇ. چۈنكى ئۈچ كىشى جامائەت (كۆپچىلىك) ئۇيۇشتۇرالايدۇ.

(5) كېڭەش ئەھلىدىن بولغان تۆت كىشى تەرەپىدىن نامزات كۆرسىتىلىدۇ. چۈنكى گۇۋاھچىلىققا ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت كىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا نامزات كۆرسىتىش خۇددى گۇۋاھچىلىق بولۇپ، زىنا جىنايىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان تۆت شاھىد ئۆلچەم قىلىنغان.

(6) كېڭەش ئەھلىدىن بەش كىشىنىڭ نامزات كۆرسىتىشى.

فىقھشۇناسلارنىڭ كۆپ سانلىقى ۋە بەسرىلىك ئالىملار بۇ كۆز قاراشتا بولۇپ تۆۋەندىكىلەرنى دەلىل قىلىدۇ.

ئا: ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى ئاۋال ئەبۇئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەسەد ئىبنى ھۇزەير، بەشىر ئىبنى سەئىد ۋە ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ خىزمەتكار سالىم رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇلارنىڭ خۇسۇسى بەيئەت قىلىشى، كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى بەيئەت قىلىشى بىلەن كۆچكە ئىگە بولغان.

ب: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېڭەشنى ئالتە كىشىدىن تەشكىللىگەن بولۇپ، بەش كىشى بىرىنى باشقۇرۇشى ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى.

(7) جۇمە نامىزىدا تەلەپ قىلىنىدىغان ئەڭ ئاز جامائەت سانى 40 قا قىلىنغان قىياسقا ئاساسەن كېڭەش ئەھلىدىن بولغان 40 كىشىنىڭ نامزات كۆرسىتىشى.

(8) خەلىپە ئادەتتە تۇرىدىغان يۇرت ياكى شەھەر (ئىسلام دۆلىتى پايتەختى) دىكى بارلىق كېڭەش ئەھلىلىرى ئورتاق نامزات كۆرسىتىدۇ. مۇئەييەن سان ئۆلچىمى بولمايدۇ.

قىلانسى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن شاپىئى مەزھىبىدىكىلەر بۇ كۆز قاراشتىكى كىشىلەردۇر.

ئىمام نەۋەۋى ۋە رەمەلىينىڭ «ئالىملار، يولباشچىلار ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەردىن ئۇيۇشقان كېڭەش ئەھلىنىڭ بەيئىتى ئېتىۋارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى باشقىلار ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر يەرگە كېلىشى بىلەن ھەممە ئىش رېتىغا چۈشىدۇ ۋە بەيئەت ئاسانلىشىدۇ» دېگەن كۆز قارىشى.

(9) ئومۇمى جەھەتتىن قانائەت ھاسىل قىلىش ۋە خەلىپىلىككە بىردەك بويسۇنۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بارلىق كېڭەش ئەھلى بىرلىككە كەلگەن ھالدا نامزات كۆرسىتىش.

بۇ ئىمام ئەھمەدنىڭ ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىمدىن رىۋايەت قىلغان «يولباشچى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن تەيىنلەنگەن كىشىدۇر» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان.

بۇ كۆز قاراشلار ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلەر:

بۇ كۆز قاراشلار ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى باشلاش ۋە قايىل قىلارلىق بىر خۇلاسىگە كېلىشتىن بۇرۇن ئىزاھلاپ ئۆتىشىمىزگە ئەرزىيدۇكى، بۇ ئىزدىنىشكە ئاساسلىنىدىغان مەسىلە. ھەربىر كۆز قاراش ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئۇنىڭ ئىسلامنىڭ توپ قائىدە ـ قانۇن ئاساسلىرىغا قانچىلىك ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە نەزەر تاشلىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئىسلامنىڭ توپ قائىدە ـ قانۇنلىرى ئۈممەتنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

كېڭەش ئەھلىدىن بولغان بىر، ئىككى، ئۈچ ياكى تۆت كىشىنىڭ خەلىپە نامزاتى كۆرسىتىشى بىرىنچىدە، كېڭەش ۋە ئادالەتتىن ئۇزاق خاتا كۆز قاراشتۇر. بىلگىنىمىزدەك ئاللاھ [ئۇلار بىلەن ئىشتا كېڭەشكەن] (سۈرە ئال ئىمران 159-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايىتى ئارقىلىق كېڭەشنى ۋاجىب قىلغان. ئۇنى [ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا] (سۈرە شۇرا 38-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ لازىملىق سۈپەتلىرىدىن قىلغان. كېڭەش ئەھلىدىن بولغان بىر نەچچىلا كىشىنىڭ باشقىلارنى ئارلاشتۇرماستىن دۆلەت رەئىسلىكىگە نامزات كۆرسىتىشى ئىسلامنىڭ كېڭەش، ئادالەت ۋە باراۋەرلىك پىرىنسىپلىرىغا ئوچۇق خىلاپلىق قىلغانلىق. ئۇ ئۈممەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىلىم ئىگىلىرىنى كېڭەش مەجلىسىدىكى ھوقۇقلىرىنى ئىشلىتىشتىن مەھرۇم قويىدۇ. شۇنداقلا دىكتاتور ۋە ئىستىبداتلىققا يول ئېچىپ باشقۇرغۇچى ۋە ئامما ئارىسىدىكى ئىشەنچى بەربات قىلىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى ئىچىدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا زەھەر ساقلاپ كېلىۋاتقان بەزى كىشىلەر مەقسىتىگە يېتىشنىڭ پۇرسىتى قىلىۋېلىشى مۇمكىن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرەيلەننىڭ «ئەگەر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۆلسە پالانىغا بەيئەت قىلىمەن» دېگەن سۆزى قۇلىقىغا يەتكەندە بىر ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەر تەرەپىدىن نامزات كۆرسىتىلىشىنىڭ خەتىرىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ خىل ئۇسۇلنى چەكلىگەن. ھەتتا ئۇنى ئالدامچىلىق، دەپ قاراپ، ئۇ يولغا ئەگەشكەنلەر ئەدەبلىنىشى ۋە جازالاندۇرۇلۇشى كېرەك دېگەن. ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا «پالانى ئەگەر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۆلسە پالانىغا بەيئەت قىلىمەن» دېدى دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئىنشائاللاھ، بۇ ئاخشام مۇسۇلمانلارنى ھەقلىرىنى بۇلىۋېلىشقا ئۇرۇنىۋاتقان ئۇ كىشىلەردىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا خىتاپ قىلىپ: «ئاراڭلاردا بىرەيلەننىڭ ئۆمەر ئۆلسە پالانىغا بەيئەت قىلىمەن دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ھېچكىم ئەبۇبەكرىنىڭ بەيئىتى توغرا بولمىغان دەپ خاتالاشمىسۇن. ئۇ راستىنلا ھەق خەلىپە ئىدى. ئاللاھ ئۇنى يامانلىقتىن ساقلىغان ئىدى. بۈگۈن ئاراڭلاردا ئەبۇبەكرىچىلىك ئاللاھقا جان پىدا قىلالايدىغان ھېچكىم يوق..... مۇسۇلمانلار بىلەن كېڭەشمەستىن قىلىنغان بەيئەت بەيئەت ھېسابلانمايدۇ. بەيئەت قىلغۇچى ۋە بەيئەت قىلىنغۇچى ھالاكەت ئۈستىدە بولىدۇ» دەيدۇ.

نامزات كۆرسىتىشنىڭ كېڭەش ئەھلىدىن بولغان بىر نەچچە كىشىگىلا خاس قىلىنىشى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى سالاھىيەت ئىگىلىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە تاللىنىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. مەلۇمكى كۆپچىلىكنىڭ كۆز قارىشى بىر ياكى بىر نەچچە شەخسنىڭكىدىن تېخىمۇ توغرا ۋە ئەتراپلىق بولىدۇ.

بۇ كۆز قاراش تىنچ ۋە ساغلام جەمئىيەتتى داۋالغۇش ۋە پىتنە پاسات بىلەن ئايىغى تىترىگەن جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنداقلا يامان نىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلىك قىلىۋېلىشىغا مۇنبەت تۇپراق ھازىرلاپ بېرىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن كېڭەش ۋە ئادالەت پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن بۈگۈنكى كۈنگە ئەڭ ماس كېلىدىغان ئۇسۇل ـ ئىسلام دۆلىتىدىكى پۈتۈن كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ خەلىپە ۋاپات بولغان، ۋەزىپىسىدىن ئېلىنغان ياكى سالاھىيىتىنى يوقاتقان ھامان بىر يەرگە كېلىپ كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئەڭ سالاھىيەتلىك كىشىنى نامزات كۆرسىتىشى ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇنۇشىدىن ئىبارەت.

بۇ ئۇسۇل ھەقىقى سالاھىيەت ئىگىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاستىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىدۇ.

ئىبنى ھەزم بۇ كۆز قارشىمىزغا دۆلەت تەۋەلىكىدىكى بارلىق كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئورتاق بىر يەرگە كېلىپ نامزات كۆرسىتىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئاللاھ ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. شۇنداقلا بۇ ئۇسۇل مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەمەس، زىيان سېلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئىسلام دۆلىتىنىڭ كېڭىيىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ پىشقەدەملەر بىلەن تونۇشۇش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ، دېگەندەك چۈشەنچىلىرى بىلەن ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ يۈزىدىن بىرىنى بىر يەرگە توپلاشتىن بۇرۇن دۆلەت مۇقىملىقى ئاللىبۇرۇن قالايمىقانلاشقان بولىدۇ».

ئەبۇبەكر باقىلانىمۇ مۇشۇ كۆز قاراشتا بولۇپ، پۈتۈن كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى پۈتۈن كېڭەش ئەھلىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن مەيدانغا كەلمىگەن. ئەكسىچە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

نامزات كۆرستىش ۋەزىپىسىنى كېڭەش ئەھلى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە باشقا كىشىلەرنىڭ بولۇشىغا قارىماي پەقەت ئالتە كىشىگىلا تاپشۇرغان، دەيدۇ.

ئىبنى ھەزم ۋە ئەبۇبەكر باقىلانىنىڭ كۆز قارىشى ئۆزى دەۋرىنىڭ ھايات شارائىتىغا ئاساسلانغاندا ھەقىقەتەن توغرا ئىدى. تەرەققى قىلمىغان ئالاقىلىشىش ۋە قاتناش قۇراللىرى بىلەن قىسقا زاماندا بىر يەرگە كېلىپ مۇھىم قارارلارنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ چۈشەنچە ھەرزامان ھەر ماكانغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئەگەر ئۇلار قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش قۇراللىرى بۈگۈنكىدەك تەرەققى قىلغان زاماندا ياشىغان بولسا ئىدى ئەلۋەتتە كۆز قاراشلىرىنى ئۆزگەرتكەن بولاتتى. بۈگۈن ئۇ قىيىنچىلىق قالمىدى. كېڭەش ئەزالىرى ھەرزامان بىر يەردە خىزمەت قىلالايدۇ.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەقەت ئالتە كىشى تەرىپىدىنلا نامزات كۆرسىتىلگەنلىكىگە كەلسەك، بۇ قىسىمنىڭ بېشىدىلا ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمىزدەك نامزات كۆرسىتىش مەسىلىسى ئىزدىنىشكە ئاساسلىنىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەققىدە قەتئىي بۇيرۇق ياكى ھۆكۈم قەيت قىلىنمىغان. بىلگىنىمىزدەك ئىزدىنىشكە ئاساسلىنىدىغان ھۆكۈملەرنىڭ زامان ۋە ماكانغا قاراپ ئۆزگىرىشى مۇقەررەر.

ساھابىلار ئەۋلادلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارنىڭ دەۋرى دەۋرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى. ئەمما 14 ئەسىر كېيىن كەلگەن ئەۋلادلار دىنغا بولغان سادىقلىق، تەقۋالىق ۋە سالاھىيەت جەھەتتە ئۇلاردىن ئاسمان زېمىن پەرقلىنىدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نامزات كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى پەقەت ئالتە كىشىگىلا تاپشۇرۇشى ئۆز كۆز قارىشى بولۇپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجرا قىلىشى كېرەك بولغان ھۆكۈم ئەمەس. چۈنكى كېيىنكى دەۋردە ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى قوللانغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇ يولنى تۇتقانلىغى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا بىر يول تۇتۇشىنى چەكلىمەيدۇ. ئەبۇبەكر باقىلانى ئۆزىمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغىنىغا خىلاپ ھالدا نامزاتنىڭ بىر كىشى تەرەپىدىن كۆرسىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامزاتنىڭ بىر كىشى تەرەپىدىن كۆرسىتىلىشىنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، ئۇنى ئالدامچىلىق، كۆز بۇيامچىلىق دەپ قاراپ مەنئى قىلغان ئىدى.

ئاخىرىدا شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى خەلىپە نامزاتى كۆرسىتىش ۋە تەيىنلەشنىڭ ھەقىقى ئىگىسى - مۇسۇلمانلار ئاممىسى. نامزات كۆرسىتىش ۋە تەيىنلەشنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. يەنى ئۇ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ بىۋاستە قول تىقىشى بىلەن تاماملىنىشىمۇ مۇمكىن؛ ئىلىم ئىگىلىرى، دانىشمەنلەر ۋە پىشقەدەملەردىن ئۇيۇشقان ۋەكىللىرى، يەنى كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرى تەرەپىدىن ۋاكالەتەن ئېلىپ بېرىلىشىمۇ مۇمكىن؛ ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلغاندەك سابىق خەلىپىنىڭ كېڭەش مەجلىسىنىڭ ماقۇللىغى ئاستىدا يولباشلىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىمۇ مۇمكىن؛ ياكى كەلگۈسى شەرت - شارائىتنىڭ تەلۋى بويىچە ئادالەت، كېڭەش ئاساسىدا مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن باشقا شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلىشىمۇ مۇمكىن.

توغرا يولدىكى خەلىپىلەرنىڭ سايلىنىش ئۇسۇلىغا قارايدىغان بولساق ساھابىلارنىڭ نەزىرىدىكى خەلىپە تەيىنلەش شەكىللىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۋالالايمىز. (1) ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سايلىنىش ئۇسۇلى

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەنسارلار سەقىپەبەنى سەئىدەدە توپلىنىپ ئارىلىرىدىن خەلىپە سايلاش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تىكىلگەن ئىدى.

ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئەبۇئۇبەيدە ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇلارنىڭ يېنىغا بارىدۇ. ئەنسارلار «بىزدىن بىر باشلىق ۋە سىلەردىن بىر باشلىق بولىدۇ» دەيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەپ قىلىشقا تەمشىلىدۇ. ئەمما ئەبۇبەكرىنىڭ توسۇشى بىلەن زۇۋان سۈرمەيدۇ. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ ۋاقىتتا ئىنتايىن مۇھىم بىر سۆز ھازىرلىغان ئىدىم. ئەبۇبەكرىنىڭ دىمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن ئىدىم. ئۇ سۆز قىلىپ دىمەكچى بولغىنىمنى ئاڭلاتقان ئىدى». دەيتتى. ئەبۇبەكر سۆزىدە مۇنداق دىگەن ئىدى:

- باشلىق بىزدىن بولىدۇ ۋەزىرلەر سىلەردىن.

- ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. بىزدىن ۋەزىرلەر سىلەردىن. بىز ئەرەبلەرنىڭ ئەسلىسى ۋە مەركىزى. ئۆمەر ياكى ئەبۇئۇبەيدەگە بەيئەت قىلىڭلار، دەيدۇ ئەبۇبەكر.

— ساڭا بەيئەت قىلىمىز. سەن بىزنىڭ يولباشچىمىز، ئارىمىزدىكى ئەڭ ياخشى كىشى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى دەپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئارقىدىنلا ھەممەيلەن بەيئەت قىلىدۇ.

سەقىپەدە ساھابىلارنىڭ قىلغان بەيئىتى خۇسۇسىي بەيئەت بولۇپ، خەلىپىلىككە نامزات كۆرسىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمكى بەيئەت ھەققىدە ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئەبۇبەكر سەقىپەدە خەلىپىلىككە بەيئەت قىلىنغاننىڭ ئەتىسى سۆز قىلىش ئۈچۈن مىنبەرگە چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار! تۈنۈگۈن سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابى بۇيرۇمىغان ياكى رەسۇلۇللاھ ماڭا ئەھدە قىلمىغان بىر سۆزنى سۆزلىگەن ئىدىم. ئەسلىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشلىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىقىمىز بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن ئاللاھ ئاراڭلاردا رەسۇلۇللاھنى توغرا يولغا باشلىغان مۇقەددەس كىتابىنى قالدۇردى. ئەگەر ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشساڭلار ئاللاھ سىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئاللاھ ئىشىڭلارنى ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى، رەسۇلۇللاھنىڭ دوستى، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان غاردىكى ئىككى كىشىنىڭ بىرىگە تاپشۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلدى. ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىڭلار» شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇبەكر ئورنىدىن تۇرۇپ ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى پىرىنسىپىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرگە مەسئۇل بولۇپ تەيىنلەندىم، لېكىن مەن ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئەمەس. ئەگەر توغرايولدا ماڭسام ياردەم بېرىڭلار، ئېزىپ كەتسەم تۈزەپ قويۇڭلار. راستچىللىق - ۋاپادارلىق، يالغانچىلىق - خىيانەتتۇر. ئاللاھ خالىسا ئاجىزلىرىڭلار نەزىرىمدە باشقىلاردىن ھەقلىرىنى قايتۇرۇپ ئالالىغۇچىلىك كۈچلۈك، كۈچلۈكلىرىڭلار باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىپ بەرگۈچىلىك ئاجىز. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى تاشلىغان مىللەتنى ئاللاھ خارۇ - زارلىققا تاشلايدۇ. ئارىسىدا بوزۇقچىلىق تارالغان مىللەت بالاغا گىرىپتار بولىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنغان شەرت ئاستىدا ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. ئاللاھ ۋە

ئەلچىسىنىڭ ئەمرىگە قارشى ئىش قىلسام، ماڭا ئىتائەت قىلىنمايدۇ. نامازغا تۇرۇڭلار. ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت ئەيلىسۇن».

(2) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سايلىنىش ئۇسۇلى

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلغاندا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنى چاقىرىپ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەققىدە خەۋەر بېرىشىنى سورايدۇ. ئۇ «مەندىن سورىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى سەن مەندىن ياخشى بىلىسەن» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئەبۇبەكر «ئەگەر» دېيىشىگە ئۇ «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ سېنىڭ نەزەرىڭدىكىدىنمۇ ياخشى» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان ئىبنى ئەففاننى چاقىرىپ ئۇنىڭ ھەققىدە سورايدۇ.

- سەن بىزگە ئۇنىڭ ھەققىدە خەۋەر بەرگىن دەيدۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاۋاب قايتۇرۇپ.

- شۇنداقتىمۇ.

- ئاللاھ كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئىچكى دۇنياسىنىڭ تېخىمۇ خەيرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئارىمىزدا ئۇنىڭدەك بىرسى يوق.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئىككىسىدىن سىرت سەئىد ئىبنى زەيد، ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ۋە باشقا ساھابىلار بىلەن كېڭەشىدۇ. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير مۇنداق دېگەن ئىدى. «ئاللاھ كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى ئۇنىڭ سەندىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى كىش ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. ئۇ ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارغا رازى بولىدۇ. غەزەپلىنىدىغان ئىشلارغا غەزەپلىنىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئۇنىڭدىنمۇ ئىقتىدارلىق كىشى يوق».

بەزى ساھابىلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتتىق قول ۋە كەسكىنلىكىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ خەلىپە بولۇشىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن ئىدى.

ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەڭ دائىرىلىك كېڭەشتىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپە بولۇشىنى ئەھدە قىلغان ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىتتە سۆز قىلدى ۋە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئومۇمى جەھەتتىن بەيئەت قىلدى. (3) ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سايلىنىش ئۇسۇلى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يارىلانغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئىز باسار كۆرسىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ «بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا ئەلى، ئوسمان، زۇبەير، تەلھە، سەئىد ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفلەردىنمۇ مۇناسىپ كىشى يوق» دەيدۇ. بۇخارى مەسۇر ئىبنى خۇزەيمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولۇشقا مۇناسىپ دەپ قارىغان ساھابىلار بىر يەرگە يىغىلىپ كېڭەشىدۇ. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف «مەن بۇ ئىشتا سىلەر بىلەن رىقابەتلىشەلمەيمەن. ئەگەر خالىساڭلار بىرىڭلارنى سايلاپ بېرەي» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نامزات كۆرسىتىش ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىشى بىلەن ھەممە كىشى ئەتراپىغا توپلىنىپ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە كېڭەش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ بەش كىشىدىن ھېچكىم بۇ ئىشقا ئارلاشمايدۇ. ئاخىرى ئۇ كۆنى ئەتتىگەن ئوسمانغا بەيئەت قىلدۇق. بىر كېچىسى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئىشىك قېقىشى بىلەن ئويغاندىم. ئۇ «بۇ ئۈچ كېچە دېگۈدەك ئۇخلىماي چىقتىم. زۇبەير ۋە سەئدنى چاقىرىپ كەل» دېدى. ئۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ كەلدىم، ئۇلار ئۆزئارا كېڭەشنى. ئۇندىن كېيىن يەنە ئەلىنى چاقىرىپ كېلىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆھبىتىمۇ بامدات ئەزىنى بىلەن كېسىلدى. بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇ ئالتە كىشى مىنبەرنىڭ ئالدىغا

يېغىلدى. بارلىق مۇھاجىرلار، ئەنسارلار ۋە ئەجنادنىڭ مەسئۇللىرى چاقىرىپ كېلىندى. ھەممەيلەن توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف شاھادەت ۋە ئاللاھقا بولغان ھەمدۇ - سانا بىلەن سۆزىنى باشلاپ مۇنداق دېدى: «ئى ئەلى، مەن ھەممە كىشىنىڭ رايىنى سىناپ كۆردۈم، كۆپ سانلىقى ئوسمانغا مايىل، ھەرگىز ئۆزەڭگە يول ئاچقۇچى بولما (ئىككىنچى قېتىم بەيئەت قىلىنغان خەلىپە بولۇش يۈزىسىدىن جازالىنىش يولى - ت) ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمانغا خىتاب قىلىپ «ئاللاھ، ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى خەلىپىنىڭ سۈننىتى بويىچە ساڭا بەيئەت قىلىمەن» دەپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ئارقىدىنلا ھەممەيلەن بەيئەت قىلىشتى.

(4) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سايلىنىش ئۇسۇلى

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن ئارىلىرىدا تەلھە ۋە ئەززۇبەيرلەر بولغان ساھابىلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ «مۇسۇلمانلارنىڭ چوقۇم رىياسەتچىسى بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. «بۇ ئىشلارغا ئېھتىياجىم يوق، كىمنى تاللىساڭلار رازى بولىمەن» دەيدۇ ئۇ.

- پەقەت سېنىلا تاللايمىز، دەپ ئۇ تەلىۋىنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلايدۇ ۋە «ئىماندا سەندىنمۇ ئىلگىرى، رەسۇلۇللاھقا سەندىنمۇ يېقىن بىرىسى يوق. يەنى خەلىپە بولۇشقا ئەڭ ھەقلىق كىشى سەن» دەيدۇ ئاخىرقى قېتىم.

- مېنى مەجبۇرلىماڭلار، خەلىپە بولغىنىمدىن ياردەمچى بولغىنىم ياخشى.

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى نېمىلا بولسۇن ساڭا بەيئەت قىلىمىز.

- ئۇنداقتا بەيئەت مەسجىتتە ئاشكارا بولسۇن.

ئۇ ئۇيەدە تەلھە ۋە زۇبەيرگە مۇنداق دەيدۇ:

- خالىساڭلار سىلەر ماڭا ئەمەس، مەن سىلەرگە بەيئەت قىلاي.

- بىز ساڭا بەيئەت قىلىمىز، دەيدۇ ئۇ ئىكىسى.

مۇسۇلمانلار مەسچىتكە توپلانغاندىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىنبەرگە چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇسۇلمانلار! خەلىپىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئىشلاردا سىلەر بەلگىلىگەن كىشىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. تۈنۈگۈن سىلەر بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلىپ، مەن خالىماي ئايرىلغان ئىدۇق. سىلەر پەقەت مېنىڭ خەلىپە بولۇشۇمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدىڭلار. مەندىن پەقەت سىلەرنىڭ مال - مۈلكۈڭلارنى ساقلايدىغان ئاچقۇچ بولىدۇ. سىلەردىن سورىماي بىر دەرھەم ئېلىشى ھەققىم يوق. خالىساڭلار خىزمىتىڭلارغا ئولتۇرىمەن. خالىمىساڭلار ھېچكىمنى ئەيىبلىمەيمەن»ز

- ئاللاھ شاھىدىمىز بولسۇنكى بىز تۈنۈگۈنكى ئەھدىمىزدە.

- ئەگەر خالىساڭلار سىلەر ماڭا ئەمەس، مەن سىلەرگە بەيئەت قىلاي دەيدۇ ئۇ تەلھە ۋە زۇبەيرگە تەكرار.

- ساڭا بەيئەت قىلىمىز، دەپ ھەممە بىرلىكتە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ.

توغرا يولدىكى بۇ تۆت خەلىپىنىڭ سايلىنىشىدىكى كېڭەشنىڭ تەتبىق قىلىنىش دەرىجىسى (نىسبىتى)

ئالدىنقى قۇرلاردا ئەبۇبەكر، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ خەلىپە بولۇپ سايلىنىشى ھەققىدە ئىسلامى مەنبەلەرگە ئاساسەن سۇنۇلغان بايان ۋە مۇلاھىزەلەردىن خەلىپىلىكنىڭ

مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان خۇسۇسى بەيئەت ۋە خەلىپىنىڭ مەسجىتتە سۆز قىلىشىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئومۇمى بەيئەتتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچ بويىچە مەيدانغا كېلىدىغانلىقى ئايدىڭلىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ خەلىپە بولۇپ سايلىنىشىدا كېڭەش پرىنسىپىنىڭ تولۇق تەتبىق قىلىنغانلىقى، ئىستىبداتلىق ياكى تەلەپ قىلىش بىلەن ئەمەس مەجبۇرلىنىشى ئارقىسىدا (بولۇپمۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مەنسەپكە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

تۇغرا يولدىكى بۇ تۆت خەلىپىنىڭ بەيئەت قىلىنىشىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدىغان ئومۇمى قائىدىلەرنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلەيمىز:

(1) خەلىپە تۇرغۇزۇش ئىسلام ئۇممىتىگە نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەت..

(2) نامزات كېڭەش مەجلىسى ئەزالىرى تەرەپىدىن كۆرسىتىلىدۇ.

(3) خەلىپىلىك مىراس قىلىنمايدۇ. ھېچكىمگە كەسكىن ۋەسىيەت قىلىنمايدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «كىمنى تاللىساڭلار رازى بولىمەن» دېگەن ئەبۇبەكر خەلىپىلىكنى قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئەبۇئۇبەيدەنىنىڭ خەلىپە بولۇشىنى تەلەپ قىلغان.

(4) ئۇلارنىڭ خەلىپىلىكنى قوبۇل قىلىشى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئەمەس بەلكى پىتنە ـ پاساتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولغان. مۇسۇلمانلارنىڭ رىياسەتچىسىز قېلىشى ئەڭ چوڭ پىتنە بولۇپ، ئۇ قالايمىقانچىلىق، داۋالغۇش ۋە باشقا پىتنە ـ پاساتنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ.

(5) مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە ھەقىقى ئۇيغۇن بولۇش ئۈچۈن ھەممەيلەننىڭ بەيئەتىنىڭ مەسجىتتە ئاشكارا، پىكىر ئەركىنلىكى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى.

(6) كۆپ ھاللاردا نامزات مەسجىتتە سۆز قىلىپ ھۆكۈم يۈرگۈزۈش پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىدۇ.

(7) مۇسۇلمانلار ئادەتتە ئومۇمى بەيئەتنى مەسجىتتە ئېلىپ باراتتى.

(8) خەلىپىلىكنىڭ كۆچكە ئىگە بولۇشىنىڭ قانۇنى ئاساسى ـ كۆپ سانلىقنىڭ بەيئەت قىلىشى.

توغرا يولدىكى خەلىپەلەر دەۋرىدە كېڭەش پرىنسىپىنىڭ مانا مۇشۇنداق كەمچىلىكسىز تەتبىق قىلىنىشى نەتىجىسىدە ھەممە كىشى بەخت پەيزىنى سۈرگەن ئىدى. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى گۆشمىز قان ـ يىرىڭدىن ئىگراۋاتقان، ئۇستىخانلىرىمىز ئىزىلىشتىن ۋايىسىزاۋاتقان، پەيلىرىمىز بولسا كېسىلىشتىن ھالسىراۋاتقان خارۇ ـ زارلىقتىن قۇتۇلۇپ يېڭى بىر ھاياتقا ئېرىشىشىمىز پەقەت يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىدىغان توغرا يولدىكى خەلىپە، ئىسلام دۆلىتىگە باغلىق.

8- ئەھدە قىلىنغان كىشىنىڭ خەلىپە نامزاتى بولۇشى

نۇرغۇنلىغان خەلىپىلەر ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن يېڭىدىن تەيىنلىنىدىغان خەلىپەنى ئەھدە قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. تۇنجى قېتىم ئۆزىگە ئىزباسار قىلغان كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە مەدىنىدىكى بەزى كېڭەش ئەھلىرى بىلەن ئۆزىدىن كېيىن كىمنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقى ھەققىدە كېڭەشكەن. كۆپ سانلىقنىڭ رايى بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپىلىككە ئەھدە قىلغان ۋە ئوسمان ئىبنى ئەففاننى ئىزباسار تەيىنلەش ئەھدىسى يېزىشقا بۇيرۇغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالتە ساھابىنى ئارىلىرىدىن بىرىنى خەلىپە سايلاشقا مەسئۇل قىلغان.

ئەھدە قىلىنغان كىشىنىڭ خەلىپە نامزاتى بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

خەلىپىلىككە ئەھدە قىلىنغان كىشىنىڭ خەلىپە نامزاتى بولۇشى ئۈچۈن ئالىملار ۋە فىقھشۇناسلار تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

(1) خەلىپىلىككە ئەھدە قىلىنغان كىشىدە ئىسلام، ھۆرلۈك، بالاغەت، ئەقىل، دۇرۇستلۇق، سالاھىيەت، مۇسۇلمانلار بىلەن ۋەتەنداش بولۇش، ئەر كىشى بولۇش ۋە قۇرەيشلىك بولۇشتەك دۆلەت رەئىسىدە تېپىلىشقا تېگىشلىك شەرتلەر تولۇق تېپىلىشى كېرەك. بۇ شەرتلەر ھەرزامان ھەر ماكاندا كۈچكە ئىگە. شۇنداقلا ئۇ بۇ شەرتلەر تېپىلغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇشى كېرەك.

(2) ئەھدە قىلىنغان كىشى خەلىپىلىكنى ئۆز رازىلىقى بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئەكىس تەقدىردە خەلىپىلىكى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى ئەھدە توختامغا ئوخشاش بولۇپ چوقۇم ئىككى تەرەپ قانائەت ھاسىل قىلىشى كېرەك.

(3) ئەھدە قىلىنغۇچى ئەمەلىيەتتە ۋە ھۆكۈمدە ھازىر بولۇشى كېرەك. يەنى تۇرۇۋاتقان يېرى مەلۇم بولۇشى، غائىب ياكى مەجھۇل بولماسلىقى كېرەك.

(4) ئەھدە قىلىنغان كىشى ئەھدە قىلغۇچىنىڭ دادىسى، چوڭ دادىسى، باللىرى ياكى نەۋرىلىرىگە ئوخشاش ئەھلى جەھەتتىن بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئەھدە گۇۋاھچىلىق ۋە ھۆكۈمگە ئوخشاش. ئىنساننىڭ ئەھلى جەمەتىگە نىسبەتەن ياخشى كۆرۈش، ھىسداشلىق قىلىش، مايىل بولۇش تۈيغۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەقسىزلىق قىلىش ئېھتىمالى كۆزدە تۇتۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى گۇۋاھچىلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ ئۆزى ياكى ئەھلى جەمەتى ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكمى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. خەلىپىلىك ئۈچۈن قىلىنغان ئەھدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. مۇسۇلمان شۈبھىلىك ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇلغان. شۈبھىلىك ئىشلاردىن يىراق تۇرغان كىشى دىنى ۋە ئار نومۇسى ئۈچۈن ساپلىق، پاكلىق ھاسىل قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇبەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باللىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ھەتتا قەبىلىسى بەنۇ تەمىمدىن بىرەرسىگە ئەمەس، بەنۇ ئۇدەيلىك ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەھدە قىلغانلىقىنى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆز ئوغلىغا ئەمەس، باشقا ئالتە كىشىگە ئەھدە قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئۇمەۋىلەر، ئابباسىلار خەلىپىلىكى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ خەلىپىلىكنى مىراس قىلىۋېلىشى تۈپتىن خاتا بولۇپ، ھەقسىزلىق ۋە ئاللاھ ۋاجىب قىلغان كېڭەش پرىنسىپىگە خىلاپ ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ ئاددىسى ئادالەت بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭ بىلەن ئاسمان، زېمىن قۇرۇلغان ئاساسى پرىنسىپىنى ئەمەلىيەتكە ئاشۇرالمايدۇ.

بەزى فىقھشۇناسلار خەلىپە ئىزباسارلىقنى ئەھلى جەمەتىگە ئەھدە قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇيرۇغى ئىجرا قىلىنىدۇ. دېمەككى ۋەزىپە ھەققىدىكى ھۆكۈم نەسەب ھەققىدىكى ھۆكۈمدىن ئۈستۈن. ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا بولغان مەسئۇلىيتى شەخسى مەنپەئىتى ۋە ئەھلى جەمەتىگە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى بېسىپ چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەھلى جەمەتىگە بولغان يېقىنچىلىقى خەلىپىلىكنى ئەھدە قىلىشقا توسالغۇ بولمايدۇ. ئۇ بىرەرسىنى خەلىپىلىككە ئەھدە قىلغاندا ئۇنىڭ ئەھلى جەمەتىدىن بولۇش بولماسلىقىنى ئەمەس سالاھىيتىنى كۆزدە تۇتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەبۇ يەئلا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەھدە قىلىنغۇچى خەلىپە بولۇش سالاھىيىتىدە بولسا ئۇنىڭ خەلىپە بىلەن ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇشىغا قارىماي ئەھدە قىلىنسا بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ خەلىپىلىكى ئەھدە بىلەن ئەمەس مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ماقۇللىغى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ».

ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپىنىڭ ئىز باسارلىقنى ئائىلە جەمەتىگە ئەھدە قىلىشى ھەقسىزلىق دەپ قارالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەلۋەتتە بىرلىكتە ياشىغان كىشىنىڭ ھاياتىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ ئۆلارغا خەلىپىلىكنى ئەھدە قىلىش بىلەن ئادالەتسىزلىك ئەمەس، كەلگۈسىدىن خاتىرجەم بولالايدىغان بىر ئىش قىلغان بولىدۇ. بولۇپمۇ مۇئاۋىيە ئۆز دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر يەرگە كېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ئوغلى يەزىدنى ئىز باسار قىلغاندەك، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ياكى زىياندىن ساقلىنىپ قىلىش ئۆلارنىڭ ئىز باسار بولۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغاندا خەلىپىلىكنىڭ ئۆلارغا ئەھدە قىلىنىشى تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ».

يەنە بەزىلەر ئىنساننىڭ بالىسىغا بولغان سۆيگۈسى دادىسىغا بولغان سۆيگۈسىدىن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن پەقەت دادا ئەھدە قىلىنسا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

لېكىن ئىنسان تەقۋالىق، ئىخلاسمەنلىك ۋە توغرۇلۇق جەھەتتە قانچىلىك يۇقىرى دەرىجىگە يەتسۇن ئۇ يەنىلا ئەسلى تەبىئىتى، ھىسسىياتى ۋە ھاۋايى ـ ھەۋىسى بىلەن ئىنسان پېتىچە قالىدۇ. خاتالىشىدۇ تۈزىتىدۇ. گۇناھ قىلىدۇ تەۋبە قىلىدۇ. ئۇ گۇناھ ۋە خاتالىقتىن پاك پەرشتە بولمىغان ئىكەن ھېسسىيات ۋە ئەھلى جەمەتىگە بولغان سۆيگۈنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى تەبىئى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يەنىلا ئەبۇيەئلا ۋە ئىبنى خەلدۇننىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلالمايمىز. گەرچە ئەبۇيەئلا سۆزىنى خەلىپىلىكنىڭ ئەھدە بىلەن ئەمەس، مۇسۇلمانلارنىڭ ماقۇللىغى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا باغلىغان بولسىمۇ ئەھدە قىلىشنىڭ پەقەت نامزات كۆرسىتىش ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا قويۇش بىلەن بىرگە تارىختا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەندەك سابىق خەلىپىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ يېڭى خەلىپىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن قانچىلىك چوڭ رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز كېرەك.

خەلىپىلىكنىڭ مىراس قىلىنىشى

ئىسلام خەلىپىلىكنىڭ مەلۇم كىشىنىڭ نەسلىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدىغان مىراسخورلۇق تۈزۈمىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئىسلام تارىخىدا ئۇمەۋىلەر، ئۇلاردىن كېيىن ئابباسىلار ۋە باشقىلار خەلىپىلىكنى مىراسخورلۇق تۈزۈمى بويىچە داۋام قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىنقىلاب ۋە ئىسيانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ زاۋاللىققا يۈزتۇتۇشىغا سەۋەبچى بولغان.

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەسەننى ۋارىسلىققا ئەھدە قىلىشى تەلەپ قىلىنغاندا رەت قىلىشى مانا بۇ نۇقتىدىن قورققانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇ «ئوغلۇڭ ھەسەنگە بەيئەت قىلامدۇق؟» دەپ سورالغاندا «ئۇنىڭغا بۇيرۇمايمەن ۋە ئۇنىڭدىن چەكلىمەيمەن. سىلەر قاراپ ئىش كۆرەلەيسىلەر» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

ئۇ ئوغۇللىرىغا ئاخىرىقى ۋەسىيەتلىرىنى قىلىۋاتقاندا بىرەيلەن «بىزگە ئەھدە قالدۇرمامسەن، ئەمىرۇلمۆمىنىنى!» دەپ سورىغاندا، مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىدى: «ياق، رەسۇلۇللاھ بىزنى قانداق قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، مەنمۇ سىلەرنى شۇنداق قالدۇرۇپ كېتىمەن».

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى سەبىئتىن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ۋارىس قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ياق، لېكىن مەنمۇ سىلەرنى رەسۇلۇللاھ بۇيرۇغان ئىشقا بۇيرۇيمەن».

خەلىپىلىك كېڭەشكە تاپشۇرۇلغان. ئۇ ھەرگىزمۇ ئاللاھ بەلگىلىگەن كېڭەش پرىنسىپىغا خىلاپ ھالدا مىراسخورلۇق تۈزۈمى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنمايدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىشىمىز كېرەككى خەلىپىلىك ئەھلى جەمەتىگە ئەھدە قىلىنسا بولىدۇ دەپ قارىغان ئالىملار پەقەت ئۇلارنىڭ خەلىپە بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشىنىلا كۆزدە تۇتىدۇ. ئەمما خەلىپىلىكنىڭ مىراس قىلىنىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇنى ئىسلام ئاساسىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق قىلىنغان قارشىلىق دەپ ھېسابلايدۇ.

مانا بۇ نۇقتىدا ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپىلىكنى ئەھلى جەمەتىگە ئەھدە قىلىشتىن مىراسخورلۇقنى ساقلاشنىڭ مەقسەت قىلىنىشى دىنىمىزغا ئۇيغۇن بىر ئىش بولمايدۇ. خەلىپىلىك ئاللاھنىڭ ئەمرى، ئۇنى خالىغان كىشىگە تاپشۇرىدۇ. دىنى ۋەزىپىلەر بىلەن ئويناش، ئۇنىڭغا چاخچاق قىلىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن نىيىتىمىزنى دۇرۇست قىلىشىمىز كېرەك».

ئەبۇمۇھەممەد ئەلى ئىبنى ھەزم زاھىرى مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپىلىكنىڭ مىراس قىلىنىشىنىڭ جائىز بولمايدىغانلىقىدا ئىسلام ئەھلىدىن ھېچكىم دەتالاش قىلمايدۇ».

شۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، 12 ئىمام شىئەلىرى خەلىپىلىك ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسەبىدىن مىراسخورلۇق بىلەن داۋاملىشاتتى. 12- ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئەسكەرىنىڭ ئۆمرىنىڭ بېشىدىلا گەمگە يوشۇرۇنۇپ غائىب بولۇشى بىلەن ئاياقلاشقان. ئۇ ئاخىر زاماندا قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ «مەھدى» دەپ ئاتىۋالغان كىشىسى.

شۇنداق قىلىپ خەلىپىلىك ئۇنىڭ غائىب بولغان كۈنىدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدىغان شەكىلنى ئالغان.

خەلىپىلىكنىڭ مىراس قىلىنىشى 12 ئىمام مەزھىبىدە ھەقىقىتى يوق، تارىخى كۆز قاراشقا ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن جەئفەرى مەزھىبى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىدا جۇمھۇرىيەت رەئىسىنىڭ خەلق تەرەپىدىن سايلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ۋە ئىران خەلقى تۆنجى رەئىس ئەبۇلھەسەن سەدرىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن سايلاپ چىققان.

ھىجرىيىنىڭ 256- يىلى (مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەسكەرىنىڭ غائىب بولغان يىلى) دىن بۇيان 12 ئىمام شىئەلىرى خەلىپىلىكنىڭ مىراس قىلىنىشى مەسىلىسىدە سۈننى مەزھىبىدىكىلەر بىلەن ئەمەلى جەھەتتە بىرلىكنى ساقلاپ كەلدى. ئىبنى ھەزمنىڭ «خەلىپىلىكنىڭ مىراس قىلىنىشىنىڭ جائىز بولمايدىغانلىقىدا ئىسلام ئەھلىدىن ھېچكىم دەتالاش قىلمايدۇ» دېيىشىدىمۇ كۆزدە تۇتقىنى بۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئاللاھ ھۆكۈمران ۋە پۇقرا دەپ ئايرىماستىن ھەممە كىشىنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: [شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ] سۈرە نىسا 58-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىرگە مەلۇمكى ئىنسانغا تاپشۇرۇلغان پۇل - مال، خەلىپىلىككە ئوخشاش باش رىياسەتچىلىك، بولۇپمۇ ھۆكۈم چىقىرىشلار ھەممىسى ئامانەت ھېسابلىنىدۇ. خەلىپىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلغان ھامان خەلىپىلىك ئامانىتىنى ئەسلى ئىگىسى بولغان كېڭەش مەجلىسىگە تاپشۇرۇشى ياكى

ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماستىن خەلىپە بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ زىيان ۋە يوقىتىشتىن ساقلىيالايدىغان بىرىنى نامزات كۆرسىتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

خەلىپىنىڭ ئوغلىنىڭ خەلىپە بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكى ياكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، خەلىپىلىكنى مىراس يولى بىلەن ئۆز نەسەبىدە ساقلاپ قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ـ ئاللاھ، ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان خائىنلىق، ئالدامچىلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىق ۋە ئۆستىدىكى نەسىھەت مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلىق. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار.] سۈرە ئەنفال 27-ئايەت.

قۇرئان كەرىمنىڭ [بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر] (سۈرە ئەنفال 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ۋە [ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، باللىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار] (سۈرە تەغابۇن 14-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن بۇ ئايەتلىرى مۆمىنلەرنى ئاتا ـ بالىلىق ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتمەسلىك ھەققىدە ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانىنى ھەر جەھەتتىن ھەقسىزلىققا ئىتتىرىپ جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يول بولۇپ قېلىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

### بىردىن ئارتۇق كىشىگە قىلىنغان ئەھدىنىڭ خەلىپە نامزاتى بولۇشتا كۈچكە ئىگە بولۇشى

تارىختا ئۇمەۋىلەر ۋە ئابباسىلارنىڭ ۋارىسلىقنى بىرلا كىشىگە ئەمەس بالىلىرى ۋە قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش بىر نەچچە كىشىگە ئەھدە قىلغانلىقنى ئۇچرىتىمىز. ماۋەردى ۋە ئەبۇيەئلادەك بەزى ئالىملار تۆۋەندىكى تارىخى ۋەقەلەرگە ئاساسەن ئارقا ـ ئارقىدىن بىر نەچچە كىشىگە نامزاتلىقنىڭ ئەھدە قىلىنىشىنى توغرا دەپ قارايدۇ. (1) رەسۇلۇللاھ مۇئتەگە قوشۇن يوللىغاندا مۇنداق دېگەن ئىدى، سىلەرگە زەيد ئىبنى ھارىسە قوماندانلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شېھىت بولۇپ كەتسە جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب، ئۇ شېھىت بولۇپ كەتسە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندانلىق قىلىدۇ. ئۇمۇ شېھىت بولۇپ كەتسە ئاراڭلاردىن رازى بولىدىغان بىرىنى تاللاڭلار. ئۇرۇش جەريانىدا ئۇ ئۈچ ساھابى ئارقا ـ ئارقىدىن شېھىت بولۇپ كېتىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندانلىققا تاللايدۇ.

ماۋەردى بۇ ۋەقەنى بايان قىلغاندىن كېيىن بۇ ئۇسۇلنىڭ ئوخشاشلا خەلىپىلىكتىمۇ قوللىنىشقا بولىدىغانلىقنى ئېيتىدۇ.

(2) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھاۋەندىگە قوشۇن يوللىغاندا مۇنداق دېگەن ىدى: نۇئمان ئىبنى مۇقرىنىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغۇچە ھۇزەيفە ئىبنى يەمانىنى قوماندان قىلدىم. نۇئمان ئىبنى مۇقرىن شېھىت بولۇپ كەتسە ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى قوماندان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شېھىت بولۇپ كەتسە نەئىم ئىبنى مۇقرىن ئىزنىنى باسىدۇ.

(3) ھەسر كۆنى ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى مەسئۇد سەقەپى مۇسۇلمانلارغا «ئەگەر شېھىت بولۇپ كەتسەم جەبر قوماندانلىق قىلىدۇ. ئۇ شېھىت بولۇپ كەتسە پالانى دەپ بىر نەچچە كىشىنى ئەھدە قىلىدۇ»

(4) مەرھۇم ماۋەردى ئۇمەۋىلەر ۋە ئابباسىلار دۆلىتىدىكى خەلىپىلەرنىڭ قىلغانلىرىنى ئۆز ئەسرىدە ھېچبىر ئالىمنىڭ ئىنكار قىلمىغانلىقنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سۇلەيمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك خەلىپىلىكنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە، ئۇنىڭدىن كېيىن يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىككە ئەھدە قىلغان. ئۇ دەۋرىدىكى ھەقىقەتنى جان تىكىپ قوغدايدىغان تابىئىنلار قارشىلىق كۆرسەتمىگەن. ئوخشاشلا

ھارۇن رەشىدە پىشقەدەم ئالىملار بىلەن كېڭىشىپ ئۈچ ئوغلى ئەمىن، مەئمۇن ۋە مۇئتەمىننى ۋارىسى قىلغان.

بۇ دەلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە:

بۇ ۋەقە ۋە رىۋايەتلەرگە قارايدىغان بولساق ئۇلارنىڭ بىر قانچە سەۋەب تۈپەيلىدىن خەلىپىلىك ئەھدىسىگە دەلىل بولالمايدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇلار خۇسۇسى رىياسەتچىلىككە ئائىت رىۋايەتلەردۇر. خۇسۇسى رىياسەتچىلىك بىلەن خەلىپىلىكتىن ئىبارەت ئومۇمى رىياسەتچىلىك ئارىسىدا ئالاھىدىلىكلىرى، مەيدانغا كېلىشى ۋە ئاخىرلىشىشلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئوخشىماسلىقلار بار. قۇماندان، مەسئۇل ۋە ھۆكۈم قىلغۇچىغا ئوخشاش خۇسۇسى رىياسەتچىلىكەر خەلىپە تەرەپىدىن بەلگىلىنىدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ. ئەمما دۆلەت رەئىسىدىن ئىبارەت ئومۇمى رىياسەتچى بولسا مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرەپىدىن تەيىنلىنىدۇ. ئېھتىياج تۇغۇلغاندا يەنە ئۇلار تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ.

ئالىملارنىڭ ئۇمەۋىلەر ۋە ئاباسىلار دۆلىتىدىكى خەلىپىلەرنىڭ تۇتقان يولىغا بولغان مۇئامىلىسى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ماۋەردى ئېيتقاندەك ئەمەس. تارىخ ھەقىقەتلىرى نۇرغۇنلىغان ساھابى ۋە تابىئىنلارنىڭ خەلىپىلىكنىڭ مىراس قىلىنىشىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى يەزىدنى ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىگەندە ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. خەلىپە بىر ئوغلىنى ۋارىس قىلىپ تەيىنلىگەندە ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىلەرنىڭ بىر نەچچە كىشىنىڭ ئەھدە قىلىنىشىغا قەتئىي ئېتىراز بىلدۈرۈشى تەبىئى.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبى بەكرى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ يەزىدنىڭ خەلىپىلىكنى قانۇنسىز ھېرەقلچە (رومنىڭ پادىشاھى) خەلىپىلىك، دەپ تونۇپ بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقان، ھەقىقەتنى قوغداش يۈزىسىدىن قولىغا قۇرال ئالغان ۋە ئاخىرىدا شېھىت بولغانلىقى تارىخ خاتىرلەيدۇ.

ئالىملارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قەتئىي رەت قىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيمىزكى، بەزىلىرى پۇرسەت تاپسىلا تىل، خەنجەر ۋە ئوقيالار بىلەن قارشىلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنداق بولمىسا ئۇمەۋىلەر ۋە ئاباسىلار دەۋرىدىكى قوزغىلاڭ ۋە قارشىلىقلار نېمە ئۈچۈن مەيدانغا كېلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىبنى ئەشئەس ئۇمەۋىلەر دۆلىتىگە قارشى چىقىدۇ ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير باشچىلىقىدىكى ئالىملار ئۇلارغا ئاۋاز قوشىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئىمام ئەبۇھەنىفە «قۇللارنىڭ ئىسلى» دەپ نام ئالغان زەيد ئىبنى ئەلىنىڭ ھىشام ئىبنى ئابدىلمەلىككە قارشى چىقىشىنى قوللايدۇ؟ ئۇ ۇنىڭ قوزغىلىشىنى تەسۋىرلەپ «خۇددى رەسۇلۇللاھنىڭ بەدىر كۈنى ھەرىكەتكە ئاتلانغىنىغا ئوخشايتتى.» دېگەن ۋە ئۇنىڭغا ئون مىڭ دىرھەم ياردەم بەرگەن ئىدى. نېمە ئۈچۈن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەجبۇر قىلىنغان كىشىنىڭ بەيئىتى ۋە ئىمانى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ، قىلغان تالىقى ئېتىۋارغا ئېلىنمايدۇ، دېگەن پەتىۋانى بېرىپ كىشىلەرنىڭ ئاباسىلارغا قارشى چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنى ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مەنسۇرغا قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلىڭىغا ياردەم بېرىپ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا تەرغىب قىلىدۇ ۋە ئۇنى نەپلە ھەجدىن ئەۋزەل كۆرىدۇ؟

ئىبنى بەززارى مۇنداق دەيدۇ: مەنسۇر مالىك ئىبنى ئەنەس، ئىبنى ئەبى زۇئەيب ۋە ئەبۇ ھەنىفىلەرنى يىغىپ خەلىپىلىكى ھەققىدە سورايدى. ئىمام مالىك يۇمشاق، ئىبنى ئەبى زۇئەيب قاتتىق سۆز قىلىدۇ. ئەبۇ ھەنىفە «دىنىدا دۇرۇست بولۇشنى خالىغان كىشى غەزەپتىن يىراق تۇرىدۇ. ئىنساپ بىلەن ئويلىنىپ كۆرگەن بولساڭ ئاللاھنىڭ ئالدىغا رازىلىغىمىز بىلەن كېتەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلگەن

بولاتتىڭ. بىزگە سەندىن قورقۇپ ھەۋەس قىلغان نەرسەڭنى دېگۈزمەكچى ۋە ئۇنى ئاممىغا ئېلان قىلماقچى بولىۋاتىسەن. خەلىپىلىككە پەتىۋا ئەھلىدىن ئىككى كىشىمۇ بىرلىككە كەلمەيدۇ. خەلىپىلىك پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ماقۇللىغى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ» دەيدۇ.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ئەبۇ ھەنىفەنىڭ خەلىپىلىكنىڭ مىراس قىلىنىشى، بىر نەسەبتىكى كىشىلەرگە ئەھدە قىلىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىنىشىنى قەتئىي رەت قىلغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

ئىسلامدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان كېڭەش ۋە ئادالەت پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھاكىمىيەتتىكى ئىستىبداتلىق ۋە مىراسخورلۇقنى ئالىملار ئەزەلدىن ئىنكار قىلىپ كەلدى.

تارىخ بۇ ئۇسۇلنىڭ زاۋاللىقىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ قانچىلىك بەختسىزلىك، مۇشكۈلچىلىك، دۈشمەنلىك، بۆلۈنۈش، ئاداۋەت ۋە قان تۆكۈلۈشلەرگە سەۋەبچى بولغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇمەۋىلەر دۆلىتىنى يىقىلىشقا ئېلىپ بارغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئابباسلار دۆلىتىمۇ ئىلگىرىكىلىرىدىن دەرس ئېلىپ بۇ يولدىن قول ئۈزۈشى مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇسكى تارىخ ئۇلارغىمۇ ئۆزىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى تېتىتقان.

سەففاھ خەلىپىلىكنى قېرىندىشى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر ۋە جىيەنى ئىسا ئىبنى مۇساغا ئەھدە قىلىدۇ. مەنسۇر خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوغلى مەھدىنى جىيەنى ئىسا ئىبنى مۇسانىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزىۋالىدۇ. مەھدى خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىسا ئىبنى مۇسانى خەلىپىلىكتىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ ئوغلى ھادى ۋە ھارۇن رەشىد نى ۋارىسلىققا تەيىنلەيدۇ. ھارۇن رەشىدە ئۈچ ئوغلى ئەمىن، مەئمۇن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قاسىمنى ۋارىسلىققا تەيىنلەيدۇ. ئۇلاردىن كېيىنچۇ؟؟! ئىككى قېرىنداش ئارىسىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە ئەمىن ئۆلتۈرۈلگەن. دۆلەت نەچچىگە بۆلۈنۈپ ھالىسىراش ھالىغا بېرىپ قالغان.

9- دۆلەت رەئىسىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىش

تولۇق سالاھىيەتلىك بىر كىشىنىڭ ئىسلام دۆلىتى رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشى ئۇنىڭ شەرىئەت قانۇنىنى ئىجرا قىلىپ قىلماسلىقى، تولۇق سالاھىيىتىنىڭ ساقلىنىپ قىلىش قالماسلىقىغا قارىماي ۋەزىپىدە قىلىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى مۇئەييەن ھالەتلەردە ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ. بۇلار ئاساسەن رەئىس بولۇش شەرتلىرىنىڭ يوقىلىشى بولۇپ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ئەقلىنىڭ يوقىلىشى، خەلىپە ۋاقىتلىق ياكى ۋاقىتسىز ئەقلىنى يوقىتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولسا خەلىپىلىكى ئاخىرلىشىدۇ.

ئەبۇلھەسەن ماۋەردى بۇ ھالەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەقلىنى يوقىتىش ئىككى خىل بولىدۇ: ئا:ھۇشىدىن كېتىشكە ئوخشاش قىسقا مۇددەتلىك ئەقلىدىن ئايرىلىش بولۇپ خەلىپىلىكنىڭ نورمال داۋاملىشىغا توسالغۇ بولمايدۇ. ب: ساراڭلىق ۋە روھى كېسەللىككە ئوخشاش دائىملىق كېسەل بولۇپ خەلىپىلىكنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

(2) بەدىنىدىكى بىلىشكە تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم سىزىم ئەزالىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى. ئەمما بىلىشكە شۇنداقلا نورمال خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان سىزىم ئەزالىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشقا سەۋەبچى بولمايدۇ. ماۋەردى سىزىم ئەزالىرىدا بولىدىغان نۇقسانىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلىدۇ:

ئا: كۆزگە ئوخشاش يوقلىشى بىلەن خەلپىلىككە تەيىنلىنىش ياكى خەلپىلىكنى داۋاملاشتۇرۇش مەنئى قىلىنىدىغان ئەزالار. كۆزدىن ئايرىلىش بىلەن ھۆكۈم قىلىش ۋە گۇۋاھچىلىق بېرىش سالاھىيەتلىرى ئېلىپ تاشلانغان يەردە ئەلۋەتتە خەلپىلىك سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

ئەمما كۆندۈزى كۆرۈپ كېچىسى كۆرمەيدىغان كېسەللىك خەلپىلىككە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئاجىزلىق بولسا دەرىجىسىگە مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ب: پۇراش ۋە تېتىشقا ئوخشا سىزىملىرىنىڭ يوقلىشى خەلپىلىككە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بىلىش، كۆز قاراش ۋە ئەمەلى خىزمەتكە توسالغۇ بولمايدۇ.

پ: گاس ۋە گاچىلىققا ئوخشاش نۇقسانلار بولۇپ، بۇ نۇقتىدا ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن خەلپە ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشارەت قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنمايدۇ ۋە يېزىقنى ياخش بىلەس ۋەزىپىسىدىن ئېلىنمايدۇ، دېگەندەك ئىختىلاپلار قىلىنغان. ئەمما توغرىسى گاس، گاچىلىقنىڭ رەئىسنى ۋەزىپىدىن ئېلىشقا سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇشى، لېكىن گاچىلىشش ۋە قولاقنىڭ ئېغىر بولۇشى ئېغىر يىنىكلىككە قاراپ مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇبەكر باقىلانى گاسلىق، گاچىلىق، قىرىلىق، ئاجىزلىق ياكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق نۇقسان خەلپەنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. خەلپە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەتىنى قوغداش ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ۋەزىپىسىنى نورمال ئادا قىلالمىسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

(3) پۇت ـ قولنىڭ يوق بولۇشى. چۈنكى بۇ نۇقسان ئىنساننى ھەرىكەت قىلىشتىن، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن چەكلەيدۇ ھەم باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى شەكلىنى سەتلەشتۈرىدۇ.

ئەمما بىر قول ياكى بىر پۇتنىڭ يوق بولۇشى ھالىتىدە ئالىملار گەرچە نۇقسان ئىگىسىنىڭ خەلپىلىككە تەيىنلىنەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كەلگە بولسىمۇ، ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشى ھەققىدە بەزىلىرى ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ؛ بەزىلىرى ئېلىنمايدۇ دېگەندەك كۆز قاراشلىرى بىلەن ئىختىلاپ قىلىشىدۇ. ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ دەپ قارايدىغانلار «خەلپىلىككە تەيىنلىنەلمەيدىكەن، ئوخشاشلا ئۇنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ» دېگەننى ئاساس قىلىدۇ. ئەكسى كۆز قاراشتىكىلەر «بۇ نۇقسان سەۋەبىدىن گەرچە خەلپىلىككە تەيىنلىنەلمىسىمۇ، خەلپىلىكنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. چۈنكى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشنىڭ ئاساسى سالامەتلىكنىڭ تولۇق بولۇشى، شۇنىڭدەك ۋەزىپىدىن ئېلىنىشنىڭ ئاساسى نۇقساننىڭ تولۇق بولۇشىدۇر» دەيدۇ.

(4) خەلپىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قىلىشى، خەلپىنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئاساسى ـ ئىرادە ھۆرلۈكى، باشقىلارنىڭ كونتروللىقىغا چۈشۈپ قالماسلىغى. خەلپىنىڭ ئەسىرگە ئېلىنىشى ھۆرلۈكنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇنى قۇتقۇزۇشقا تىرىششى، ئەگەر قۇتقۇزالمىسا باشقا بىرىنى تەيىنلىشى كېرەك.

(5) خەلپىنىڭ كاپىر بولۇشى ياكى دىندىن قايتىشى. خەلپەنىڭ كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆز قىلىشى، ئىسلامدا تونۇلغان بىرەر ئىشنى ئىنكار قىلىشى، قۇرئاننى يالغانغا چىقىرىشى، قۇرئاننى ئەرەب تىلىنىپ ئۇسۇلغا خىلاپ ھالدا شەرھى قىلىشى ياكى ئوچۇق كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار بىلەن دىندىن قايتىشى خەلپىلىكىگە خاتىمە بېرىدۇ.

مەلۇمكى ئىسلامدىن يىراقلاشقان، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلى ھاياتىدىن قالدۇرغان، ئاللاھ، ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەتى رەت قىلىدىغان قانۇن ـ تۈزۈملەرنى

يۈرگۈزۈپ ئاللاھ چەكلىگەن ئىشنى يول قويۇپ، يول قويغان ئىشنى چەكلىگەن ياكى ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەتى ياكى شارائىتىغا ماس كېلىدىغان قانۇن ـ تۈزۈم چىقىرىشقا ئاللاھتىنمۇ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى داۋا قىلغان ھۆكۈمران ئىسلام دىنىدا كاپىر، زالىم ۋە پاسىق دەپ سانىلىدۇ. تۆۋەندىكى قۇرئان ئايەتلىرى مانا بۇ ھۆكۈمنى بايان قىلىدۇ.

[كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر] (سۈرە مائىدە 44-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) [ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر.] (سۈرە مائىدە 45-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) [ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر.] (سۈرە مائىدە 47-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

مەرھۇم سەييىدە قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «ھېچكىمنىڭ قانداق ھالەتتە، قانداق تەبىقىدە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئىنسان قانۇنىنىڭ ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاللاھتىنمۇ ياخشى بىلىدىغانلىقىنى، ئىشلىرىنى ئاللاھتىنمۇ تەدبىرلىك ئورۇنلاشتۇرايدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى بەزى ئەھۋال ۋە ئېھتىياجلىرىنى ئاللاھنىڭ بىلمەي قىلىپ ئۆزىنىڭ تۈزۈم بەرگەنلىكى ياكى بىلىپ تۇرۇپ شەرىئەت ئەھكامى بەلگىلىمىگەنلىكىنى داۋا قىلىشى بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ياكى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىش ھەققى يوق! بۇ داۋاسى بىلەن تىلدا قانچىلىك دېسۇن ئىمان داۋاسى ھەرگىز بىر يەرگە كەلمەيدۇ».

بارلىق فىقھشۇناسلار رەسۇلۇللاھنىڭ: «دىنىنى ئۆزگەرتكەن كىشىنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن ھەدىسى ۋە ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىنىڭ تېكىستى («رەسۇلۇللاھقا خالىغان ۋە خالىمىغان چاغلىرىمىزدا، قىيىن ۋە ئاسان شارائىتلىرىمىزدا بىزگە ئىغىر كەلگەن تەقدىرىمۇ ئوخشاشلا بۇيرۇغىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئىش مەسئۇللىرىدىن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس بىلەن ئىسپاتلانغان ئوچۇق كاپىرلىقنى كۆرمىگۈچە ئىشنى قايتۇرۇۋالماسلىققا بەيئەت قىلدۇق») گە ئاساسەن خەلىپىنىڭ كاپىر بولۇشى ۋە ئىسلامدىن قايتىشى ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشىنى، قارشى چىقىلىشىنى ۋە ئۆلتۈرۈلۈشىنى ۋاجىب قىلىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد خۇزەرى بۇ ھەدىسنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكى ئەمەلدىن قالىدۇ. ئىتائەت قىلىنمايدۇ. ئەكسىچە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ئىبرەت ئالدۇرۇشى ۋاجىب بولىدۇ».

سەپاقەسى مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە كاپىرلىققا ياكى بىدئەت (دىندا ئاساسى يوق يېڭىلىق) كە چاقىرسا ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنىڭ ۋاجىب بولىدىغانلىقى ھەممە بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم».

قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرنىڭ خەلىپە بولالمايدىغانلىقى، كاپىرلىغى ئوتتۇرىغا چىققان خەلىپىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدىغانلىقىدا بارلىق ئالىملار ئورتاق پىكىردە. ئەگەر ئۇنىڭ كاپىرلىغى، ئىسلام شەرىئىتىگە ئۆزگەرتىش ياكى بىدئەت كىرگۈزگەنلىكى بىلىنسە رىياسەتچىلىكى ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە ئىتائەت قىلىنمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشى ۋە ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ ئادىل ھۆكۈمران بارلىققا كەلتۈرۈشى ۋاجىب بولىدۇ».

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «پاسىق كىشىنى خەلىپىلىككە تەيىنلەشكە بولمايدۇ. ئەگەر بىر مەزگىل ئادىل ھۆكۈم يۈرگۈزگەندىن كېيىن ھەقسىزلىغى ۋە پاسىقلىغى ئوتتۇرىغا چىقسا ئالىملار ئۇنىڭغا

قارشى چىقىش ھەققىدە ئىختىلاپلىشىدۇ. توغرىسى كاپىرلىغى بىلىنگۈچىلىك ئۇنىڭغا قارشى چىقماسلىق».

مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد رەشىد رىزا مۇنداق دەيدۇ: «سۆز ۋە ئېتىقاد جەھەتتە ھەممە بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى - ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ گۇناھ - مەسىيەت بولىدىغان ئىشلاردا يارىتىلغۇچى مەخلۇققا ئىتائەت قىلماسلىق. ئىتائەت قىلىش پەقەت توغرا ئىشلاردىلا بولىدۇ. ئىسلامدىن قايتقان ھۆكۈمرانغا قارشى چىقىش ۋاجىب. جەمئىيەتتە ھاراق ۋە زىنا قىلىشنى يولغا قويۇشتى، جازا قانۇنلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئاللاھ رەت قىلىدىغان قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىشى كاپىرلىق ۋە دىندىن قايتقانلىق دېمەكتۇر».

مەرھۇم سەييىدە قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق ئىشلىرى ئىنسانلارغا قارىتىلغان ھاكىمىيەتنىڭ مەنبەسى ۋە سەلتەنەتنىڭ ئىگىسى ئىنسانلاردۇر، دېمەك ئىنسانلارنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتەرمەكتۇر، بەزىلىرىنى بەزىلىرىگە قۇل قىلماقتۇر. ئىنسانلارنى ئىنساننىڭ قۇللىقىدىن ئازات قىلىپ بىر ئاللاھنىڭ قۇللۇقىغا تۇيلىغان ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆزىگە قايتۇرۇش. ئىنسانلار ئۆستىدىن شەخسىي قانۇنلىرىنى يۈرگۈزۈپ ئۆزلىرىنى تەڭرى، باشقىلارنى قۇللىرى ئورنىدا قويۇۋالغان بولاڭچىلارنى يوق قىلىش ۋە يەر يۈزىدىكى ئاللاھنىڭ مەملىكىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئىنسان مەملىكىتىنى يەر بىلە يەكسان قىلىش كېرەك».

6- خەلىپىنىڭ پاسىقلىششى

ئىسلام دۆلىتى رەئىس ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر ئىچىدە دۇرۇسلۇقنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. پاسىق - دىندا دۇرۇست بولمىغان ئىنسان خەلىپە بولالمايدۇ. لېكىن دۇرۇستلۇق شەرتلىرى بىلەن خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندىن كېيىن چوڭ گۇناھلارنى قىلىپ دۇرۇستلۇق سۈپىتىنى يوقاتقان، پاسىق دېگەن ھۆكۈمگە ھەقلىق بولغان كىشىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ خەلىپىلىكنى داۋاملاشتۇرىۋېرەمدۇ؟ ئەگەر خەلىپىلىكىدە قالالمىسا قانداق ئۇسۇل بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ؟

ئالىملار بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل كۆز قاراشتا بولۇپ بەزىلىرى خەلىپە پاسىقلىغى سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ دېسە، بەزىلىرى ۋەزىپىسىدىن ئېلىنمايدۇ، دەيدۇ. تۆۋەندىكىسى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقان سۆزلىرى:

ئا: ماۋەردى مۇنداق دەيدۇ: دۇرۇستلىقىدىكى نۇقسان پاسىقلىق بولۇپ، ھاۋايى - ھەۋەس ۋە شەھۋەتكە ئەگىشىش بىلەن چىققان پاسىقلىق ۋە شۈبھە، گۇمان يۈزىسىدىن كېلىپ چىققان پاسىقلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

ئالدىنقىسى بولسا پۇت، قول ۋە باشقا ئەزالىرىغا ئائىت بولۇپ ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش ۋە شەھۋەتكە بويسۇنۇش يۈزىسىدىن چەكلەنگەن يولغا قەدەم بېسىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل پاسىقلىق ئىگىسىنى خەلىپە بولۇش ياكى خەلىپىلىكنى داۋاملاشتۇرۇشتىن چەكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپەنىڭ پاسىقلىغى بىلىنسە ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ».

ب: ئىمام شاپىئى پاسىقلىق مەيلى شەھۋەت مەيلى شۈبھىدىن بولسۇن ئىگىسى قەتئىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە شۇنداقلا بارلىق مەسئۇل ۋە قازىلار پاسىقلىقى ۋە يولدىن چىقىشى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ».

پ: ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى جۇۋەينى مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپىلىككە بەيئەت قىلىنىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان كىشىنىڭ سەۋەبسىز ۋەزىپىسىدىن ئېلىنماسلىغى ھەممە بىرلىككە كەلگەن مەسىلە. ئەگەر

پاسقلاشسا ۋە يولدىن چىقسا ھۆكۈمسىز، تەبئىي ھالدا خەلىپىلىكنى ئاخىرلىشىدۇ. ئەگەر ۋەزىپىسىدىن چېكىنمىسە ئۇنى ئىسلام ھۆكۈمىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن مۇمكىن بولغان ھەر قانداق يولنى تۇتۇشقا بولىدۇ».

ت: ئەبۇمۇھەممەد ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ: «قىلچىمۇ ھەقسىزلىق قىلماسلىق، باشقىلارنى ھەقسىزلىقتىن توسۇش، ھەقىقەتنى ئاساس قىلىش، ئىنسانلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىش، زىنا ۋە تۆھمەت چاپلاشنىڭ جازالىرىنى تەلەپكە لايىق يۈرگۈزۈشكە ئوخشاش مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلغان خەلىپە ۋەزىپىسىدىن ئېلىنمايدۇ. لېكىن بۇ مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرەرسىنى ئىجرا قىلمىسا ئاللاھنىڭ: [ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار] (سۈرە 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايىتىگە ئاساسەن خەلىپىلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇپ باشقىسىنى تەيىنلەش ۋاجىب بولىدۇ».

كۆپ سانلىق سۈننى مەزھەبدىكىلەر، خاۋارىجلار ۋە مۇئتەزىلىلەرمۇ خەلىپە پاسىقلىقى تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ج: نەسەپى ۋە سەئدىددىن تەپتەزانى خەلىپە پاسىقلىقى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنمايدۇ، دەپ قارايدۇ. نەسەپى مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە پاسىقلىقى، يەنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىشى، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنمايدۇ. چۈنكى توغرا يولدىكى تۆت خەلىپىدىن كېيىن خەلىپىلەر ئارىسىدا پاسىقلىق ۋە ھەقسىزلىقلار ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىملىرى ئۇلارغا بويسۇنغان، ئۇلارنىڭ بۇيرۇغى بىلەن توپلانغان ۋە ھېيت - بايراملىرىنى ئۆتكۈزگەن، ئۇلارغا قارشى چىقىشنى توغرا دەپ قارىمىغان. چۈنكى تولۇق تەقۋالىق داۋاملاشتۇرۇشى توغرا بولاتتى».

بۇ سۆزلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئاساسەن كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. (1) ئىسلامنىڭ باش دەۋرىدىكى ئالىملار توغرا يولدىكى خەلىپىلەردىن كېيىنكى پاسىق، زالىم خەلىپىلەرگە قارشى چىقىش كېرەك، دېگەن مەيداندا ئىدى. ھەقىقەتەن بەزىلىرى تەرىپىدىن قارشى چىقىلغان. ھۈسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەگەشكۈچىلىرى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ۋە باشقىلار ھەججاج ئىبنى يۈسۈپ ۋە ئىبنى ئەشئەسكە قارشى چىققان. تابىئىنلارنىڭ بۈيۈكى سەئىد ئىبنى جۇبەيرمۇ ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. ئۇندىن باشقا مۇسۇلمانلار ئۇمەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ خەلىپىسى ۋەلىد ئىبنى يەزىد ئىبنى ئابدىلمەلىكنىڭ پاسىقلاشقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارشى قوزغالغان ۋە مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقاتقان.

(2) بەزى ئالىملارنىڭ ئۇلارغا قارشى چىقماسلىقى پاسىقنىڭ خەلىپىلىكنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىدىن ئەمەس، قۇدرىتىنىڭ يەتمىگەنلىكىدىن بولغان.

(3) مۇسۇلمان ئىسلام شەرىئىتى تولۇقلانغاندىن كېيىن دائىم توپلىنىش ۋە ھېيت بايرام ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان. ھۆكۈمرانىنىڭ قانداق سۈپەتكە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

(4) توغرا، تولۇق تەقۋالىق خەلىپىلىكنىڭ شەرتى ئەمەس، لېكىن دۇرۇستلۇق خەلىپىلىكنىڭ شەرتى. پاسىقلىق ئىگىسىنى خەلىپە بولۇشتىن چەكلىگەندەك خەلىپىلىكنى داۋاملاشتۇرۇشتىنمۇ چەكلەيدۇ.

ۋەزىپىدىن ئېلىشنىڭ ئۇسۇلى

ئەگەر خەلىپە پاسىقلىقى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدىغان بولسا قانداق ئۇسۇل بىلەن ئېلىنىدۇ؟

بىر قىسىم سۈننى مەزھەپدىكىلەر، خاۋارىجلار، مۇئتەزىلەلەر، يەزىدىيەلەر ۋە كۆپ سانلىق مۇرجىئىلەر پاسىق خەلىپىگە قارشى قوزغىلىش ۋە كۈچ ئىشلىتىش كېرەك دەپ قارايدۇ. مانا بۇ فىقھشۇناسلارنىڭ تىلىدىكى قىلىچ يالىڭاچلاش مەسىلىسىدۇر.

بۇ كۆز قاراشتىكى سۈننى مەزھەب ئالىملىرى ئىمام ئەھمەدنىڭ دەۋرىدىكى بەغدات ئالىملىرىدۇر.

ھەنبەلى مۇنداق دەيدۇ: «ۋاسىقنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بەغدات ئالىملىرى ئەبۇئابدۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ «بۇ ئىش (قۇرئان ياراتقۇچىمۇ ياكى يارالغۇچىمۇ دېگەن مەسىلە) ئېغىرلاشتى. بىز ئۇنىڭ خەلىپىلىكىگە قارشى. بىزگە مەسلىھەت بەر» دەيدۇ. ئۇ «ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىقىڭلارنى قەلبىڭلاردا ساقلىشىڭلار كېرەككى، ئىتائەتتىن قول ئۈزۈشۈڭلارغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشۇڭلارغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ» دەيدۇ ئۇلارغا».

ئەبۇيەئلا ھەسەن ئىبنى سالىھنىڭمۇ ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقان سۆزىنى مەرۋەزىنىڭ رىۋايىتى بىلەن ئۆتتۈرىغا قويىدۇ: «ئۇ پاسىق خەلىپىگە قىلىچ يالىڭاچلاش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئەمما ئۇنىڭغا قوشۇلمايتتۇق».

خاۋارىجلار خەلىپە يولدىن چىقسا ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشى ياكى ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

ئەبۇمۇھەممەدئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ: «بىر قانچە گورۇھ سۈننى مەزھەب ئەھلى، بارلىق مۇئتەزىلەلەر، بارلىق جاۋارىجلار ۋە يەزىدىلەر ياخشىلىقلا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش پەقەت قىلىچ بىلەنلا ئىشقا ئاشىدىغان بولسا قىلىچ ئىشلىتىش ۋاجىب بولىدۇ، دەپ قارايدۇ».

رەسۇلۇللاھنىڭ بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىپ ئېيتقان «..... ئاللاھ بىلەن قەسەمكى چوقۇم كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشۇڭلار كېرەك. ئۇندىن كېيىن چوقۇم زالىملارنى ئۆز قولۇڭلارغا ئېلىپ - تۈز - ئەگرىلىكىنى، ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ھەقىقەتكە ئاساسەن تۈزەپ قويۇشۇڭلار كېرەك. بولمىسا ئاللاھ قەلبلىرىڭلارنى بىر - بىرىگە سوقۇشتۇرىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۇلارغا ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايسىلەر» دېگەن ھەدىس ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساس بولىدۇ.

سۈننى مەزھەبدىكىلەر بولسا ئومۇمەن ئىككى خىل ئۇسۇلنى تەكىپۇڭلاشتۇرىدۇ:

بىرىنچى: زۆرۈر تېپىلغاندا كۈچ ئىشلىتىش يەنى قىلىچ يالىڭاچلاش.

ئىككىنچى: زۆرۈر تېپىلغاندا پاسىق خەلىپەنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش.

ئۇلار ئىككى زىياننىڭ ئېغىرىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن يېنىكىنى تاللاش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىدۇ. قىسقىسى پاسىق خەلىپىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشى ۋەزىپىسىدە قالغىنىدىكىدىن چوڭ زىيان، يوقتىش ئېلىپ كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا بولمايدۇ.

تۆۋەندىكىسى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقانلىرى:

(1) ئىيجى مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە ھەقىقى ئېتىۋارغا ئېلىشقا تېگىشلىك سەۋەبلەر بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشى كېرەك. يەنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشى ئېغىر زىياندىن ساقلىنىشقا ۋاستە بولۇشى كېرەك».

(2) «المسامره» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە پەقەت ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشى زىيان ئېلىپ كەلمەيدىغان شارائىت ئاستىدا ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ».

(3) شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپەنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشى ۋەزىپىسىدە قىلىشىدىن چوڭ يوقىتىشقا يوق ئاچىدىغان بولسا ئىككى زىياننىڭ ئېغىزىنى تاللاشقا بولمايدۇ».

(4) ئىبنى تەيمىيە دارۇۋەردىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئالىملارنىڭ زالىم خەلىپىلەرگە تۇتقان مەيدانى ـ ئۇلارنى زىيانسىز، يوقىتىشسىز خەلىپىلىكىدىن ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولسا ۋەزىپىسىدىن ئېلىشىنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت»

(5) ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە ئادىللىقىدىن كېيىن زالىملاشسا ۋە پاسىقلاشسا زىيانغا يول ئاچمىغان شەرت ئاستىدا خەلىپىلىكىدىن ئېلىنىدۇ.

بەلكى كۆپ سانلىق سۈننى مەزھەب ئەھلىنى كۈچ ئىشلىتىشكە سوغۇققانلىق بولۇشتىن ئىبارەت بۇ كۆز قاراشقا ئېلىپ كەلگەن ئاساس ـ زالىم باشلىقلارنىڭ ھەقسىزلىقىغا بەرداشلىق بېرىش ۋە سەۋرى قىلىشقا تەشەببۇس قىلىپ ئېيتىلغان توغرا ھەدىسلەر بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندە ئۇلاردىن ئۈچىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

(1) بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى باشلىقىدىن ئۆچ كۆرىدىغان ئىش كۆرسە سەۋرى قىلسۇن. مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىدىن بىر غېرىچ ئۇزاقلىشىپ ئۆلگەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ».

(2) بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى باشلىقىدىن ئۆچ كۆرىدىغان ئىش كۆرسە سەۋرى قىلسۇن. جامائەتتىن بىر غېرىچ ئۇزاقلىشىپ ئۆلگەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ»

(3) تىرمىزى، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھەببان ھارىس ئىبنى ئەشئەرىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلىدىكەن خۇددى بوينىدىن ئىسلامنىڭ تۇتقۇسىنى ئاجراتقاندەك بولىدۇ».

بىز توغرا دەپ قارايدىغان كۆز قاراش

پاسىق خەلىپىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى ئالىملارنىڭ سۆزلىرى ۋە كۆز قاراشلىرىنى كۆرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن شەرئەت دەلىللىرى، ئەقلى دەلىللەر ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمى قائىدىلىرىگە ئاساسەن خەلىپىدە دىنى نۇقسان، پاسىقلىق ياكى زۇلۇم كۆرۈلسە خەلىپىلىكىدىن ئېلىنىشىنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خۇلاسىگە كېلىمىز.

رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلمىغان قوماندانىنى ۋەزىپىسىدىن ئالمىغان قوشۇن ئەزالىرىنى تەنقىتلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «بۇيرۇغىمنى ئىجرا قىلمىغان كىشىنىڭ ئورنىغا ئىجرا قىلىدىغان بىرىنى ئالماشتۇرۇشقا كۈچۈڭلار يەتمىدىمۇ؟»

خەلىپە دىنىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ بىلەن دۇنيانى باشقۇرۇش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن تۇرسا، ئۆزىنىڭ دىنىغا خىلاپلىق قىلىشنى قانداقمۇ قوبۇل قىلغىلى بولسۇن؟ ئاللاھنىڭ [كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات) نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر.] (سۈرە بەقەرە 44-ئايەت) دېگەن ئايىتى بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

خەلىپىلىكنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ ئاساسى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ رازىلىقى. مۇسۇلمانلار ئاممىسى مۇئەييەن مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلىپە بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرمىغان خەلىپىلىككە خاتىمە بېرىشى ئەقلىغا ئۇيغۇن، ئەلۋەتتە.

شۇنداق، خەلىپىلىك رەسمى تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتائەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئېنىقلاندەك: «ئىتائەت قىلىش پەقەت توغرا ئىشلاردىلا بولىدۇ» ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قارشى ھالدا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

ئۇندىن باشقا ئىسلام ئۇممىتى رەسۇلۇللاھنىڭ «كىمكى بىر يامانلىق، دىنغا خىلاپ ئىش كۆرسە قولى بىلەن، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن تۈزەتسۇن. ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە دىلى بىلەن قارشى تۇرسۇن، ئۇ بولسىمۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزىدۇر». دېگەن ھەدىسكە ئاساسەن باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشقا بۇيرۇلغان.

مۇسۇلمانلار يامانلىقنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىش كۈچىگە ئىگە بولغاندا ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلسۇن ـ ئۇنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ۋە يىلتىزىنى قۇرۇتۇشقا ھەرگىز سەل قارىماسلىقى كېرەك.

بەزى سۈننى مەزھەبىدىكى فىقھشۇناسلارنىڭ زالىم خەلىپىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشى ۋەزىپىسىدە قالغاندىكىدىن تېخىمۇ چوڭ زىيانغا يول ئاچىدۇ، دېگەن سەۋەب بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئالماسلىقنى مۇۋاپىق دەپ قارىغانلىقنى كۆرىمىز. ئۇلار خەلىپىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشى پەقەت كۈچ ئىشلىتىش ۋە قان ئاققۇزۇش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنى ئاز بولمىغان پۇل ـ مال ۋە جان چىقىمى بىلەن بولىدۇ، دېگەننى كۆز ئالدىغا قويۇۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ باشقا يوللىرىمۇ بار.

ئا: پاسىق خەلىپىگە ئۇنىڭ خەلىپە بولۇش سالاھىيىتىنى يوقاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئىستىپا سورىشىنى تەلەپ قىلىش. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ ۋەزىپىسىدىن چۈشسە ھېچقانداق زىيان ۋە يوقىتىش مەيدانغا كەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭ ۋەزىپىدە قىلىشى زىيانلىق بولىدۇ. بۇنداق بولىشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

تارىختا بولۇپ ئۆتكەندەك خەلىپە ئۆزلىگىدىن ئىستىپا سوراپ، ئورۇننى بوشىتىشىمۇ مۇمكىن ئەبۇيەئلا «خەلىپە ئۆزرىلىرىنى بايان قىلىپ ۋەزىپىسىدىن چۈشىدۇ ياكى ئىستىپا سوراشنى تەلەپ قىلىمىز...» دەيدۇ.

مۇئاۋىيە ئىبنى يەزىد (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا ئاجىز كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان ھامان ئىستىپا سورىغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمام ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىكتىن چېكىنىپ بەرگەن، «بۇ ئوغلۇم سەرداردۇر. ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئىككى گورۇھنىڭ ئارىسىنى ياخشىلىشى مۇمكىن» دېگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلانغان ئىدى.

ئىبنى ھەجەر ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكتىن چېكىنگىنىگە ئاساسەن ئۆزلىكىدىن چېكىنىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ب: خەلىپىنى بۈگۈن كىشىلەر قوللىنىۋاتقان نامايىش قىلىش ۋە ئىش تاشلاشقا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن ۋەزىپىسىدىن چۈشۈرۈش مۇمكىن.

يەنى مۇسۇلمانلار ئاممىسى خەلىپىنىڭ پاسىقلىشىپ يولدىن چىققانلىقى ياكى زالىملاشقانلىقىنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەگەر نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىسا نامايىش قىلىدۇ. ئىش تاشلايدۇ، مۇناسىۋەتنى ئۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يا تۈزۈلۈشكە ياكى ئىستىپا سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بۇ چۈشەنچە رەسۇلۇللاھنىڭ «..... ئۈنىڭغا (يامانلىققا) كۆچى يەتمىسە دىلى بىلەن قارشى تۇرسۇن، ئۇ بولسىمۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزىدۇر» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. دېمەككى بۇ ھەدىستىنى دىلى بىلەن يامانلىققا بقارشى تۇرۇشنىڭ قارشىدىكى كىشىگە ھېچقانداق ئەمەلى تەسىرى بولمىغان سەلبى ئىش ئىكەنلىكى چۈشىنىلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ دىنغا خىلاپ ئىش قىلغان كىشىنى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى يامان كۆرۈش، ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش، بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېمەسلىك، پاراڭلاشماسلىققا ئوخشاش مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجابى ئىشتۇر.

ئەگەر دۆلەتتىكى ھەربىر مۇسۇلمان پاسىق ياكى زالىم خەلىپىگە نىسبەتەن بۇ ئۇسۇلنى قوللانسا، بۇ مەيداندا تۇرسا ئۇنىڭ خەلىپىلىكتىن چېكىنمەسلىككە ئامالى قالمايدۇ.

ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ بۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «بەنى ئىسرائىلدا بىر كىشى يەنە بىرىنىڭ خاتا ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «ئى ئىنسان، ئاللاھتىن قورققىن. قىلىشىڭ ھالال بولمىغان بۇ ئىشىڭدىن قول ئۈز» دەيتتى. ئەتىسى ئۇنى ئوخشاش ھالدا كۆرەتتى ۋە قىلىۋاتقىنىنى ئىنكار قىلمايتتى، بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى، پاراڭلىشاتتى ۋە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولاتتى. بەنى ئىسرائىلدىكى تۇنجى نۇقسان مۇشۇنداق قىلىپ پەيدا بولغان ۋە ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىر ـ بىرىگە سوقۇشتۇرغان» دېگەندىن كېيىن [بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر- بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ كاپىرلارنى (يەنى رەسۇلۇللانى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆچ كۆرۈش يۈزىسىدىن، مۇشرىكلارنى) دوست تۇتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان ئەمەللىرى نېمىدېگەن يامان! (بۇ ئەمەللەر) ئۇلارغا ئاللاھنىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مەڭگۈ ئازابتا قالغۇچىلاردۇر. ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتسا ئىدى، كاپىرلارنى دوست تۇتمايتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر.] (سۈرە مائىدە 78-تىن 81-ئايەتكىچە) دېگەن ئايەتنى ئوقۇيدۇ.

تەبرانى رەسۇلۇللاھنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاخىر زاماندا زالىم باشلىقلار، پاسىق ۋەزىرلەر، خائىن قازىلار ۋە يالغانچى فىقھى ئالىملىرى مەيدانغا كېلىدۇ. كىم ئۇ زاماندا ياشىسا ھەرگىز ئۇلارنىڭ بايلىق توپلىغۇچىسى يېتەكچىسى ياكى قوغدىغۇچىسى بولمىسۇن».

پ: بىر قېتىملىق خەلىپىلىككە مۇئەييەن مۇددەت توختىتىش. ئەگەر خەلىپە سالاھىيىتىنى يوقاتسا تەبىئى ھالدا ئىككىنچى قېتىم ۋەزىپىگە ئولتۇرالمايدۇ. بۇ قان تېمىتماستىن زالىم خەلىپىدىن قۇتۇلۇش، شۇنداقلا ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى.

10- ئەلى ئابدۇرازىق بىلەن مۇنازىرە

بۇ يەرگە قەدەر بايان قىلغان ھاكىمىيەتنىڭ ئاللاھنىڭ شەرئىتى بىلەن يۈرگۈزۈلۈشنىڭ ۋاجىبلىغى، يارىتىش ۋە بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى ئاللاھقىلا خاس ئىكەنلىكى، ھاياتلىقتىكى ھاكىمىيەتنىڭ بارلىغى بىلەن ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى، كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت ۋە باراۋەرلىك بەرپا قىلىشنىڭ لازىملىغى، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مۇئەييەن شەرتلەر بىلەن يولباشچىلىرىغا ئىتائەت قىلىشىنىڭ لازىملىغى، دۆلەتنىڭ ئىدارى، سىياسىي، ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادى ئىشلىرىدا كېڭەش پىرىنسىپىنى يولغا

قويۇشنىڭ ۋاجىبلىغى، كېڭەش ئەھلى ۋە ئۇلاردا ب بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكەر ۋە سالاھىيەتلەر، رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرىنىڭ قولى بىلەن مەدىنىدە قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھەر تەرەپتىن مۇكەممەللىششى، ئىسلام دۆلىتىگە رەئىس تۇرغۇزۇشنىڭ شەرئى ۋە ئەقلى مۇقەررەرلىكى ۋە رەئىسنىڭ بىردىن كۆپ بولماسلىغى قاتارلىق نۇقتىلارنىڭ قۇرئان ئايەتلىرى، توغرا ھەدىسلەر، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقى ۋە ساھابىلار، تابىئىنلار، تەپسىرشۇناسلار ھەم فىقھشۇناسلارنىڭ ئىزلىرى تەرىپىدىن توغرىلىنىشقا قىل سىغمىغۇدەك دەرىجىدە ئىسپاتلانغىنىغا قارىماي، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام ھاكىمىيەت بىلەن ئالاقىسى بولمىغان بىر دەۋەت ۋە رىسالەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ دۆلەت قۇرۇشنى ۋاجىب قىلمايدۇ؛ تارىختىكى ئىسلام خەلىپىلىكلىرى مۇسۇلمانلارغا بەختسىزلىك ئېلىپ كەلگەن. شۇنداق رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەزىپىسى مۇسۇلمانلارغا سىياسىي مەۋجۇدىيەت بەرپا قىلىش ئەمەس، ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش، دېگەندەك ئىسلام پىكىرلىرىگە زىت كۆز قارىشى بىلەن ئەلى ئابدۇررازىق دېگەن بىرى ئوتتۇرىغا چىقتى.

بۇ تەقلىدچى ياۋرۇپادا مەيدانغا كەلگەن دىنىي دۆلەتتىن ئايرىش سىياسىيتى ۋە شەرقشۇناس ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلام ھەققىدە يازغان كىتابلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتكەن ئىدى.

تۆۋەندە ئىلمى ئامانەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا ئۇنىڭ «الاسلام و اپول الحكم» (ئىسلام ۋە ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسى) دېگەن كىتابىنىڭ بىر نەچچە ئابزىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق كىتابخانلارغا بۇ كىشى ۋە تەشەببۇس قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ ھەقىقىتى ھەم بۇنىڭغا ئوخشاش تەشەببۇسلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرى ۋە كېلەچىكىگە ۋە دۈشمەنلىرىگە قارى كۆرسىتىگە بولغان خەتىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

مۇئەللىپ كىتابىنىڭ 13- بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرغىچە خەلىپە تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىبلىغىنى گۇمان قىلىپ كەلگەن ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ ۋاجىبلىغىنى ئىسپاتلايدىغان قۇرئاننىڭ بىرەر ئايىتىنىمۇ ئۇچراتمايمىز. قەسەم قىلىمەنكى قۇرئان كەرىمدە بىرەر دەلىل بولىدىغان ياكى دەلىل بولۇشقا يېقىن بولغان بولسا جاكالاشقا تەردۇت قىلمىغان، خەلىپىلىككە دەلىل بولۇش ئېھتىمالى بار نەرسىلەرنى دەلىل قىلىۋالىدىغان ساناقسىز يانتاياقلىرى ئۇنى تېپىپ چىققان بولاتتى.»

سۆزىدە روشەن ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك مۇئەللىپ بىرمۇ ئالىمنىڭ خەلىپە تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىبلىقىغا قۇرئان كەرىمدىن دەلىل كەلتۈرمىگەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ.

بۇ سۆز مۇنۇ ئاساسلار بىلەن رەت قىلىنىدۇ: ئالىملار خەلىپە تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىبلىقىغا بىر نەچچە ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىسى [ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار] (سۈرە نىسا 59-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ۋە [ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار ( يەنى مۆمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا ] (سۈرە نىسا 83-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

مەلۇم بۇ يەردىكى ئىش ئۈستىدىكىلەر ياكى مەسئۇللىرى ئەڭ ئاۋۋال خەلىپە ياكى دۆلەت رەئىسى ۋە باشقا باشلىقلاردىن ئىبارەت. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغاندەك بىرىنچى ئايەت رەسۇلۇللاھ قوشۇنغا قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەن ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە قەيس ئىبنى ئۇدەينىڭ ھەققىدە نازىل بولغان.

ماۋەردىنىڭ «الاحكام السلطانيه والولايات الدينيه»، ئىبنى ھەزم نىڭ «الفپل فۆ الملل الاهواء والنحل» ئىبنى خەلدۇننىڭ «المقدمه» ۋە قىلى ئابدۇلجاببارنىڭ «المغنى فۆ ابواب التوحيد والدل»

ناملىق كىتابلىرىغا قارىغان كىتابخان يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەت ۋە باشقىلىرىنىڭ خەلىپە بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىنغانلىقىنى كۆرىدۇ.

ئەگەر مۇئەللىپ ئەلى ئابدۇررازىق ئالىملارنىڭ، بولۇپمۇ سىياسىي قانۇن بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان بولسا ئۇ داۋانى قىلىشنىڭ ئاساسى نېمە؟ ئەگەر ئوقۇمىغان بولسا خەلىپە تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھۆكمنىڭ ئاساسسىزلىغى ئەمەس ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

ئالاھىدە ئەسلىتىپ ئۆتىمىزكى بىرەر ماۋزۇدا دەلىل ياكى ھۆكۈمنى ئىنكار قىلماقچى بولغان كىشى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ يېتەرلىك مەلۇمات توپلىغاندىن كېيىن كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. ئەمما بەزى ساھەدىكى بەزى كىتابلارنى ئوقۇپلا ئۇچراتمىغان نەرسىسنى مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى تولۇق ئوقۇغان قىيامەتكە كىرىۋېلىپلا ئامىغا يوق، دەپ جاكالىشى ھەرگىزمۇ ئىلمى تەتقىقات ياكى يىللارچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئالىملارنىڭ يولى ھېسابلانمايدۇ.

بۇنىڭ بىلەن يەنە كىتابخانغا مۇئەللىپنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە راستچىللىق ۋە ئىلمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ!

(2) مۇئەللىپ كىتابىنىڭ 15- بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ماۋزۇدا تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز بۈيۈك تارىخشۇناس توماس ئارنولد يازغان «الخلافە» ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بابلىرىدا زوقلىنىزنى قوزغايدىغان قايىل قىلارلىق بايانلارنى تاپالايسىز».

بۇنىڭدىن مۇئەللىپنىڭ شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلام ھەققىدە يازغان كىتابلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىغى ۋە يېتەرلىكچە قايىل بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنى ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە كىتابلىرىنى ئوقۇشقا چاقىرىۋاتقانلىغىنى، شۇنداقلا ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك سۆز «زوقلىنىزنى قوزغايدىغان قايىل قىلارلىق» بىلەن ئۇنى مەدھىلەپ كۆككە كۆتۈرگەنلىكىنى ۋە كىتابخانلارغا سۆزىنىڭ مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان مۇتلەق توغرا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەنانى ئاڭلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

دەھشەتكە چۆمگەن ھالدا سورايمىزكى، ئىسلام قاچان مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەردىن ئۆگىنىلگەن؟ بولۇپمۇ ئىسلامنى يىلتىزىدىن قۇرۇتماقچى بولىۋاتقان ئەشەددى دۈشمەندىن قوبۇل قىلىنامدۇ؟ كاپىر ئىسلامنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلماننىڭ ئىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرەلىگۈچىلىك دۇرۇست سانىلامدۇ؟....

رەسۇلۇللاھقا قىلچىلىك مۇھەببىتى بولمىغان، پۇرسەت تاپسىلا دىنىمىزغا زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىشقا تەييار تۇرغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارىنى ئىشغال قىلىپ قېنىنى شوراش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا ھاكىمىيەت يوق، دېگەن ئۇقۇمنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقىتىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىۋاتقان كاپىرنىڭ دۇنيا ئىشلىرىمىزدىكى گۇۋاھچىلىغى قوبۇل قىلىنمىغان يەردە، دىن ھەققىدە ئېيتقانلىرى قانداقمۇ قوبۇل قىلىنسۇن؟!

ئۇلارنىڭ ئەھلىدىن بولغان كىشىلەر ئوتتۇرىدىكى پىكىرلەرنى نورمال سانايدۇ. توماس ئارنولدنىڭ مەيدانىدىن بەك ئەجەبلىنىپ كەتمەيمىز. لېكىن بۇ دىنغا تەۋە مەھكىمىدە خىزمەت قىلغان بىر مۇسۇلماننىڭ، مۇسۇلمانلارنى بولىۋېلىنغان ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇيدىغان، قۇللۇقتىن ئازات قىلىدىغان ئىسلام دۆلتى، ئىسلام ھاكىمىيىتىنى تەلەپ قىلىشتىن ئاجىز كېلىدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈش

ئۈچۈن زەھەر كۆتۈرگەن توماس ئارنولد «خەلىپىلىك» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋارىسىنى تەيىنلىمىگەن ۋە خەلىپىلىكنىڭ داۋاملىشىش يولىنى كۆرسەتمىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز زامانىسىدا ئەرەبلەرنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىشنى خالىمىغان ئىدى. قەبىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كىشىنى تاللاشتا ئەركىن قويۇۋېتىلىشى ئۇلارنىڭ بىر خىل ئادىتى ئىدى.» بۇ گۇمانلار ئەلۋەتتە ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئۇيغۇن ئەمەس. ئىسلامى جەمئىيەت قەبىلىۋازلىق، مىللەتچىلىك ئۈستىگە ئەمەس ئىسلام ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان، بەلكى ئىسلام قەبىلىۋازلىق ۋە مىللەتچىلىكنى تۈپتىن يوق قىلىپ يېڭى ئۇسۇلدىكى جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا كەلگەن. ئۇندىن باشقا ئەرەبلەردە ھاكىمىيەتنى مىراسخورلۇق تۈزۈمى بىلەن داۋاملاشتۇرۇشقا ئوخشاش بىر نەچچە خىل ئادەت بار ئىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامدىكى ھاكىمىيەت ئاقسۆڭەكلەرگە تەئەللۇق بولۇپ ئىلاھى ۋەھيى بىلەن قۇرۇلغانلىقىنى داۋا قىلىشىدۇ. نەتىجىدە خەلىپە باشچىلىقىدىكى ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە مۇسۇلمان بولغان ھەر بىر كىشىنىڭ ئىتائەت قىلىشىنى دىنى مەجبۇرىيەت قىلىپ بېكىتىدۇ» نىڭ سۆزىنى چىرايلىقلاشتۇرۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا تەشەببۇس قىلىشى ھەقىقەتەن ئەقىلغا سىغمايدۇ. ئاللاھ [زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر] (سۈرە ھۇد 113-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ راستىنلا توغرا ئېيتقان.

مۇئەللىپ كىتابنىڭ 33- بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىم خەلىپىلىكنى تىلغا ئېلىش، ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىشتىن ئۆزىنى پاك تۇتقان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىمۇ ئۇنى ئېتىۋارسىز قالدۇرغان ئىدى. ئالىملارمۇ ئۇنىڭ ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ قۇرئان، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكىدىن باشقا يەنە قانداق دەلىلى باركى؟!»

مۇئەللىپنىڭ «قۇرئان كەرىم خەلىپىلىكنى تىلغا ئېلىش، ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىشتىن ئۆزىنى پاك تۇتقان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىمۇ ئۇنى ئېتىۋارسىز قالدۇرغان ئىدى». دېگەن قوپال سۆزلىرى ھەقىقەتەن ئەدەپ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكەن.

ئۇ كىتابخانلارغا خەلىپىلىكنىڭ ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان، ساغلام ئەقىل رەت قىلىدىغان ئىش بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭدىن سۆز ئېچىش، ھەتتا يىراقتىن ئىشارەت قىلىشتىنمۇ ئۆزىنى پاك تۇتقانلىقىنى ئاڭلىتىدۇ. شۇنداقلا قۇرئان ۋە ھەدىس ئېتىۋارسىز قالدۇرغان ئىشتىن ئۇزاق تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىلگىرى سۈرمەكچى بولۇۋاتقان پىكرىنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكىلى بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئاساسسىز بولۇپ، قۇرئان كەرىم خەلىپىلىكنى ئومۇمى ۋە خۇسۇسي ئۇقۇملىرى بىلەن يېتەرلىك بايان قىلىدۇ.

ئومۇمى ئۇقۇم جەھەتتە بولسا ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇزۇق - ئەۋلادىنى زېمىننى قۇرلۇش، سانائەت، زىرائەت، ئەقىدە ۋە ئادالەتكە ئوخشاش تەرەپلىرى بىلەن گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان خەلىپە قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ [ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن » دېدى.] (سۈرە بەقەرە 30-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

خۇسۇسى ئۇقۇم جەھەتتە بولسا ئاللاھ [ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق] (سۈرە ساد 26-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايىتى بىلەن ئەلچىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەپ خەلىپە قىلغانلىقى ۋە ھاۋايى ھەۋەسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماستىن ئادالەت بەرپا قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى ئوچۇق ئېلان قىلىدۇ.

ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا ئىسلام دۆلىتىنىڭ رىياسەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش، قىساس ۋە جازا قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە تالاش ـ تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ۋاجىب قىلىدۇ ۋە ئىشلىرىنى ئۆزمەيلى ۋە رازىلىقى بىلەن ئاللاھ ھەم رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن بىر تەرەپ قىلمىغانلارنىڭ كاپىرلاردىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن.] (سۈرە مائىدە 49-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) [(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن.] (سۈرە نىسا 105-ئايەت) [(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولىسمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.] (سۈرە نىسا 65-ئايەت)

ئاللاھ يەنە [ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى] (سۈرە نۇر 55-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايىتى بىلەن مۆمىنلەرگە ئەگەر ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرسە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ياردەم بېرىدىغانلىقى ۋە قۇرەت، زەپەر، ھاكىمىيەت ئىگىلىرى بولغان يەر يۈزىنىڭ خەلىپىلىرى قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنىڭ خەلىپىلىكنى ئىتىۋارسىز قالدۇرغانلىقى گۇمانى بولسا بىلمەسلىك ۋە رەسۇلۇللاھقا قىلىنغان بۆھتان ھېسابلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۇ بۆھتاندىن ئاقلايمىز.

خەلىپىلىك، يەنى دۆلەت رىياسەتچىلىكى ھەققىدە ئېيتىلغان ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى خەلىپىلىك سۆزىنى ئۇچۇق ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلىپىگە ۋەباشلىقلارغا ئىتائەت قىلىشنى ۋاجىب قىلىدۇ. ھەتتا بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان، ھەقلىق خەلىپىدىن خەلىپىلىكنى تالاشقان كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشنى بۇيرۇيدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى نەقىل قىلىمىز:

«ئەگەر ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنسا كېيىنكىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار».

«مەندىن كېيىن خەلىپىلەر كۆپىيىدۇ.

ـ بىزنى نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرىيسەن. دەپ سورايدۇ.

ـ ئاۋال بەيئەت قىلىنغانلارنىڭ بەيئىتىنى كۈچكە ئىگە قىلىڭلار ۋە ھەققىنى ئادا قىلىڭلار، دەيدۇ رەسۇلۇللاھ».

«باشلىقىغا ئىتائەت قىلغان كىشى ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان كىشى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ.»

«سىلەرگە بېشى قۇرۇق ئۈزۈمگە ئوخشايدىغان ھەبەشىستانلىق قۇل مەسئۇل قىلىنىسىمۇ بۇيرۇقىغا قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار»

«ئـاللاھ ئۆزىنىـڭ سايىسـىدىن باشـقا ھېچقانـداق سـايە بولمىغـان كۈنـدە يەتتـە خىـل كىشـىنى سايىدىتىدۇ. ئادىل باشلىق...»

«بەيئەتسىز ئۆلگەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ»

«بىر خەلىپىگە قولنى ۋە قەلبىنىڭ مېۋىسىنى بېرىپ بەيئەت قىلغان كىشى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىتائەت قىلسۇن. ئەگەر باشقا بىرى ئۇنىڭ خەلىپىلىكىنى تالاشسا بېشىنى ئېلىڭلار»

باشقا بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ھۇزەيفەنىڭ «ئۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىق بولامدۇ؟ دېگەن سوئالىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ:

ــ ھەئـە، جەھەننـەمنىڭ دەرۋازىلىرىـدا تـۇرۇپ ئـۇنىڭغا چاقىرغـۇچىلار بولـىدۇ. جـاۋاب بەرگـەن كىشىلەرنى ئۇنىڭغا تاشلايدۇ.

- ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە ئۇلارنى سۈپەتلەپ بەرگىن.
- بولىدۇ، بىز بىلەن ئوخشاش تەنلىك، تىلىمىز بىلەن سۆزلىشىدىغان كىشىلەردۇر.
- ئەگەر ئۇ زاماندا ياشاپ قالسام نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك؟
- مۇسۇلمانلار جامائىتى ۋە يولباشچىسىدىن ئايرىلما».

«ئـاللاھ بەنـدىلىرىنىڭ مەسـئۇلىيىتىنى تاپشـۇرغاندا ئـۇلارغا ۋاپاسـىزلىق قىلـىپ ئـۆلۈپ كەتكـەن كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ»

ئالىملارنىڭ پىكىر بىرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا كەلسەك ئۇ ھەقىقەتەن دەلىل تەلەپ قىلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ خالىغان نەرسىسىنى داۋا قىلىشى ۋە ئىسپاتلىشى ئاسانغا توختىمايدۇ. ئەگەر كىشىلەر داۋا قىلغان نەرسىگە ئېرىشىۋېرىدىغان بولسا بەزىلەرنىڭ قېنى ۋە مال - مۈلكى خەتەرگە ئۇچرىغان بولاتتى. لېكىن ئىسلامدا داۋا قىلغۇچىنىڭ ئىسپات كەلتۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئالدىنقى قىسىملاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ مەسىلە ھەققىدە ساھابىلارنىڭ پىكىر بىرلىكى نەقىل قىلىنغان. مۇئەللىپ خەلىپە تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىبلىقى ھەققىدە بىرەر ساھابىنىڭ ئوخشىمىغان پىكرىنى تاپالىغان بولسا ئەلۋەتتە ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ساھابىلارنىڭ پىكىر ئورتاقلىقى ئاجىزلاشقان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزلىرىمۇ دەلىلسىز ھېسابلىنىدۇ.

مۇئەللىپ كىتابىنىڭ 35-36- بەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل كۈچلەندۈرىۋاتقان، تارىخ شاھىد بولـۇۋاتقان، بىلىنگـەن ھەقىقـەت شـۇكى ئىسـلام دىنـى قائىـدە يۇسـۇنلىرى ۋە تاشـقى كۆرۈنىشـى فىقھشۇناسلار «خەلىپىلىك» دەپ ئاتىۋالغان ئۇ خىل ھاكىمىيەتكە ۋە يا كىشىلەرنىڭ «خەلىپە» دەپ لەقەم قويىۋالغان ئۇ ئادەملەرگە باغلىق ئەمەس. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا مەنپەئىتىنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىمىزدا خەلىپىلىككە ھېچقانداق ئېھتىياجىمىز يوق. خەلىپىلىك ھەققىدە دەيدىغانلىرىمىز بۇلارلا ئەمەس... خەلىپىلىك ئەزەلدىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئاپەت ۋە مۇسىبەت ياغدۇرىدىغان بالا بولۇپ كەلگەن»

شۈبھىسىزكى ئادىل پىكىر يۈرگۈزگۈچى بۇ دىنىنىڭ تەبىئىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى يۈرگۈزگەن سىياسىي مەۋجۇدىيەتكە ئىگە ئۇيۇشما بىلەنلا ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر ئىنسانلار خەلىپىلىك ياكى ئىسلام ھۆكۈمىتىسىز تاشلىۋېتىلىدىغان بولسا ھاياتى ھەر جەھەتتىن قالايمىقانچىلىققا تولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ھاياتى شاھىد بولۇپ تۇرۇپتۇكى ئۇلار ئىسلام دۆلىتىسىز ھوزۇر بىلەن بىرەر كۈن كەچۈردىمۇ؟ ئاللاھنىڭ شەرىئىتى تەتبىقلاندىمۇ؟ ئىسلام جازا

قانۇنلىرى يۈرگۈزۈلدىمۇ؟... شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۈستىمىزدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشنىڭ بىردىن بىر شەرتى خەلىپىلىك «جامائەتسىز ئىسلام، باشلىقسىز جامائەت ۋە ئىتائەتسىز باشلىق بولمايدۇ» دېگەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن ئاللاھ رازى بولسۇن.

بىز مۇسۇلمانلار جامائىتى دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەقىقەتەن خەلىپىلىككە ئېھتىياجلىق. دىنىمىزنىڭ بىر چوڭ قىسمى پەقەت ئۇنىڭ يۈت تىرەپ تۇرۇشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ ۋە ئىجرا قىلىنىدۇ. دۇنيا ئىشلىرىمىزدىكى زۆرۈيىتى شۇكى پەقەت ئۇ ـ ئىسلام ھاكىمىيىتىلا بىزگە بەخت ـ سائادەت ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مەنىلىرىگە تولغان ئىنسانچە كۈندىن بۇيان مۇسۇلمانلار نە كۈنلەر كۆرمىدى؟!!!... كۆزلىرى قان، يىرىك ۋە زەرداب سۇلاردىن قۇرۇپ ئۆتكۈزگەن بىر كۈنىمۇ يوق!

مۇئەللىپىنىڭ «خەلىپىلىك ئەزەلدىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئاپەت ۋە مۇسىبەت ياغدۇرىدىغان بالا بولۇپ كەلگەن» دېگەن سۆزى راستىنلا ئەجەبلىنەرلىك. بالا قانداق ۋاقىتتا مەيدانغا كېلىدۇ؟ كۈلپەت ئاللاھنىڭ شەرئىتىنى تەتبىقلىغان خەلىپىلىك ھۆكۈم سۈرگەندە مەيدانغا كېلەمدۇ ياكى ئىسلام ئەھكاملىرىنى خورلىغان دىنسىز ھاكىمىيەت دەۋرىدىمۇ؟ ئەبۇبەكر، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ۋە باشقا ياخشىلىق بىلەن تونۇلغان كىشىلەرنىڭ خەلىپىلىكلىرى مۇسۇلمانلارغا كۈلپەت بولغانمۇ؟ مۇسۇلمانلاردىن بولغان بىر ياخشى ئىخلاسمەن كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ دىنى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشى مۇسىبەتمۇ ياكى خىرىستىئان، يەھۇدى، ئاتەشپەرەس ۋە يا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ غالچا، مالايلىرىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ ئىسلام دىنى ئېلىپ كەلگەن ئىسىل خىسلەتلەرنى يوق قىلىپ، دۇنيانى رەزىللىك بىلەن تولدۇرۇشقا تىرىششى، ئاللاھنىڭ شەرئىتىگە خىلاپ قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشمۇ؟

مەلۇم دەۋلەردە سالاھىيەتسىز كىشىلەرنىڭ خەلىپىلىككە ئولتۇرۇپ قىلىشنى ئىنكار قىلمايمىز. تەبىئىكى بۇ ئىسلام رەت قىلىدىغان، چەكلەيدىغان ئىش. لېكىن بۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولى خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشمۇ ياكى خەلىپىلىك شەرتىگە توشىدىغان سالاھىيەتلىك بىرىنى تېپىپ چىقىشمۇ؟ ئەجىبا ئۇ داۋا قىلىۋاتقان ھۆكۈمەتلەردە بۇنىڭغا ئوخشاش نۇقسانلار يۈز بەرمەيدۇ؟

ئىسلام خەلىپىلىكى سىياسىي سەھنىدە چۈشۈرۈلۈپ قىلچىلىك قىممەتلىك ئىگە بولمىغان كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلانغان، غەربلىك مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئاياق ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، كۈلپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىسلام خەلىپىلىكىدىن ئۇزاق تۇرۇپ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ خورلىشىغا رازى بولۇڭلار، دېگەندەك تەشەببۇسلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرى ئۇممىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن خەتەرلىك، سەلبى رول ئوينايدۇ.

ئۇندىن كېيىن مۇئەللىپ كىتابىنىڭ 50- بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋە خەلىپىلىكنى بىرگە بەرگەنمۇ ياكى پەقەت پەيغەمبەرلىكنىمۇ؟ ئىزدىنىشلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا بىرەر ئالىمنىڭمۇ بۇ ماۋزۇدا ئېنىق كۆز قارىشىنى ئىپادىلىگەن ياكى سۆز ئاچقانلىقىنى بىلمەيمىز. لېكىن خۇلاسە چىقىرى يولى بىلەن دېيەلەيمىزكى، كۆپ بىلىمى بولمىغان بۇ مۇسۇلمان كۆپ ھاللاردا رەسۇلۇللاھنىڭ رەئىس ۋە پەيغەمبەرلىككە ئىشىنىدۇ. ئۇ ئىسلام بىلەن مەدەنى بىر سىياسىي دۆلەت قۇرغان ۋە ئۇ دۆلەتنىڭ رەئىس ۋە ئىگىسى ئىدى دەپ بىلىدۇ. بەلكى ئۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇيغۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كۆز قاراشتۇر. شۇنداقلا كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ پىكرىدۇر. ئۇلار بۇ

ھەقتە سۆز ئېچىلغاندا ئىسلامنىڭ رەسۇلۇللاھ بىنا قىلغان سىياسىي بىرلىك ۋە دۆلەت ئىكەنلىكىگە مايىل بولىدۇ».

كۆرگىنىڭىزدەك مۇئەللىپ بىرەر ئالىمنىڭمۇ بۇ ھەقتە سۆز قىلمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمما بۇ ھەقتە يېزىلغان كىتابلارغا قارايدىغان بولساق، ئالىملارنىڭ ئۇنى ھەرگىزمۇ ئېتىۋارسىز قالدۇرمىغانلىقىنى كۆرىمىز. ماۋەردى خەلىپىلىككە تۆۋەندىكىچە ئېنىقلىما بېرىدۇ: «خەلىپىلىك (ئىسلام ھاكىمىيىتى) دىننى قوغداش ۋە دۇنيانى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان پەيغەمبەرلىكنىڭ ئىز باسارىدۇر.»

بۇ ئېنىقلىمىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ـ ئىنسانلارغا ئىسلام رىسالىسىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە دىننى قوغداش ۋە دۇنيانى باشقۇرۇش، يەنى ئۇنى ئۆزگەرمەي كېتىش ۋە ئاساسسىز يېڭىلىقلاردىن ساقلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى روشەنلىشىدۇ. مانا بۇ مۇسۇلمان ھۆكۈمرانىنىڭ ۋەزىپىسى. رەسۇلۇللاھدىن كېيىنكى خەلىپىلەر بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا ئۇنىڭ ئىزىنى باسقان ئىدى.

ئىبنى خەلدۇنمۇ خەلىپىلىككە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېنىقلىما بېرىدۇ. ئىيجى بولسا «خەلىپىلىك ـ دىننى ئىجرا قىلىش، ئىسلام مىللىتىنىڭ مال ـ مۈلۈك بارلىقىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ئىتائەت قىلىشى كېرەك بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ ئىز باسارلىرىدۇر»

ئۇنداقتا بۇ ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى ـ ئىسلام دىنىنى تەتبىقلاش، ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىش، ئىسلام دىنىنى قوغداش ئىدى. خەلىپىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

ئىبنى خەلدۇن ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي مەۋجۇدىيەت بارلىققا كەلتۈرۈشكە بولغان ھىرىسمەنلىكىدە باشقا دىنلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىلىشىمىز كېرەككى ئىسلام مىللىتى رەسۇلۇللاھدىن ئايرىلغاندىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت، ئەھكام ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر ھاكىمىيەتكە مۇھتاج. ئىنسانىيەت ئىجتىمائى ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەنپەتىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياندىن ساقلىنىشقا مەجبۇرلايدىغان ياكى كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى سىياسىي قۇرۇلمىغا ئېھتىياجلىق».

ئىسلام مىللىتىنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى دۇنياغا يېيىش ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىش يولىدىكى جىھادلىرىدا خەلىپىلىك ھەر جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىغان.

باشقا دىنلارنىڭ دەۋىتى ئومۇملىققا ئىگە بولمىغانلىقى، باشقىلار ئۈستىدىن غالىب كېلىش تەلەپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن جىھاد پەقەت قوغدىنىش ئۈچۈنلا يولغا قويۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن دىن يېتەكچىلىرى بىلەن دۆلەت سىياسىيتىنىڭ ئالاقىسى يوق ئىدى. دىن يېتەكچىلىرىدىن پادىشاھلىق ۋە يا ھاكىمىيەت تاپشۇرۇۋالغان كىشىلەر دىننىڭ تەلىۋى بىلەن ئەمەس، باشقىلار تەرەپىدىن تەيىنلىنىشى، قەبىلىۋازلىق ياكى ھەر ئىنساندا بولىدىغان ھۆكۈمران بولۇش تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەيدانغا چىققان ئىدى.

مۇئەللىپنىڭ «رەسۇلۇللاھ سىياسىي مەدەنى دۆلەت قۇرغان» دېگەن كىشىنىڭ ئالىم ئەمەس، كۆپ بىلىمى بولمىغان بىرى، دەپ قارىشى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق. بۇ ساقلىنىشقا تېگىشلىك مەسخىرە بۇ

سۆزنى ئېيتقان تونۇلغان قازى ماۋەردى، بۇيۇك ئالىم ئىبنى خەلدۇن، ئىجىدەك ئالىملارنىڭ سەردارلىرى كۆپ بىلىمى بولمىغان ھېسابلانسا كىم ئالىم ھېسابلىنىدۇ؟

مۇئەللىپ ئاۋۋال ھېچبىر ئالىمنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ دۆلەت قۇرغانلىقىدىن ئىبارەت كۆز قاراشتا ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۇندىن كېيىن بۇ كۆز قاراشنىڭ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىغا ئۇيغان كېلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بولۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى روشەن زىتلىق پەيدا قىلىدۇ. مۇئەللىپ قىياسقا ئاساسەن كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ بۇ خىل كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خۇلاسىغا كەلگەن تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆزئارا زىت سۆزلەرنى قىلىپ ھەقىقەتتىن قېچىشقا تىرىشىدۇ؟

مۇئەللىپ بۇ خولاسىگە ئىزدىنىش بىلەن كەلگەنمۇ ياكى قۇرۇق خىيال بىلەنمۇ؟ ئۇنىڭ «ئۇلارغا بۇ ھەقتە سۆز ئېچىلغاندا ئىسلامنىڭ رەسۇلۇللاھ بىنا قىلغان سىياسىي بىرلىك ۋە دۆلەت ئىكەنلىكىگە مايىل بولىدۇ» دېگەن سۆزى بۇ خۇلاسىنىڭ ئىزدىنىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنداقتا ئارىدا زىتلىق پەيدا قىلىش ۋە ھەقىقەتتىن قېچىشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى بولمايدۇ.

مۇئەللىپ ئۇندىن كېيىن گۇمان تۇغدۇرۇشقا ئۆتۈپ كىتابىنىڭ 55- بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمىمۇ ياكى ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئىشمۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ دۆلەت قۇرۇشى پەيغەمبەرلىكىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئىش ئىدى. بۇ ئىسلام مەزھەبلىرىدە شەك تۇغدۇرىدىغان كۆم قاراشقا ئۈچرىمىغان، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك توغرا كۆز قاراشتۇر. بەزى ئىسلام مەزھەبلىرىنىڭ ئىسلامدىكى خەلىپىلىكنى بىراقلا ئىنكار قىلغىنىغا قارىغاندا ئۇنى ئىنكار قىلىش كاپىرلىق ھېسابلانمايدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ سىرتىدا بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش قىلغانلىقىنى ئاڭلاش سىزنى ھەيران قالدۇرمىسۇن. ئۇنىڭ دۆلىتى پەيغەمبەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان دۇنيا ئىشلىرىنىڭ جۈملىسىدىن. بۇ سۆزلەر مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىدا ئەدەبسىزلىك ھېسابلانسىمۇ ئىسلام قائىدىلىرى، پەيغەمبەرلىكنىڭ مەنىسى، شەرىئەت روھى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تارىخى بۇنىڭغا ئوخشاش كۆز قاراشنى رەت قىلمايدۇ.»

مۇئەللىپ ئالدىنقى سۆزىدە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشىنىڭ پەيغەمبەرلىكنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدە ئورتاق كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئەپسۇسكى بۇ يەردە ھېچقانداق دەلىلسىز يەنە قارىمۇ ـ قارشىلىق پەيدا قىلىدۇ ۋە ئالىملارنىڭ ئورتاق پىكرىگە خىلاپلىق قىلىشنى كاپىرلىق ھېسابلىمايدۇ.

ئۇ، يەنە بەزى ئىسلام مەزھەبلىرىنىڭ ئىسلامدىكى خەلىپىلىكنى ئىنكا قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەقىقەتەن خاتالىشىدۇ. مەلۇمكى ئىسلام مەزھەبلىرىنىڭ ھېچبىرى خەلىپىلىكنى ئىنكار قىلمايدۇ. پەقەت خەلىپە تۇرغۇزۇشنى ئالىملارنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ۋاجىب، ئاز سانلىقىنىڭ جائىز دېيىشى بۇ مەسىلىنىڭ ئىختىلاپ نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. خەلىپە تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاجىب ئەمەسلىكى خەلىپىلىكنىڭ ئىنكار قىلىنىشىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

مۇئەللىپ كىتابىنىڭ 57- بېتىدە ئىبنى خەلدۇننىڭ «ئىسلام تەتبىق قىلىنىدىغان ۋە ئىجرا قىلىنىدىغان شەرىئەتتۇر (قانۇندۇر)؛ سىياسىي ھاكىمىيەت دىنى ھاكىمىيەتنىڭ بىر قىسمىدۇر» دېگەن

سۆزىدىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزلەر ئاساسسىز بولۇپ، پەيغەمبەرلىكنىڭ مەنىسىنى رەت قىلىدۇ ۋە دىنى دەۋەتنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئەگەر رەسۇلۇللاھ سىياسىي تۈسكە ئىگە دۆلەت قۇرغان ياكى قۇرۇشنى يولغا قويغان بولسا نېمە ئۈچۈن دۆلەت ئاساسلىرى ۋە ھۆكۈم قۇراللىرىنى تولۇقلىمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن تۈزۈمى، مەسئۇل ۋە قازىلارنى تەيىنلەش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن دۆلەت تۈزۈمى ۋە كېڭەش قائىدىلىرىنى بايان قىلمايدۇ؟!»

بۇ خاتالىقلارغا قارىتا دەيمىزكى قۇرئان ئايەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى ئىسلامنىڭ ئىلىم ۋە ئەمەل، قانۇن ۋە ئىجرا قىلىش ئىكەنلىكىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇغى ۋە چەكلىمىسى بويىچە ئىتائەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەتبىقلاش ۋە ئادالەت بەرپا قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئىلىم بىلەن ئەمەلنى، قانۇن بىلەن تەتبىقنى ئۆزئارا باغلايدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ تۆۋەندە بىر نەچچىسى بايان قىلىمىز: [ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟). سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر).] (سۈرە سەف 2-3- ئايەتلەر) [زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن] (سۈرە نۇر 2-ئايەت) [ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار] (سۈرە مائىدە 38-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) [سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلىمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، ئاللاھ (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار.] (سۈرە تەۋبە 29-ئايەت)

رەسۇلۇللاھ پەرۋەردىگارىنىڭ [شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: «ئاللاھ نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم] (سۈرە شۇرا 15-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن زىناخورنى قامچىلاش ۋە تاش ئېتىپ ئۆلتۈرۈش، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ۋە قىساس ئېلىشقا ئوخشاش جازا قانۇنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلغان ئىدى.

مۇئەللىپ كىتابىنىڭ 64- بېتىدە «ھاكىمىيەتسىز پەيغەمبەرلىك ۋە دۆلەتسىز دىن» دېگەن ماۋزۇدا مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى كۆرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن ئالدىمىزدا پەقەت يوپ - يورۇق بىرلا يول قالىدۇ. ئۇ بولسىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھاكىمىيەت بەرپا قىلىش ۋە دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس

پەقەت دىنى دەۋەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەنلىكى، شۇنداقلا ھاكىمىيەت ياكى دۆلىتىنىڭمۇ بولمىغانلىقى».

ئۇ كىتابىنىڭ 71- بېتىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى رەسۇلۇللاھنىڭ سىياسىي تۈسكە ئىگە ھاكىمىيەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، دېگەننى كۈچلەندۈرىدۇ. ئايەتلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئىلاھى ۋەزىپىسى پەقەت دىنىنى يەتكۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىپ ھاكىمىيەت ئۇقۇمىدىن خالى ئىدى، دېگەن چۈشەنچە ھەققىدە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ».

ئۇ، بۇ ماۋزۇغا مۇناسىۋەتسىز ئايەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىلىرى بىلەن كىتابخاننى قايمۇقتۇرۇشقا تىرىشقان. ئالدىنقى سەھىپەلەردىكى بايانلارنى بۇ ھەقتە يېتەرلىك دەپ قارايمىز.

ئۇنىڭ «رەسۇلۇللاھنىڭ ھاكىمىيەت ياكى دۆلىتى بولمىغان» دېيىشى توغرىلىقىغا قىلىسىغمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانغان تارىخى ھەقىقەتكە كۆز يۇمغانلىق، رەسۇلۇللاھنىڭ تولۇق ئىنتىزام ۋە مۇناسىپ باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىغا ئىگە دۆلەت قۇرغانلىقى ئۇ دەۋرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن باشلىق، مەسئۇل، كاتىپ ۋە باشقا خادىملارنىڭ رىۋايەتلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان. بۇ ھەقتىكى تارىخى كىتابلىرى ئىنتايىن كۆپ.

بۇ مۇنازىرىنىڭ ئاخىرىدا تۆۋەندىكىلەرنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆرىمىز:

(1) قۇرئان ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئىنتىزامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان؛ ئاللاھ كائىناتىنىڭ ياراتقۇچىسى، يارىتىش ۋە بۇيرۇق قىلىش ئۇنىڭغا خاس. ئۇ خالىغانچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ھېچكىم ئۇنى مەسئۇلىيەتكە تارتالمايدۇ. قۇرئان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ئىسلام ئۈممىتىگە ئۆز ئىچىدىن خەلىپە تاللاشنى، خەلىپىگە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىشنى ۋاجىب قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنى ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ۋە رەت قىلغانلارغا ئومۇمى يۈزلۈك قارشى تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

(2) ئەقىل ئىسلام تەلىماتلىرىنى ھەققى مەنىگە ئىگە قىلىش ۋە نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنىڭ ئىسلام ھاكىمىيىتى ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

(3) ئەگەر رەسۇلۇللاھ ۋەزىپىسى راستىنلا ئىسلامنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلى ھاياتقا تەتبىقلاش ئەمەس، پەقەت ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشلا بولغان بولسا، كاپىرلار ھەرگىزمۇ قارىش تۇرمىغان، ئالدىنى توسمىغان، ئەگەشكۈچىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلمىغان بولاتتى. رەسۇلۇللاھ ۋە ئەگەشكۈچىلىرى كىشىلەرنى ئىمان ۋە ئىبادەتكە تار مەنىسى بىلەنلا چاقىرىۋاتقاندا جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ شېرىك ئەقىدىسى ۋە بۇتپەرەسلىككە باشچىلىق قىلىۋاتقانلار ھېچ قارشىلىق كۆرسەتمىگەن ئىدى. قەيس ئىبنى سائىدە ئەيادە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارنىڭ شېرىك ئىبادەتلىرىگە قارشى سۆز قىلغاندىمۇ ھېچكىم زىيانكەشلىك قىلمىغان ئىدى.

(4) مۇئەللىپنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋرىدە ھاكىمىيەتنىڭ مەيدانغا كەلمىگەنلىكىدىن ئىبارەت گۇمانى قېپقىزىل بۆھتان ۋە ھەقىقەتكە كۆز يۇمغانلىق. ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھقا ئاللاھتىن ۋەھيى كېلەتتى. ئۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانى ۋە رەئىس بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەھيى قىلىنغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئەمەلى ھاياتقا تەتبىقلايتتى. ئۇنىڭ يىراق يۇرتلاردا شەرىئەت قانۇنىنى يۈرگۈزىدىغان ياردەمچىلىرى بار ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ ۋەھيى قىلىنغان

ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشتىن ئىبارەت ئىككىنچى ۋەزىپە خەلىپىلەر ۋە يولباشچىلار تەرەپىدىن ئىجرا قىلىنىپ كەلدى.

(5) ئالدىنقى سەھىپىلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىدە تولۇق سىياسىي تۈسكە ئىگە ئىسلام ھاكىمىيتى قۇرغانلىقى ئىسپاتلاندى. سىياسەت ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مەنپەتىگە مەسئۇل بولۇش، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆز زامانىدىكى پادىشاھ، رەئىسلىرى بىلەن ئالاقە باغلاش، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق چىگرىلىرىنى بەلگىلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. رەسۇلۇللاھ مەدىنە ئەھلى (ئىسلام دۆلتى خەلقى) گە دىن ۋە گورۇھلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى بايان قىلىپ نىزامنامە تۈزۈپ چىققان، ئۇنىڭدا ئۇنىڭ دۆلەت رەئىسى ئىكەنلىكى ئوچۇق قەيت قىلىنغان ئىدى.

(6) پەيغەمبەرلىك دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلتىدە مەسئۇل، قازى ۋە كاتىبلارنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىدىن ئىبارەت بۇ گۇماننى ھەدىس ۋە تارىخ كىتابلىرىنىڭ دەلىللىرى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ھەدىس ۋە تارىخ كىتابلىرى بىزگە شۇنىڭدىن خەۋەر بېرىدۇكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخماس ۋە جۇنۇدقا تەيىنلەنگەن مەسئۇل، قازى ۋە زاكات خادىملىرى، ۋەھيى خاتىرلەش، باشقا پادىشاھ ۋە رەئىسلەرگە ئەۋەتىلىدىغان مەكتۇبلارنى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىش، كېلىشىملەرنى يېزىش، كۈندىلىك ئەھۋاللارنى خاتىرلەش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان كاتىبلىرى ۋە قوغدىغۇچىلىرى بار ئىدى. دۆلەتنىڭ قۇرۇلمىلىرى ھەممە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالىغۇدەك دەرىجىدە تولۇق ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش پەقەت بىلىمسىزلىكتىن ئىبارەت.

(7) بۈگۈن ئىسلام ئۇممىتى ئىسلام دۆلتىگە تارىختىكى ئېغىر كۈنلىرىدىكىدىنمۇ بەك موھتاج. ئىسلامنىڭ ھاكىمىيەتتىن يوقىلىشى بىلەن جاھاننى بەختسىزلىك ۋە زۇلۇم قاپلىدى. ئىسلام خەلىپىلىكى يۈرەككە تاقالغان زۇلۇم خەنجىرىنى يوق قىلىپ بەختسىزلىكنى سائادەتكە، قورقۇنچنى خاتىرجەملىككە ئايلاندۇرىدۇ. ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققى قىلىشقا توسالغۇ بولۇۋاتقانلارنى ئۆزى، خەلقى ۋە دىنى ئالدىدا گۇناھكار ھېسابلايدۇ.

مۇئەللىپنىڭ يۇقىرىقى خاتا پىكرى مۇسۇلمانلارنى ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىش، ۋەتىنىنى ئازات قىلىش ۋە دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشتىن چىكىندۈرۈش ۋە زەھەرلەش رولىنى ئوينايدۇ.

## تۆتىنچى بۆلۈم

بەيئەت

1- بەيئەت ئېنىقلىمىسى

بەيئەتنىڭ ئەرەبچىدىكى سۆز مەنىسى ئەھدە، توختام، كېلىشىم ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت.

دېمەككى بەيئەت ئەگەشكۈچىنىڭ باشلىقىغا قولاي ۋە قىيىن شارائىتلاردا، خالىغان ۋە خالىمىغان چاغلىرىدا ئوخشاشلا بۇيرۇغىنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش، ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش، ئەمرىدە دەتالاش قىلماسلىق ئۈستىدىن ئەھدە بېرىشىدىن ئىبارەت.

ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى بەيئەت ـ ئىتائەت ئۈستىدە بېرىلگەن ئەھدە، يەنى بەيئەت قىلغۇچىنىڭ ئىتائەتتە دەتالاش قىلماسلىقى، خالىغان ۋە خالىمىغان چاغلىرىدا ئوخشاشلا بۇيرۇققا بويسۇنۇشىدىن ئىبارەت.

باشلىقلىقا ياكى يولباشچىغا بەيئەت قىلغاندا سودا توختىمىغا ئوخشاش ئەھدىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئۆز ئارا قول ئېلىشىش ئادەتكە ئايلانغان. رەسۇلۇللاھنىڭ «ماڭا ئىسلام ئۈستىدىن بەيئەت قىلمامسىلەر؟» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ مۇشۇ»

2- بەيئەتنىڭ ئاساسى

بەيئەت قىلىش ۋە بەيئەت قوبۇل قىلىش قۇرئان ئايەتلىرى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرىدىن ئىبارەت شەرئى (قانۇنى) ئاساسلارغا ئىگە.

ئا: بەيئەتنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئاساسى:

ئاللاھنىڭ كىتابىدا تۆۋەندىكىلەرگە ئوخشاش بەيئەتنىڭ قانۇنى يوسۇندا يولغا قويۇلغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ.

ئاللاھنىڭ كىتابىدا تۆۋەندىكىلەرگە ئوخشاش بەيئەتنىڭ قانۇنى يوسۇندا يولغا قويۇلغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ.

[شۈبھىسىزكى، (ئى مۇھەممەد! ھۇدەيبىيىدە) ساڭا (رىزۋان) بەيئىتىنى قىلغانلار (ھەقىقەتتە) ئاللاھقا بەيئەت قىلغان بولىدۇ، ئاللاھنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىدۇر] (سۈرە فەتھ 10 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) [ئاللاھ مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيىدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىشۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى] (سۈرە فەتھ 18-ئايەت) [ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.] (سۈرە مۇمتەھىنە 12-ئايەت)

ب: بەيئەتنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسكى ئاساسى:

سۈننەت كىتابلىرىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر نەچچە قېتىم بەيئەت تەلەپ قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭمۇ بەيئەت قىلغانلىقى توغرۇلۇق دەرىجىسى بىلەن يەر ئالىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى بەيئەتنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەت سۈننىتى بويىچە يولغا قويۇلغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن، يەنى ھىجرەتتىن بۇرۇن ئېلىپ بارغان «بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى» ۋە «ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى» ھەرىكەت سۈننىتىگە كىرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ بىزنى بەيئەت قىلىشقا چاقىردى. بىز ئۇنىڭغا خالىغان ۋە خالىمىغان چاغلىرىمىزدا، قىيىن ۋە قولاي شارائىتتا بىزگە ئېغىر كەلگەن تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا بۇيرۇقنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا، ئاللاھنىڭ دەلىلى بىلەن ئىسپاتلانغان ئوپ ئوچۇق كاپىرلىقنى كۆرمىگۈچە ئىش ئەھلىنىڭ ئەمرىدە دەتالاش قىلماسلىققا بەيئەت قىلدۇق».

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلۈشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ رەسۇلۇللاھ ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە ئاياللاردىنمۇ بەيئەت ئالغان ئىدى. ئىبنى ھەجەر ئۇممۇ ئەممارەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەقەبە كېچىسى ئەرلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن قول ئېلىشىپ چىقتى. ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن قول ئېلىشىۋاتقاندا ئۇممۇ مەنىي بىلەن ئىككىمىزلا قالغان ئىدۇق. يولدىشىم ئۇزبە ئىبنى ئامىر رەسۇلۇللاھقا «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئىككى ئايال ساڭا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن بىز بىلەن كەلگەن ئىدى» دېدى: «ئۇلارغىمۇ سىلەرگە بەيئەت قىلغان نەرسىلەر ئۈستىدە بەيئەت قىلدىم. مەن ئاياللار بىلەن قول ئېلىشمايمەن» دېدى رەسۇلۇللاھ».

رەسۇلۇللاھ ھىجرەت قىلىپ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ساھابىلىرىدىن بىر نەچچە قېتىم بەيئەت ئالغان.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇدەيبىيەدىكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى تارقالغاندا ئالغان بەيئىتىنى قۇرئان كەرىم مۇنداق خاتىرلەيدۇ: [(ئى مۇھەممەد! ھۇدەيبىيىدە) ساڭا (رىزۋان) بەيئىتىنى قىلغانلار (ھەقىقەتتە) ئاللاھقا بەيئەت قىلغان بولىدۇ، ئاللاھنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىدۇر] (سۈرە فەتھ 10 -ئايەتنىڭ بىر قىسمى) «ئاللاھ مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ (سىياسىي) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى».

ھۇدەيبىيە سۈلھىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللاردىن بەيئەت ئالغان ئىدى. بەيئەت كەرىم بۇنى مۇنداق خاتىرلەيدۇ: [ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى تۇمۇشتىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.] (سۈرە مۇمتەھىنە 12-ئايەت)

مەككە ئازات قىلىنغاندىن كېيىن ئەر ئايال ھەممە كىشى رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلىدۇ. ئەبۇسۇفياننىڭ ئايالى ھىند بىنت ئۇتبەمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بەيئەت ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا كەلسەك تۆۋەندىكى ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«ئەگەر ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنسا كېيىنكىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار»

«مەندىن كېيىن خەلىپىلەر كۆپىيىدۇ»

- بىزنى نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ دەپ سورايدۇ ساھابىلار.

- ئاۋۋالقىسىنىڭ بەيئىتىنى كۈچكە ئىگە قىلىڭلار ۋە ھەققىنى ئادا قىلىڭلار. ئاللاھ ئۇلارنى مەسئۇل قىلغان نەرسىسىدىن مەسئۇلىيەتكە تارتىدۇ» دەيدۇ رەسۇلۇللاھ.

«بىر يولباشچىغا بەيئەت قىلىپ قول باغلاشقان ۋە قەلبىنىڭ مېۋىسىنى بەرگەن كىشى ئۇنىڭغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىتائەت قىلسۇن. باشقا بىرى ئىختىلاپ تىرىماقچى بولسا بېشىنى ئېلىڭلار».

ئالىملارنىڭ بىرلىكى:

ساھابىلارنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ بۈگۈنكىچە بولغان مۇسۇلمانلار بەيئەت قىلىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدا ئورتاق كۆز قاراشقا ئىگە.

3- بەيئەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئىسلام دۆلىتى رەئىسلىككە تەيىنلىنىدىغان كىشى كېرەكلىك شەرتلەرنى تولۇقلىغان ۋە قانۇنى يول بىلەن تاللانغان شەرت ئاستىدا مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۇممەتنىڭ بىرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، بىردەك ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشى، ئەتراپىغا ئويۇشۇشى ۋە قارشى چىققۇچىلارنى بېسىقتۇرۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

ھەربىر بەيئەت قىلغۇچى چوقۇل ئاللاھ ئالدىدا بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىشى كېرەك. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئەھدىنى بۇزغانلىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا ئاللاھ بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ] سۈرە فەتھ 10-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلگىنىمىزدەك بەيئەت ئەگەشكۈچىنىڭ باشلىقىغا ئىتائەت قىلىش ۋە تولۇق ئەگىشىش ئۈستىدىن بەرگەن ۋەدىسى ۋە ئەھدىسى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈزۈلگەن توختام ئاللاھ: [ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان - قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر.] (سۈرە ئىسرا 34-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) [سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار] (سۈرە نەھل 91-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) [ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى ئاللاھ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار.] (سۈرە مائىدە 1-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

بەيئەت ھەققىدە كۆرۈپ ئۆتكەن ھەدىسلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بەيئەتكە ۋاپا قىلىشمىزنى ۋاجىب قىلىدۇ.

ساھابىلار رەسۇلۇللاھقا قىلغان بەيئىتىدىن شەرەپ ھېس قىلاتتى. ئۇلار بەيئەتنى ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلىش، دەپ بىلەتتى ۋە ھاياتلىرى بەيئەتكە ۋاپا قىلىش يولىدا قىممەتسىز خەجلىنەتتى.

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر سوغۇق ئەتتىگىنىدە خەندەك قىزىۋاتقاندا مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ «ئى ئاللاھ! پەقەت ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىلا ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارنى مەغپىرەت قىل» دەيدۇ. ئۇلار «بىز مۇھەممەدكە ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرغىچە جىھاد قىلىشقا بەيئەت قىلغان كىشىلەر» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ (بۇلار شېئىر شەكلىدە سۆزلەنگەن)

ساھابىلاردىن كېيىنكى ئالىملار بۇ ئەقىدىدە ماڭغان ئىدى.

بەيئەت (ئەھدە) نى كىم ئالىدۇ؟

دۆلەت رەئىسى يېتىشەلىگەن يەرلەردىن ئۆزى ئالىدۇ. يىراق يەرلەرگە ياردەمچىسىنى ئەۋەتىدۇ. رەسۇلۇللاھ بەيئەتنى ئادەتتە ئۆزى ئالاتتى. بەزىدە باشقىلارنى تەيىنلەيتتى.

رەسۇلۇللاھ مەككە ئازات قىلىنغاندا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئاياللاردىن بەيئەت ئېلىشقا بەلگىلەپ «ئۇلاردىن بەيئەت ئال، ئۇلارغا مەغپىرەت تىلە. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر» دېگەن ئىدى. ھىند بىنت ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى.

4- بەيئەتنىڭ شەكلى

رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ئەرلەرنىڭ بەيئىتى ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغاندەك بۇيرۇقنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ۋە قول باغلىشىش بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. ئاياللارنىڭ بەيئىتى بولسا قول ئېلىشىش بىلەن ئەمەس پەقەت سۆز بىلەنلا

تامامللىنىۋاتتى. مۇھەممەد سەپارنى ئۇمەيمە بىنتى رەقىقەنىڭ رىۋايىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھقا بىر توپ ئاياللار بىلەن قۇدرىتىمىز يېتىدىغان ئىشلار ئۈستىدە بەيئەت قىلدىم. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ئۆزىمىزدىنمۇ بەك رەھىمدىل - رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دېدىم:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بەيئىتىمىزنى قوبۇل قىل.

- ئاياللار بىلەن قول تۇتۇشمايمەن. ئاياللارغا سۆزۈم بەيئەت بولىدۇ. سۆزۈم يۈز ئايال ئۈچۈن».

سەپارنى بۇ ھەدىسنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «يولباشچى ۋە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئۆزئارا بەيئەت قىلىشىشى مال ئالماشتۇرۇش توختىمىغا ئوخشاش توختامدىن ئىبارەت. ئۇمەيمە بىنتى رەقىقەنىڭ دېمەكچى بولغىنى، مۇبارەك قولۇڭ بىلەن بەيئەت قىل، ئۇنىڭ بەرىكىتىگە ئېرىشەيلى، ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار بىلەن قول تۇتۇشمايمەن، دەپ جاۋاب قايتۇرغان ئىدى».

رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىكى بەيئەت شەكلى توغرا يولدىكى تۆت خەلىپە دەۋرى ۋە بەزى ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكلىرى دەۋرىگىچە داۋاملاشتى. ھەججاج ئىبنى يۇسۇف سەقەپى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىراق خەلقىنى ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكىگە بويسۇنۇش، ئۇلارغا قارشى چىقماسلىق ئۈستىدىن ئومۇمى يۈزلۈك قەسەم قىلىشقا مەجبۇرلاشتىن ئىبارەت بىدئەت بەيئەت شەكلىنى مەيدانغا چىقاردى. بۇ ئەھدىلەرنى بۇزغانلارنىڭ ئاياللىرى تالاق، قۇللىرى ھۆر، قانلىرى ئېقىتىشقا تېگىشلىك (دىنىدىن قايتقانلىق) دەپ ھېسابلىدى. ئىبنى خەلدۇننىڭ ئېيتىشىچە مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇ قەسەمگە قارشى ئىدى. ئىمام مالىكنى ئابباسىلار دەۋرىدە مەجبۇرلىغان قەسەمنىڭ ئېتىۋارغا ئېلىنمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەتۋانى بېرىشكە مەجبۇرلانغان بۇ قەسەم بەيئىتى ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدىن ئۆتۈپ ئابباسىلار دەۋرىگىچە داۋاملاشتى. ئىمام مالىك بۇ پەتۋاسى سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئىدى.

شۇنداقتىمۇ بۇخارىنىڭ ھەدىس توپلىمىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا قىلغان قەسەمسىز بەيئەت تېكىستى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«ئابدۇللاھ ئىبنى دىناردىن مۇنداق دېيىلىدۇ: كىشىلەر ئابدۇلمەلىككە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئەمىرۇلمۆمىنىن ئابدۇللاھ ئابدۇلمەلىككە، مەن ئاللاھ بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بويىچە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمىرۇلمۆمىنىن ئابدۇللاھ ئابدۇلمەلىككە ئىتائەت قىلىش ۋە قولاق سېلىشنى قوبۇل قىلىمەن ۋە ئوغۇللىرىمنىمۇ قوبۇل قىلدى»».

بەيئەتنىڭ يەنە بىر شەكلى ھىجرىينىڭ 623- يىلى ساداقەتلىكى، تەقۋالىقى ۋە ئادىللىقى بىلەن تونۇلغان ئابباسىلارنىڭ خەلىپىسى زاھىر (ھىجرىينىڭ 571- 623) تەرەپىدىن مەيدانغا چىقىرىلدى. بۇ قەسەمنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇپ زۇلۇم، ئىزنىش ۋە ھەقسىزلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئىدى.

سۇيۇتى كىتابىدا ئەبۇسسائىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى يازىدۇ: «خەلىپە زاھىرنىڭ بەيئەت قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ئىدىم. ئۇ قەبىنىڭ يېنىدىكى ئىگىز بىر پەردە ئولتۇردى. ئۈستىدە رەسۇلۇللاھنىڭ رىداسى ۋە باشقا ئاق كىيىملەر بار ئىدى. ۋەزىرلىرى مۇنبەرنىڭ يېنىدا تىك تۇرۇشاتتى. ئۇستازلارمۇ بار ئىدى. ئۇ كىشىلەردىن بەيئەت ئالدى. بەيئەتنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى: «ئىتائەت قىلىنىشى كېرەك بولغان باشلىغىمىز ۋە يول باشچىمىز ئەبۇنەسر مۇھەممەد زاھىرگە ئاللاھنىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ۋە ئەمىرۇلمۆمىنىننىڭ چۈشەنچىسى بويىچە بەيئەت قىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا خەلىپە يوقتۇر».

قەلەقشەندى ئەندۇلۇستىكى شاتىبە ئەھلىنىڭ ئەبۇجەئفەر مۇنتەسىر بىللاھقا قىلغان بەيئىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«شاتىبە ئەھلىنىڭ پىشقەدەملىرى بۇرۇنقىلارغا ئوخشاشلا خالىس نىيەت بىلەن قەسەم قىلىپ ئەھدە تۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆردى. يەنى غەيبنى بىلگۈچى ئەزىز، مەرھەمەتلىك بىر ئاللاھ بىلەن بارلىق پەيغەمبەرلىرىدىن ئالغان ئەھدە، توختاملىرى بويىچە قەسەم قىلىدۇ. بۇ يولدىن چىقىپ ئازغۇچىلار ۋە ئۆزگەرتىۋەتكۈچىلەرگە ئەگەشكۈچىلەر ئاللاھنىڭ كۈچ قۇدرىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ؛ مەجبۇرىيەتلىرى تاشلانغان بولىدۇ. ئۈچ قېتىم ئىمان ئېيتىشى كېرەك بولۇپ نىكاھلىرى بۇزۇلىدۇ. ھەربىر كىشى ئۆيىدىن ئېھرام باغلاپ پىيادە ھەجگە بېرىشى كېرەك، قۇللىرى ھۆر ھېسابلىنىدۇ؛ بارلىق مال ـ مۈلكى دۆلەت خەزىنىسگە سەدىقىگە ئايلىنىدۇ: [كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئەھدىنى بۇزغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ] (سۈرە فەتھ 10-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) [كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ] (سۈرە فۇرقان 68-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن بولۇشقا ئاللاھنى شاھىد قىلىپ ۋەدە بېرىشەتتى ۋەدىلىرىنى جايىدا ئىجرا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى ئاللاھتىن تىلەيتتى».

5- بەيئەتنىڭ تەبىئىتى

بەيئەت مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە دۆلەت رەئىسىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تۈزۈلگەن توختامدىن ئىبارەت بولۇپ ھەر ئىككى تەرەپكە مەجبۇرىيەت يۈكلەيدۇ ۋە ھوقۇق بېرىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ توختامنىڭ تەبىئىتى نېمە؟ ئۇ سودا توختىمى بىلەن ئوخشاشمۇ؟

ئىبنى خەلدۇن بۇ ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى ئارىسىدا تۈزۈلگەن سودا توختىمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، خەلىپىلىك توختام تۈزۈلگەن نەرسە ھېسابلىنىدۇ، دەپ قاراپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار ۋە باشلىقى ئۆزئارا ئەھدە قىلىشقاندا ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىغا ئوخشاش ئەھدىنى تېخىمۇ تەكىتلەپ قول ئېلىشاتتى».

مەرھۇم ئۇستاز مەھمۇد فەيياز بەيئەتنى ۋاكالەت توختىمى، دەپ قاراپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام ئۈممىتى ياكى بەيئەت قىلغۇچىلار ھۆكۈمرانغان شەخسى كۆز قارىشىنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن ئۇزاق، ئىككى تەرەپ ھۆرمەت قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ دەستۇرىغا ئاساسەن چىقارغان بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش ئۈستىدىن ئەھدە بېرىدۇ. ھەممە كىشى ئۆز ئالدىغا ئۈممەتكە مەسئۇل بولۇپ خالىغانچە ھۆكۈم يۈرگۈزمەيدۇ. ئەكسىچە ئاللاھنىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈستىدىن بەيئەت قىلىمەن، دەپ بىر كىشىگە بەيئەت قىلىدۇ. ئۇ پەقەت، ھەربىر شەخسىنىڭ بىر كىشىلىك مەسئۇللىغى بولغان دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى باشقىسىغا ۋاكالەت قىلىش ۋە ۋاكالەت قىلغۇچى (بەيئەت قىلغۇچى)غا بىرلىككە كەلگەن دەستۇر بويىچە بۇيرۇققا بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتىنىڭ يۈكلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بەيئەت ئىسلام ئۈممىتى بىلەن خەلىپىلىككە سايلىنىدىغان كىشى ئارىسىدا تۈزۈلگەن ۋاكالەت توختىمىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى ۋاكالەت توختىمى ۋەكىلنىڭ ئىگىدارچىلىق توختىمى ئەمەس ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىشىنىمۇ بەلگىلىمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ ۋەكىلگە ۋەكىل قىلغۇچى سىزىپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەت توختىمىدىن ئىبارەت. ئۇ ۋاقىتلىق، شەرتلىك توختام بىلەن ۋەكىل قىلغۇچىنىڭ كونتروللىغى ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر ۋەكىل (دۆلەت رەئىسى) توختام ماددىلىرىغا ئەمەل قىلىپ خىزمەت قىلىش سالاھىيىتىنى يوقاتمىسا ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرىۋىرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا

ۋەزىپىسىگە خاتىمە بېرىلىدۇ. ۋاكالەت توختىمىنىڭ ئىگىدارچىلىق توختىمىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھوقۇق، ئەركىنلىك ۋە ھۆكۈمرانلىقتەك ئەسلى ئاساسلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھشۇناسلار ئۇممەت ۋەكىلى بولغان دۆلەت رەئىسىنىڭ ئۇممەتكە بويسۇنۇشى كېرەكلىكى، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن ئېلىش ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئۇممەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ۋە ھەربىر شەخسنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن چەكلەش ھەققىنىڭ بارلىقىغا بىرلىككە كېلىدۇ....

بارلىق فىقھشۇناسلارنىڭ دۆلەت رەئىسى ھەممە ئىشلىرىدا پەقەت ئۇممەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدۇ، دەپ قارىشى، ئۇنىڭ ئۇممەتنىڭ سەلتەنەتىگە بويسۇنۇشى كېرەك بولغان بىر ۋەكىلدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېنىقمۇ توغرۇلايدۇ».

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: «خەلىپىلىك توختام تۈزۈش سالاھىيىتىگە ئىگە خەلىپە نامزاتى ۋە بەيئەت قىلغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تۈزۈلگەن نەزەرىيەۋى، ئەمەلى توختام بولۇشى بىلەن سىياسىي كېلىشىمگە ئوخشايدۇ. نامزات ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىشقا ئەھدە قىلىش بەدىلىگە قارشى تەرەپنىڭ ئىتائىتىگە ئېرىشىدۇ»

بەزىلەر بەيئەتنىڭ تەبىئىتىنى بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم بىلەن ئوخشاشلىقى بار، دېگەن چۈشەنچە بىلەن شەرھىلەيدۇ. يەنى ئالىملارنىڭ بىرلىكىدىن شەرئى ھۆكۈم مەيدانغا كېلىدۇ؛ بەيئەتتىن بولسا خەلىپە. مۇسۇلمانلارنىڭ شەرئى ھۆكۈم ۋە خەلىپىگە قولاق سېلىشى ۋە ئىتائەت قىلىشى ئوخشاشلا تەلەپ قىلىنىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىسمىدىن خاتا چۈشىنىۋېلىنغاندەك بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم ئېلىشقا پۈتۈن ئۇممەت قاتناشمايدۇ. ئەكسىچە ھۆكۈم ئېلىشقا قاتناشقان فىقھشۇناسلار جامائىتىگە پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئەگىشىدۇ. شۇنداقلا بەيئەت ئۇممەتنىڭ ۋەكىللىرى تەرەپىدىن ئەمەلىيلەشتۈرىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ماقۇللىشى بىلەن كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

بولۇپمۇ كېيىنكى ئەھلى ئىسلامنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدىكىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىملىرى ۋە پېشقەدەملىرىدىن ئۇيۇشسا، بەيئەت بىلەن بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق خەلىپىلىككە بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمنى بېرىشكە شەرت ـ شارائىت ھازىرلايدۇ.

بۇ سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇش

بەيئەتنىڭ سودا توختىمىغا ئوخشاشلىقى ھەر ئىككىسىنىڭ ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى ھوقۇق، مەجبۇرىيەت ۋە نەتىجىگە ئاساس بولىدىغان توختام ئىكەنلىكى توغرا، ئەمما بەيئەتنىڭ تەبىئىتى توختام بولۇش سۈپىتى بىلەن سودا توختىمىدىن يىلتىز جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. سودا توختىمى سېتىۋالغۇچىنىڭ مالغا، ساتقۇچىنىڭ پۇلغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەڭگۈگە ئۈزۈلىدۇ. مال ساتقۇچى پۇلنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ، سېتىۋالغۇچىمۇ مالنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ.

بەيئەت بولسا ئىسلام دۆلىتى تەۋەلىكىدىكى بىر مۇسۇلماننى دۆلەت رەئىسى ئىسلامغا ياكى ئەھدىگە خىلاپلىق ئىش قىلغاندا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن چەكلىمەيدۇ.

بەيئەتنى مەلۇم جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمگە ئوخشىتىش ھەم بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم دەپ قاراش ـ ھەقىقەتتىن چەتنىگەنلىك.

ئەمەلىيەتتە بەيئەت بىلەن بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم ئارىسىدا روشەن پەرق بار. بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم بولسا مەلۇم ئەسىردىكى ئالىملارنىڭ مەلۇم مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق

ئورتاق قارار بېرىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. ئېتىۋارغا ئېلىنغان بىرەر ئالىم قارشىلىق قىلسا ئۇلارنىڭ هۆكمى بىرلىككە كەلگەن هۆكۈم دەپ هېسابلانمايدۇ. بەيئەت بولسا كۆپ سانلىق ئۇممەت ئالىملىرىنىڭ ماقۇللىغى ۋە بەيئىتى بىلەن قانۇنى ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قارشى پىكىرلىرى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ.

ئەڭ توغرىسى بەيئەتنى ۋاكالەت توختىمى، دەپ قاراش بولۇپ ۋەكىل قىلغۇچى ۋەكىلنىڭ پائالىيىتىنى كۆزىتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن هېساب ئالىدۇ. توغرا يولدىن ئاداشمىسا ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. بۇ يۈرۈشتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈلمەيدۇ.

يەنە شۇنى ئىزاهلاپ ئۆتۈش كېرەككى مۇددەتسىز ۋاكالەت توختىمىدا ۋەكىل قىلغۇچى ۋەكىلنى توختامدىكى ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغان تەقدىردىمۇ ۋەزىپىسىدىن ئالالايدۇ. لېكىن مۇددەتلىك ۋە شەرتلىك توختاملاردا بەلگىلەنگەن مۇددەت توشمىغان، شەرتلەر ئىجرا قىلىنىۋاتقان شارائىت ئاستىدا ۋەكىل قىلغۇچىنىڭ ۋەكىلنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىشى جائىز بولمايدۇ.

بەيئەت ئىككى خىل بولىدۇ:

(1) خۇسۇسى بەيئەت - كېڭەش ئەهلى تەرەپىدىن قىلىنىدىغان بەيئەت. ئۇ زامان ئېتىۋارى جەهەتتە ئومۇمى بەيئەتتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلىپ ئومۇمى بەيئەتكە ئاساس سالىدۇ. ئۇ گەرچە خەلىپىلىككە نامزات كۆرسىتىش بولسىمۇ، ئىسلام هاكىمىيىتى تارىخى ئىسپاتلىدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۇلار كۆرسەتكەن نامزاتقا بەيئەت قىلىدۇ.

(2) ئومۇمى بەيئەت - خۇسۇسى بەيئەتتىن كېيىنكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئومۇمى بەيئىتى بولۇپ، خەلىپە ياكى ۋەكىللىرى تەرەپىدىن ئېلىنىدۇ.

بەشىنچى بۆلۈم

ئىسلام تارىخىدىكى ۋەزىرلىك

1- ۋەزىرلىك ئۇقۇمى

«ۋەزىرلىك» ۋە «ۋەزىر» سۆزلىرىنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچىدا «مىنىستىرلىك» ۋە«مىنىستىر» سۆزلىرى قوللىنىلماقتا. ئەرەبچىدە بولسا «ياردەملەشمەك» مەنىسىدىكى «ۋەزارەت» ئۇنىڭ باشقۇرغۇچىسىغا «ياردەملەشكۈچى» مەنىسىدىكى «ۋەزىر» سۆزلىرى قوللىنىلىدۇ. بىلگىنىمىزدەك «ۋەزىر» ئەسىرلەر بۇرۇن ئۇيغۇرچىلاشقان بىر سۆزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «مىنىستىر» نى «ۋەزىر» دەپمۇ ئاتىيالايمىز. ۋەزىرلەر دۆلەت رەئىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتىكى ياردەمچىلىرىدىن ئىبارەت. (تەرجىماندىن)

ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەت رەئىسى دۆلەت ئىشلىرىنى يالغۇز ئىدارە قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئۇ چوقۇم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ياردىمىگە مۇهتاج. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ مەسئۇللىغىنى تاپشۇرغان كىشى ئۇلارنى هەممە جەهەتتىن هىماي قىلىش، دۈشمەنلىرىدىن قوغداش، شەرىئەت ئەهكاملىرىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆزئارا دۈشمەنلىشىن ساقلاش... قاتارلىق ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇندىشى كېرەك. ئەگەر تەربىيە ۋە يېتىلىش جەهەتتە ياخشى بىلىشكەن ئىشەنچلىك كىشىلەر ياردەمچىلىككە تەيىنلەنسە ياخشى نەتىجە بېرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: [ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم هارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن.] (سۈرە تاها 29-تىن 32-ئايەتكىچە) ۋەزىرلىك ياردەملەشمەك مەنىسى بىلەن هاكىمىيەت لايىهەسى ۋە دۆلەت مەنسەپلىرىنىڭ بېشىدۇر»

ياردەمچى ئىشلىتىش قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن يولغا قويۇلغان. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

[شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق ھەمدە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلدۇق.] (سۈرە فۇرقان 35-ئايەت) [ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن.] (سۈرە تاھا 29-تىن 32-ئايەتكىچە)

ماۋەردى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پەيغەمبەرلىكتە يولغا قويۇلغان يەردە رىياسەتچىلىكتە يولغا قويۇلۇشى تەبىئىي. چۈنكى رەئىس دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى ياردەمچىلىرىگە تايىنىشى بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ياردەمچىلەرنى قاتناشتۇرۇش بىلەن ئىشلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا، خاتالىقتىن ساغلام، توغرا ئىجرا قىلىش نىشانىغا يەتكىلى بولىدۇ»

تۆۋەندىكىلەر بولسا رەسۇلۇللاھنىڭ ياردەمچى ئىشلىتىش ھەققىدە ئېيتقانلىرىدۇر:

(1) ئەبۇداۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ باشلىققا ياخشىلىق ئىرادە قىلسا ئۇنۇتسا ئەسلىتىدىغان، ئىش قىلماقچى بولسا ياردەملىشىدىغان سادىق ۋەزىرلەرنى مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئەگەر ياخشىلىق ئىرادە قىلمىسا ئۇنۇتسا ئەسلەتمەيدىغان، ئىش قىلماقچى بولسا ياردەملەشمەيدىغان ئەسكى ۋەزىرلەرنى نېسىپ قىلىدۇ.»

(2) نەسائى قاسىم ئىبنى مۇھەممەدنىڭ ھاماچىسىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئاسمان ئەھلىدىن ئىككى ۋەزىرى ۋە زېمىن ئەھلىدىن ئىككى ۋەزىرى بولىدۇ. ئاسمان ئەھلىدىن بولغان ئىككى ۋەزىرىم بولسا جىبرائىل ۋە مىكائىل. زېمىن ئەھلىدىن بولغان ۋەزىرىم بولسا ئەبۇبەكىر ۋە ئۆمەر».

مانا بۇ ساھابىلارنىڭ زېھنىدىكى باشلىق ياكى مەسئۇلنىڭ ياردەمچىسى بولغان ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

ئىمام بۇخارى سەقىپەدە يۈز بەرگەن ۋەقەلىكنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھدىن كېيىن كىمنىڭ دىنىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ بىلەن دۇنيانى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئالىدىغان ئىزباسار بولۇشى ھەققىدە كېڭەش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، ھەبباب ئىبنى مۇنزىر باشچىلىقىدىكى بەزى ئەنسارلار ئەبۇبەكىر، ئۆمەر ۋە ئەبۇئۇبەيدىگە مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئايرىم ـ ئايرىم بىردىن باشلىق بولۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى رەت قىلىپ «بىز باشلىق، سىلەر ۋەزىر بولىسىلەر» دەيدۇ. يەنى ھاكىمىيەتكە بىز رىياسەتچىلىك قىلىمىز، سىلەر ياردەملىشىسىلەر دېمەكتىن ئىبارەت.

ۋەزىرلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققى قىلىشى

يۇقىرىدا بايان قىلغان مەنىدىكى ۋەزىرلىك ۋەزىپىسى پەيغەمبەرلىك دەۋرىدىن باشلاپ مۇسۇلمانلارغا تونۇشلۇق ئىدى. كۆرۈپ ئۆتكەن ھەدىسلىرىمىزدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەبۇبەكىر ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنى ۋەزىرلىرى قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئەبۇبەكرىنى خەلىپىلىككە تاللايدۇ. ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ. ئۇلاردىن كېيىنكى ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارمۇ ئوخشاش يۈرۈشتە ئىقتىدار ئىگىلىرى، دانا پىكىرلىكلەر ۋە سىياسەت ماھىرلىرىنىڭ يارىدىمىگە تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئىدى.

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفياندىن ئۇرۇشتىكى چىداملىقلىقى سەۋەبىدىن «ئىشەك» دەپ نام ئالغان مەرۋان ئىبنى مۇھەممەدكىچە بولغان پۈتۈن ئۇمەۋىيلەر دۆلىتى دەۋرىدىمۇ ۋەزىرلەر ئوخشاشلا خەلىپىلەرگە يارەمچى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئەمر ئىبنى ئاس ۋەزىياد ئىبنى ئەبيە مۇئاۋىيەنىڭ دەۋرىدە «ۋەزىر» دەپ ئاتالغان ئىدى. ۋەزىرلىك ئۇقۇمى ئابباسىلار دۆلىتى دەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققى قىلىپ ئۆزىگە خاس قانۇن - تۈزۈمى بار ھالەتكە كەلدى. شۇنداقلا مەسئۇل ياكى باشلىقچى مەسلىھەت بېرىش ۋە ئەقىل كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىپتىدائى ياردەم بېرىش چۈشەنچىسىدىن ھالقىپ، ئىقتىسادى، سىياسىي، ھەربىي ۋە تەمىنات ئىشلىرى، دۆلەت ۋە خەلىپىنىڭ سىرلىرىغا ئوخشاش دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا ئارلىشىش ۋە يۈرتنى ئىدارە قىلىشقا ئەمەلى قاتنىششتىن ئىبارەت كەڭ مەنىدىكى ئۇقۇمنى (بۈگۈنكى مىنىستىرلىك ئۇقۇمنى) بىلدۈرىدىغان بولدى.

بۇ دەۋرىدە ۋەزىرلەر ھەتتا باشقىلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىش، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە داۋالارنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت كەڭ دائىرىدە ۋەزىپە ئىگىسى ئىدى.

ئىسلامدىكى بۇ خىل سالاھىيەتكە تۇنجى ۋەزىر ئەبۇسەلەمە خىلال، دەپ بىلىنگەن ھەفس ئىبنى سۇلەيمان، ئۇ ئەبۇئابدۇللاھ سەپپاھنىڭ ۋەزىرى بولۇپ كەڭ قورساق، سېخى، ئاتقا مىنىش ۋە قورال - ياراق ئىشتىشقا ماھىر، پاساھەتلىك، شېئىر، تارىخ، مۇنازىرە ۋە تەپسىرى ئىلىملىرىنى ياخشى بىلىدىغان، مۇناسىۋەتكە ئۇستا بىر كىشى ئىدى.

ئىبنى تەقتەقە ئابباسىلار دەۋرىدە ۋەزىرلىكنىڭ مۇستەھكەم قانۇن - تۈزۈم، مۇراسىم ۋە ئەدەبلىرىگە ئىگە ھالغا كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ۋەزىرلىك پەقەت ئابباسىلار دەۋرىگە كەلگەندىلا ئاندىن قائىدە - قانۇنلىرىغا ئىگە مۇستەھكەم شەكلىگە كىردى. ئۇنىدىن بۇرۇن ۋەزىرلىك مۇئەييەن ئاساسقا تايانمىغان بولۇپ، ھەربىر خەلىپەنىڭ ئۆزىگە خاس يارەمچىلىرى، ئەگەشكۈچىلىرى بولاتتى. بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە دانا پىكىرلىكلەر بىلەن كېڭەشەتتى ۋە ئۇلارنىڭ يارىدىمىگە تاينىاتتى. ئابباسىلار ھاكىمىيەتكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ۋەزىرلىككە رەسمى قائىدە - قانۇن تۇرغۇزۇلدى. بۇرۇن كاتىپ ياكى مەسلىھەتچى دەپ ئاتىلىپ كەلەن يارەمچىلەر ۋەزىر دەپ ئاتىلىدىغان بولدى».

بۇ دەۋردە ۋەزىرلىك باش ۋەزىرلىك ۋە ئىجرائىيە ۋەزىرلىكىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنەتتى. بۇ ئىككى ۋەزىرلىككە مەسئۇل بولىدىغان كىشىلەرنىڭ سالاھىيەتلىرى، ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى ۋە دۆلەت رەئىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى بەلگىلەنگەن ئىدى.

ئەندۇلۇستىكى ئۇمەۋىيلەر دۆلىتىدىمۇ ۋەزىرلىك ئۇقۇمى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، ئىش ساھەلىرى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ۋەزىرلىكلەر (مىنىستىرلىك) بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. مالىيە ۋەزىرلىكى، ئالاقە ۋەزىرلىكى، ئەدلىيە ۋە چېگرا مۇداپىئە ۋەزىرلىكلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ھەممىسىگە ئايرىم - ئايرىم ۋەزىرلەر تەيىنلەنگەن ئىدى.

بۈگۈنكى مىنىستىرلىك سېستىمىغا ئوخشاش ھەربىر ۋەزىرلىكنىڭ ئايرىم ئىش يېرى ۋە ئىشخانىلىرى بار ئىدى. دۆلەت رەئىسى بىلەن ۋەزىرلەر ئارىسىدا كۆرۈكلۈك رولىنى ئوينايدىغان ئالاھىدە سالاھىيەت، مائاش ۋە ئىمتىيازغا ئىگە باش ۋەزىر تەيىنلەنگەن ئىدى. بۇ خۇددى بۈگۈنكى باش مىنىستىر ياكى باش ۋەزىرگە ئوخشايتتى.

2- باش ۋەزىرلىك

باش ۋەزىرلىك خەلىپە ياكى دۆلەت رەئىسى تەرەپىدىن ئۆز قارارلىرى بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان رىياسەتچى ۋەزىرلىكتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ۋەزىر

خالىغان كىشىنى ياردەمگە چاقىرالايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، چېگرانى مۇداپىئە قىلىش، جازا قانۇنى يۈرگۈزۈش ۋە ئۇرۇش قىلىشقا ئوخشاش ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلالىشى ئۈچۈن مەسئۇللارنى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن ئېلىشتەك ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

باش ۋەزىرنىڭ شەرتلىرى:

ئىمام ئىبنى ھەسەن ماۋەردىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا باش ۋەزىردە قۇرەيش نەسەبلىك بولۇشتىن باشقا دۆلەت رەئىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ:

بۇ شەرتلەرنى تۆۋەندىكىچە ئەسلىتىپ ئۆتىمىز:

(1) مۇسۇلمان بولۇش

(2) ئەقىللىق بولۇش

(3) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش

(4) ھۆر بولۇش

(5) ئەر كىشى بولۇش

(6) ئىلىم ئىگىسى بولۇش

(7) دۇرۇستلۇق بولۇش

(8) بىلىش، سىزىش ئەزالىرىنىڭ ساغلام بولۇشى

(9) ھەرىكەت قىلىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەزالىرىنىڭ ساغلام بولۇشى

(10) ئۇرۇش ۋە مالىيە ئىشلىرىدا تولۇق سالاھىيەت ئىگىسى بولۇش.

بەزى ئالىملار بۇ شەرتلەرنىڭ سىرتىدا كەسپى ئىختىساس ئىگىسى بولۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«سلوك المالك فى تدبير الممالك» ناملىق كىتابنىڭ 96- بېتىدە باش ۋەزىردە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

(1) دىنى ئىشلاردا يېتەلىك ئىلىم ئىگىسى بولۇش. چۈنكى دىن دۆلەتنىڭ ئاساسى.

(2) ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىسى بولۇش، چۈنكى ئۇ، دۇنيىغا ئىگە بولۇشۋە ئۇنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى.

(3) سىياسەتكە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا مۇلايىم ۋە كەڭ قورساق بولۇش.

(4) سۆزى گۈزەل، قەلىمى ئۆتكۈر بولۇش

(5) گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەت ئىگىسى بولۇش

(6) ئەپۇچان، ئادالەتپەرۋەر ۋە خۇش يۈزلۈك بولۇش

(7) قەلبى نەسىھەت، ياخشىلىق ۋە ئىسلاھ بىلەن بېزەلگەن بولۇش.

(8) غەزەپتىن ئۇزاق، جىددى مۇئامىلىلىك ۋە سېخى تەبىئەتلىك بولۇش.

(9) سەۋرچان، چىداملىق ۋە سىر ساقلايدىغان بولۇش.

(10) ساغلام جىسىم، ئۆتكۈر پىكىر ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولۇش

باشقا ئالىملارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بەرگەنىنىڭ سىرتىدا كەسپى ئىختىساسلىششىنى تىلغا ئېلىشنى ئۇنۇتمىغان. ئەبۇبەكر خارەزمى «مفيد العلوم ومبيد الهموم» ناملىق كىتابىدا «ۋەزىرلىك» كە 14 باپ ئاجراتقان بولۇپ باش ۋەزىردە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر ھەققىدە

يېتەرلىك چۈشەنچە بېرىدۇ. بۇ ساھەدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئاساس ۋە مەنبەلەرگە مۇراجەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تەرغىب قىلىنىدۇ».

باش ۋەزىرنى ئالاھىدىلىكلىرى

باش ۋەزىر تۆۋەندىكى ئىشلاردا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە:

(1) ئادالەت ۋە مەھكىمە ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش.

(2) جىھادقا مەسئۇل بولۇش

(3) ئېلىنغان قارارلارنى ئىجرا قىلىش

(4) ۋەكىل ئىشلىتىش

(5) دۆلەت رەئىسىنىڭ بەزى سالاھىيەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش

ئۈچ ئىش باش ۋەزىرنىڭ سالاھىيىتىنىڭ سىرتىدا. باش ۋەزىرنىڭ ئىمتىياز دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولسىمۇ فىقھشۇناسلار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئىشنى مۇستەسنا قىلىدۇ:

(1) خەلىپەنىڭ ئىزباسارلىقىغا نامزات كۆرسىتىش

(2) خەلىپە نامىدىن ئىستىپا سوراش، خەلىپە نامىدىن ئىستىپا سوراش پەقەت خەلىپىگىلا مەنسۇپ.

(3) دۆلەت رەئىسى باش ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما باش ۋەزىر دۆلەت رەئىسىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

باش ۋەزىر بىلەن دۆلەت رەئىسى ھاكىمىيەتنىڭ باش رىياسەتچىسى. دۆلەتتىكى ھەممە كىشى ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىگە بويسۇنىدۇ. باش ۋەزىر بارلىق خىزمەتنىنى دۆلەت رەئىسىگە مەلۇم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا خىزمىتىدىن جاۋابكار بولىدۇ. دۆلەت رەئىسى ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا قاراپ چىقىپ مۇۋاپىق كۆرگەنلىرىنى ماقۇللايدۇ. خاتالىرىنى تۈزىتىدۇ. چۈنكى دۆلەتنىڭ باش مەسئۇلىيىتى دۆلەت رەئىسىدە، باش ۋەزىر ئۇنىڭ ياردەمچىسى.

دۆلەت رەئىسى ۋە باش ۋەزىر ئارىسىدا خىزمەت قىلىش، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئىختىلاپ تۇغۇلسا، دۆلەت رەئىسىنىڭ قارارى ئاساس قىلىنىدۇ. ياكى قۇرئان ۋە ھەدىستە ھەققىدە ئېنىق ھۆكۈم بېرىلمىگەن ئىزدىنىش خاراكتېردىكى مەسىلىلەردە ئۆزئارا يول قويۇش ۋە يا كېڭەش مەجلىسىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى بىلەن بىرلىك ساقلىنىدۇ.

باش ۋەزىرنىڭ تەيىنلىنىشى

باش ۋەزىر دۆلەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئادىمى بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت رەئىسى تەرەپىدىن تەيىنلىنىشى ئوچۇق سۆزلەر بىلەن ئىلان قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى بۇ يەردىكى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش - دۆلەت رەئىسى بىلەن باش ۋەزىر ئارىسىدا تۈزۈلگەن توختامدىن ئىبارەت. بۇ توختامنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن باش ۋەزىر ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تەيىنلىنىشىنى ئېلان قىلىدىغان سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك:

ئا: ئومۇملىق

ب: دۆلەت رەئىسىنىڭ ياردەمچىسى ياكى ۋەكىلى ئىكەنلىكى

يەنى «سېنى ياردەمچىلىكىمگە تەيىنلىدىم»، «ساڭا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇردۇم» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئىشلىتىلىشى كېرەك»

ئۇنداقتا دۆلەت رەئىسى بىلەن باش ۋەزىر ئارىسىدىكى بۇ توختامنىڭ تەبىئىتى نېمە؟

سىياسىي قانۇن بىلەن شۇغۇللانغان فىقھشۇناسلار دۆلەت رەئىسى باش ۋەزىر بىلەن توختام تۈزگەندە ئۇنىڭ شەخسى ۋەكىل بولۇشنى ئەمەس، پۈتۈن ئۇممەتنىڭ ۋەكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنى بۇ ۋاكالەت توختىمىدىن ئىبارەت. باش ۋەزىر گەرچە دۆلەت رەئىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنسىمۇ ئۇممەتنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت رەئىسى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان ياكى ۋاپات بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ باش ۋەزىر ئۇممەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد زىيائۇددىن رەيس مۇنداق دەيدۇ: «ۋاكالەت توختىمىنىڭ پەرقلىق يېرى شۇكى ئۇ خەلىپەنىڭ شەخسى نامىدىن ئەمەس پۈتۈن ئۇممەتنىڭ نامىدىن تۈزۈلىدۇ. باش ۋەزىرگە خەلىپىنىڭ شەخسىيتى ھەققىدە ئەمەس ئۇممەت ھەققىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ھوقۇق ۋە ئىمتىياز تاپشۇرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باش ۋەزىرنىڭ بۇ توختام ئاساسىدا ئېرىشكەن ھوقۇقلىرى مۇستەقىل بولىدۇ، ۋەزىپىسىنى تەلەپكە لايىق ئىجرا قىلغان دەۋر ئىچىدە مۇستەھكەم ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇنداقلا ۋاكالەت توختىمى بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ھەربىر كىشى ئۇممەتنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلىپە بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەممىسى مەسئۇللۇقلىرى خاراكتىر جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان مەسئۇللار. پەقەت مەسئۇللۇقلىرى ھەجىم ۋە دەرىجە جەھەتتە پەرقلەنسىمۇ ئىشلىرىنىڭ غايىسى بىر، ۋاستىلىق ياكى ۋاستىسىز ئۇممەتكە باغلىنىدۇ. ئۇ ئۇممەت ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋاستە، خالاس ئۇممەتنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدىن ھېساب ئېلىش ۋە مەسئۇلىيەتكە تارتىش ئىمكانىيىتىنى ساقلاش، ئۇنىڭدىكى مۇئامىلە قولايلىقى ۋە ھۆكۈم يۈرگۈزۈش شارائىتىنى بەرپا قىلىش غايىسى ھەر جەھەتتە ئىنتىزاملىشىش، ھاكىمىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ خەلىپىنىڭ ھاكىمىيەتنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى باشقا مەسئۇللارنىڭ ئاللاھ، ئۇممەت ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ يوقلىغىنى بىلدۈرمەيدۇ....

ۋاكالەت توختىمىنىڭ كۈچكە ئىگە قىلغان مەسئۇللۇقنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشكەندىن كېيىن ئالىملار خەلىپەنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىش ھوقۇقى بولامدۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدەندى. نۇرغۇنلىغان ئالىملار خەلىپىنىڭ قازى (ۋە باش ۋەزىر) گە ئوخشاش ئومۇمى ۋەزىپىدىكى دۆلەت خادىملىرىنى سەۋەبسىز ۋەزىپىسىدىن ئېلىش ھوقۇقى يوق دەپ پەتىۋا بەردى. ئۇلار مۇئەييەنلەشتۈرگەن يەنە بىر ئاساس شۇكى خەلىپىنىڭ ۋاپاتى بىلەن قازى ۋە باشقىلار ۋەزىپىسىدىن ئېلىنمايدۇ. چۈنكى دەپ ئۆتكىنىمىزدەك قازىلار مۇسۇلمانلار ئاممىسى نامىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇ ماۋەردىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزى: «خەلىپە ۋاپات بولسا قازىلىرى ۋەزىپىسىدىن ئېلىنمايدۇ.... مەسئۇللار خەلىپە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بولسا ۋەزىپىسىدىن ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىدۇ. ئەمما ۋەزىر تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بولسا ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ شەخسى نامى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ» شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپەنىڭ ئومۇمى ۋەزىپىلەرگە ئادەم تەيىنلىشى ھەر دائىم مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن بولىدۇ.

بۇ ئاساسلاردىن ئىنتايىن مۇھىم بىر نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىزكى ئىسلام فىقھشۇناسلىرى «دۆلەتنىڭ داۋاملىششى» دىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يۈكسەك سىياسىي پىكىرنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن ئىدى. ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ ۋاپاتى بولغان ياكى ھاكىمىيەتتىن ئايرىلغاندىن

كېيىنمۇ هاكىمىيەتنىڭ ئەسلىدىكى مەنۋىيىتى بىلەن داۋاملىشىشى ئەڭ يېڭى سىياسىي نەزەرىيەلەر جۇملىسىدىن.

باش ۋەزىرلىك ئىككى خىل بولىدۇ.

فىقھشۇناسلار باش ۋەزىرلىكنى ئىككىگە بۆلىدۇ:

ئا: دۆلەت باش ۋەزىرى: دۆلەت مىقياسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئومۇمى مەسئۇل.

ب: ئۆلكە باش ۋەزىرى: ئۆلكە مىقياسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئۆلكە ئومۇمى مەسئۇلى، دۆلەتنىڭ ھەربىر ئۆلكىسىگە ئۆلكە باش ۋەزىرى تەيىنلەنسە بولىدۇ.

دۆلەت ياكى ئۆلكە باش ۋەزىرى بىردىن كۆپ بولسا بولامدۇ؟

ئەبۇيەئلا بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئىجرائىيە ۋەزىرى تەيىنلىسە بولىدۇ. لېكىن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى باش ۋەزىر تەيىنلەنمەيدۇ. بۇ خۇددى بىر دۆلەتتە ئىككى خەلىپە بولمىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئەگەر ئاسمان ــ زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى] سۈرە ئەنبىيا 22-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەر ئىككى باش ۋەزىر بىرلا ۋاقىتتا ۋەزىپىگە تەيىنلەنسە ۋەزىرلىكى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئارىسىدا ۋاقىت ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى بولسا ئىلگىرىكىسىنىڭ ۋەزىرلىكى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ خىزمىتى ئارىسىدىكى پىكىر بىرلىككە باغلانغان بولاس ۋەزىرلىكلىرى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئىككىسى بىرلىككە كەلگەن ئىشلار ئىجرا قىلىنىدۇ. ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئىجرا قىلىنمايدۇ. خەلىپىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىلىدۇ. بۇ ۋەزىرلىك تولۇق ھوقۇقلۇق باش ۋەزىرلىكتىن ئىككى نۇقتىدا پەرقلىنىدۇ.

ئا: تەڭ ھوقۇقلۇق ئىككى ۋەزىر بىرلىككە كەلگەن ئىش ئىجرا قىلىنىدۇ.

ب: ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئىجرا قىلىنمايدۇ.

ئەگەر ئىككىسى ئايرىم ئۆلكىلەرگە ياكى ئايرىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنسە (خىزمەت دائىرىسى ئايرىم بولسا) ۋەزىرلىكلىرى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. لېكىن بۇ ھالەتتە ئۇ ئىككىسى باش ۋەزىر ئەمەس، خۇسۇسى مەسئۇل بولىدۇ. بىرى يەنە بىرىنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئىشىغا ئارلاشمايدۇ».

مۇلاھىزە:

بۇ يەردە دىققىتىمىزنى تارتىدىغان نۇقتا ـ ئەبۇيەئلانىڭ تەخمىنەن ئون ئەسىر بۇرۇن مالىيە، ھەربىلىك، تاشقى ئىشلار، ئەدلىيە ۋە زىرائەت قاتارلىق ساھەلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم كىشىلەرنىڭ تەيىنلەنسە بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى ۋە ئۇلارنى «ۋەزىر» ئەمەس «مەسئۇل» دەپ ئاتىغانلىقى.

توغرا، ئۇلارنى ئۇنىڭ تىلى بويىچە باش ۋەزىر دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. لېكىن بۈگۈننىڭ تىلى بىلەن ئۈستىگە ئالغان خىزمەتلىرىنىڭ خارەكتېرىگە ئاساسەن ۋەزىر (مىنىستىر) دەپ ئاتىيالايمىز. نەتىجىدە ئۇقۇم ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ئاتالغۇنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم ئورۇن تۇتمايدۇ.

3- ئىجرائىيە ۋەزىرلىكى

بۇ ۋەزىرلىك باش ۋەزىرلىكتىن نۇپۇزدا كىچىك، ئورۇندا تۆۋەن بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا بۇ ۋەزىرلىكنىڭ رىياسەتچىسى دۆلەت پىلانلىرىنى تۈزۈشكە قاتناشمايدۇ. خىزمىتى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان قارار، بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش، خەلىپە بىلەن باشقا مەسئۇللار، خىزمەتچىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئارىسىدىكى كۆرۈكلۈك رولىنى ئويناش بىلەن چەكلىنىدۇ.

ئىجرائىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىنىدىغان كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر:

(1) ۋاپادار ۋە ئامانەتدار بولۇش.

(2) راستچىل بولۇش.

(3) پارخورلۇقتىن ئۇزاق تۇرۇشى ئۈچۈن تاماخور بولماسلىق.

(4) كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى ئاداۋەت، ئۆچمەنلىكتىن پاك تۇتۇش، ئاداۋەت ئىنسانىنى ئادالەت ۋە كۆيۈمچانلىقتىن چەكلەيدۇ.

(5) ئەقلى ھۇشى جايىدا بولۇشى، چۈنكى ئۇ قىلغان ئىشىدىن شاھىدلىققا تارتىلىدۇ.

(6) ئەقىللىق، پاراسەتلىك بولۇش.

(7) ھاۋايى ھەۋەسكە، كۆڭۈلگە بېرىلمىگەن بولۇش.

(8) توغرا پىكىرلىك ۋە تەدبىرلىك بولۇش ئۈچۈن ماھارەت ۋە تەجرىبە ئىگىسى بولۇش.

(9) ئەر كىشى بولۇش. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىشىغا ئايال كىشىنى مەسئۇل قىلغان مىللەت مۇۋەپپىقىيەت قازىنالمايدۇ» بۇ ۋەزىپە ئىنساندىن مۇستەھكەملىك، يۈكسەك ئىرادە، قىيىنچىلىق بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ شەرتلەر ئۈستىدە ئىككى مۇلاھىزە:

ئا: ماۋەردىگە ئوخشاش بەزى فىقھشۇناسلارنىڭ ئىجرائىيە ۋەزىرى بولۇشقا ئىسلام ۋە ھۆرلۈكنى شەرت قىلمىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئىسلام دۆلىتى تەۋەلىكىدە خاتىرجەم ياشاش بەدىلىگە باج تاپشۇرۇپ ياشاۋاتقان ئەھلى كىتابقا ئوخشاش كاپىرلار، زىممىلەر ۋە قۇللارمۇ ئىجرائىيە ۋەزىرى بولسا بولىدۇ، دەپ قارىغانلىقى ئايدىڭلىشىدۇ.

ماۋەردىنىڭ زىممىلەرمۇ ۋەزىر بولسا بولىدۇ دەيدىغان بۇ كۆز قارىشىغا نۇرغۇنلىغان ئالىملار قارشى چىقىدۇ. ھەتتا ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى ئەبۇلمەئالى جۇۋەينىگە ئوخشاش بەزىلىرى ئۇنى كۈلكىلىك ھېسابلايدۇ. «النقد الفريد للملك السيد» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئىمام جۇۋەيىنىنىڭ ماۋەردىنىڭ كۆز قارىشىنى قەتئىي رەت قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان بۈيۈك خاتالىق دەپ ھېسابلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن ئىسلام دۆلىتىدە توختام بىلەن ياشايدىغان زىممىلەرنىڭ ئىجرائىيە ۋەزىرى بولۇشقا بولمايدىغانلىقى نەقىل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن «يەھۇدى ۋە ناسارالار مۇسۇلمانلارنىڭ باج توپلاشقا ئوخشاش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنسا بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا «ئۇلار ھېچبىر ئىشقا ئىشلىتىلمەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئەبۇيەئلا ئىمام ئەھمەدنىڭ بۇ ھەقتە دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن ئايەتلىرىنى زىكرى قىلىدۇ.

مېنىڭچە بولغاندىمۇ ماۋەردى يۇقىرىقى كۆز قارىشى بىلەن توغرىدىن ئاشقان، قۇرئان ھۆكمى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ۋە توغرا يولدىكى خەلىپىلەرنىڭ تۇتقان يولىغا خىلاپلىق قىلغان.

قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارغا ئىشەنمەيدىغان تەبىئىتىنى بايان قىلىپ، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئىنتايىن سەگەك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن [پەقەت سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ئەگەشكەنلەرگىلا ئىشىنىڭلار] (سۈرە ئال ئىمران 73-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەۋاتسا قانداقمۇ ئۇلارغا ئىشىنىپ ۋەزىر قىلىمىز؟!

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ . ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ،

ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر چۈشەنسەڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق] سۈرە ئال ئىمران 118-ئايەت.

ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى، دېمەك باشقا دىن ئەھلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ سىردىشى بولۇپ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان يېقىن كىشىلىرىدۇر».

ئەبۇبەكر جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننىڭ سىردىشى سىرلىرىنى ئاشكارىلايدىغان، ئىشلىرىدا ئىشىنىدىغان ئالاھىدە كىشىدۇر. ئاللاھ مۆمىنلەرنى كاپىرلانى سىرداش قىلىۋېلىشتىن، خۇسۇسى ئىشلىرىدا ئۇلارغا تايىنىش مەنئى قىلدۇ. «ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ» (يەنى ئىشلىرىڭلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا پۇرسەت تاپسىلا بوش قويۇۋەتمەيدۇ). دېگەن سۆزى بىلەن كاپىرلارنىڭ قەلبىدە مۇسۇلمانلارغا ساقلاۋاتقان دۈشمەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ... بۇ ئايەت ئىسلام دۆلىتىدە توختام بىلەن ياشاۋاتقان زىممىلەرگە تايىنىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ».

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن] سۈرە ئال ئىمران 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قاسىمى مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى دوست تۇتۇش - كاپىرلار بىلەن سىردىشىش، مەسلىھەتلىشىش ۋە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ئىبارەت بولارنى مەنئى قىلىنغان».

ئىبنى ماجە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز مۇشرىككە تايانمايمىز».

تىرمىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ بەدرىگە يولغا چىققىپ ھۆرتۈلۋە بىرگە يېتىپ كەلگەندە مۇشرىكلاردىن شجائىتى ۋە باتۇرلىغى بىلىنگەن بىرى ئارقىسىدىن يېتىشىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتتىڭمۇ؟ دەپ سورايدۇ. «ياق» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «قايتىپ كەت، مەن ھەرگىزمۇ مۇشرىكلارغا تايانمايمەن» دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ مۇشرىكنىڭ ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانلىغى ئاستىدا ئۇرۇش قىلىشىنىمۇ رەت قىلغان يەردە، مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىسى، سىرلىرىنىڭ ئىگىسى ۋەزىر بولۇشىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟!

ئىبنى ئەبى ھاتەم ئەبۇدەھقانەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا «بۇ يەردە ھىرەلىك كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان، خەت يېزىشقا ماھىر بىرى بار. كاتىپ قىلىۋالغان بولساڭ» دېيىلىدۇ. «ئەگەر ئۇنى كاتىپ قىلىۋالسام مۆمىنلەرنى قويۇپ ۇنى سىرداش قىلىۋالغان بولىمەن» دەيدۇ ئۇ.

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ۋە رىۋايەتلەر ئىسلام دۆلىتىدە توختام بىلەن ياشايدىغان زىممىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ سىرلىرى ۋە ئىچكى ئىشلىرىنى بىلىشكە ۋە ئۇرۇش ھالىتىدىكى دۈشمەنلىرىگە جاسۇسلۇق قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان كاتىبلىققىمۇ ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاللاھ «ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ» دېگەن».

ئىمام قۇرتۇبى بۇ رىۋايەتنىڭ ئارقىسىدىنلا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ زاماندا ئەھۋال ئاستىن ـ ئۈستۈن بولدى. ئەھلى كىتابلار كاتىپ ۋە مەسئۇل قىلىندى ۋە بىلىمسىز دۆلەتلەردىن بولغان باشلىق ۋە مەسئۇللار ھۆكۈم سۈردى».

يۇقىرىدا بايان قىلغانلاردىن باشقا مۇسۇلمان بولمىغان زىممىلەرنى ئىجرائىيە ۋەزىرى قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى مەنپەتى بىلەن توقۇنىشىدۇ. چۈنكى ئىجرائىيە ۋەزىرى ھەر زامان مۇسۇلمانلارنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ. مۇسۇلمان بولمىغان كىشىنىڭ سىر ساقلىماسلىغى ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشى تورغانلا گەپ.

رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىن بۇگۈنگىچە بولغان تارىخ، يەھۇدى، ناسار، ئاتەشپەرەسلەر ۋە باشقىلارنىڭ ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە قانچىلىك دۈشمەنلىك قىلغانلىقى ۋە ئىچىدە قانچىلىك زەھەر ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا شاھىد.

مەدىنە، خەيبەر ۋە تەيما يەھۇدىلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا قارشى تۇتقان مەيدانلىرى، ئوسمانىلار خەلىپىلىكىگە قىلغان سۇيقەستلىرى كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. سەلانىكتىكى دونەمە يەھۇدىلىرى ئوسمانىلا خەلىپىلىكىگە قارشى چىقىدۇ ۋە بۇ دۆلەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ماسون ۋە باشقىلىرىغا ئوخشاش مەخپى تەشكىلاتلىرىنى قورىدۇ. سۇلتان ئابدۇلھەمىدخانغا خەلىپىلىكتىن ئېلىنىش قارارىنى تاپشۇرغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرى ـ يەھۇدى قاراسۇ ئەپەندى. يەھۇدىلارنىڭ پەلەستىن ۋە بەيتۇلمۇقەددەستە قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئۇلارنىڭ پىشانىسىگە يەنە بىر قېتىم تامغا ئۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا ھەرگىز ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىغا ھۆججەت تۇرغۇزىدۇ.

ناسارالارمۇ ھەرگىز يەھۇدىيلارنىڭ قىلىشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئۇ ئىككىسىنى بىر ئايەتتە تىلغا ئېلىپ مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: [ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار] سۈرە مائىدە 51-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ناسارالارنىڭ ئۆتمۈشكە قارىغان كىشى مۇسۇلمانلارغا بولغان سۇيقەست بىلەن يېزىلغان بىر تارىخنى كۆرىدۇ. روم قەيسەرىنىڭ (پادىشاھىنىڭ) قىزى ئانكومىن رىۋايەت قىلغاندەك مۇئتە، تەبۇك، يەرمۇك ۋە سەلىبىيە ئۇرۇشلىرىدا ئۇلار ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشى ئۇچرىغان كىچىك باللارنى ئۆلتۈرۈش، پارچىلاش ۋە ئوتتا كۆيگەن پۇراغىنى پۇراش ئىدى.

ئەندۈلۈستا ناسارالىقنى قوبۇل قىلمىغان مۇسۇلمانلارنى كۆيدۈرۈش بىلەن ئېلىپ بارغان تەپتىش مەھكىمىلىرى تارىخنىڭ قارا سەھىپىلىرىگە خاتىرلەنگەن. ئۇلار نەچچە قېتىم مۇسۇلمانلارنى يەر يۈزىدىن تازىلاش ھەرىكىتى، سۈرگۈن قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان ۋە ئەندۈلۈستىن كۆچۈۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرغان ئىدى.

تاتارلارنىڭ ئىسلام دىيارىغا قىلغان ئىشغالىنى خوشاللىق بىلەن قارشىلاپ ئىنتىقام ئېلىش پۇرستى دەپ بىلگەن ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ئېقىتىشتىن خوشاللانغان كىشىگە نىمە دېيىشى كېرەك؟ دەمەشىق ناسارالىرى تاتارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھولاكونىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن يول يورۇق ئالغان، ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلغان، ئۇلارنىڭ پەرمانى بىلەن توما دەرۋازىسىدىن كىرستلىرى بىلەن دىنىنى كۆتۈرۈپ، ئىسلامنى پەسلەپ شوئار توۋلىغان ھالدا كىرگەن. مەسجىدنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ كىشلەرگە ھاراق چاچقان، مۇسۇلمانلارنى كىرىستنىڭ ئالدىدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا مەجبۇرلىغان، رەت قىلغانلارغا ئىھانەت قىلغان ئىدى.

20- ئەسىردە ئازغان ناسارالار ۋە غەزەپكە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارنىڭ بىرلىشىپ قانچىلىك مۇسۇلماننىڭ قېنىنى ئېقىتقانلىقى دۇنياغا ئايان. شۇنداقلا رەزىل ئويۇنلىرىنىڭ ھېچ تۈگىگىنى يوق. يەنە ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا مەسئۇل قىلىش مۇمكىنمۇ؟!

ب: ماۋەردى ۋە ئەبۇيەئلانىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىجرائىيە ۋەزىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلىرىدە ھۆرلۈكنىڭ يەر ئالمىغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنى ئۇلار ئايال كىشىنىڭ ۋەزىر بولۇشىنى چەكلەپ تۇرۇپ، قۇلنىڭ ۋەزىر بولۇشىغا يول قويىدۇ.

توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھ دۇر. مېنىڭچە ئۇلار يەنە توغرىدىن ئاداشقان. ئۆزىنىڭ كەسپى ۋە شەخسى ھاياتى ھەققىدە مۇستەقىل ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىغا ئارىلىشىش، ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالامدۇ؟ قۇل ئەك ئاۋال خۇجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئادا قىلىدۇ. ھەتتا پەرزلەرنىڭ سىرتىدىكى ئىبادەتلەرنى خۇجايىنىنىڭ رۇخستى بىلەن قىلىدۇ.

ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى، مال - مۈلكى ۋە شەخسى ئىشلىرىدا تامامەن مۇستەقىل ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئايال كىشى ئىجرائىيە ۋەزىرى بولۇشتىن چەكلەنگەن يەردە، بۇ ھوقۇقلارنىڭ ئىگىسى بولمىغان قۇللارنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماسلىقى تېخىمۇ ئەۋزەل.

ئىجرائىيە ۋەزىرىنىڭ سالاھىيەتلىرى

فىقھشۇناسلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىجرائىيە ۋەزىرىنىڭ سالاھىيەتلىرىنى قىسقىچە تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلايمىز:

(1) خەلىپىنىڭ قارار، بۇيرۇقلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

(2) مەسئۇللارنىڭ تەيىنلىنىشى، ئەسكەر تەييارلاش ۋە چىقىرىش بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزىدۇ.

(3) دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ ۋە ئۇلارنى مەسئۇل ۋە باشلىقلارغا يەتكۈزىدۇ.

(4) ئۆلكىلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرى، ئامىنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ھەرىكىتىنى خەلىپىگە يەتكۈزىدۇ.

(5) ئەگەر خەلىپە خالىسا قارار چىقىرىشقا قاتنىشىدۇ.

ئىجرائىيە ۋەزىرى ئالاھىدە تەيىنلىنەمدۇ؟

ماۋەردى ۋە ئەبۇيەئلا ئىجرائىيە ۋەزىرىنىڭ ئالاھىدە ئېلاھن قىلىنىپ تەيىنلەنمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى باش ۋەزىرگە ئوخشاش ئالاھىدە توختام، ئەھدە بىلەن ئەمەس خەلىپىنىڭ مۇئەييەن ۋەزىپىنى تاپشۇرۇشى بىلەنلا ۋەزىرلىكى كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئەبۇسالىم مۇھەممەد ئىبنى تەلھەگە ئوخشاش ئالىملارمۇ بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلىدۇ.

ئىجرائىيە ۋەزىرى ئىككى خىل بولىدۇ.

ئالىملار ئىجرائىيە ئىجرائىيە ئىجرائىيە ئىجرائىيە ئىجرائىيە ئىجرائىيە ۋەزىرلىكىنى ئىككىگە بۆلىدۇ:

ئا: دۆلەت رەئىسى تەرەپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ دۆلەت رەئىسىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچىسى بولىدۇ. قول ئاستىدىكى مەسئۇللار ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۈزىتىدۇ؛ دۆلەت رەئىسىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ ۋە ئىجرا قىلدۇرىدۇ. دۆلەت رەئىسى ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسىنى بەلگىلەپ بەرمىگەن تەقدىردە پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھەممە يىرى ئۇنىڭ خىزمەت مەيدانى بولىدۇ.

ب: ئۆلكىنىڭ ۋالىسى (ۋەزىرى) تەرەپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇنىڭ سالاھىيىتى خىزمەت ساھەسى پەقەت ئۆلكە دائىرىسىدە بولىدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىش ھوقۇقىمۇ ئۆلكە ۋالىسىنىڭ قولىدا بولىدۇ.

مانا بۇ ئىسلام دۆلىتىدىكى ئىككى خىل ئومۇمى ۋە خۇسۇسى ۋەزىرلىكتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ھەربىر ئۆلكىگە بىردىن ئىجرائىيە ۋەزىرلىكى تەسىس قىلىنسا بولىدۇ. بۇ شەكىلدە ئىسلام دۆلىتىدە بىر نەچچە ئۆلكىلىك ئىجرائىيە ۋەزىرلىكى بولىدۇ. ئۆلكىلىك ۋەزىرلىكنى خۇسۇسى ۋەزىرلىك دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

يەنە بىرى ئۆلكىلىك ۋەزىرلىكىدىن تېخىمۇ سالاھىيەت ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان مەركىزى ۋەزىرلىكتۇر. بۇنى ئومۇمى ۋەزىرلىك دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ۋەزىرلىكنىڭ بۇ ئىككى خىلغا بۆلۈنۈشىنىڭ ماۋەردىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدىن ئېنىنغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشنى پايدىلىق دەپ قارايمىز

«بۈگۈنكى كۈندىكىدەك ئەگەر خەلىپە ئۆلكىلەرنى ئۆز قارارلىرى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆلكە مەسئۇللىرىغا تاپشۇرسا، ئۆلكە مەسئۇللىرى ئۆز ئالدىغا يارده‌مچى ئىشلەتسە بولىدۇ. ئۆلكە مەسئۇلى ۋە ياردەمچىسىنىڭ مۇناسىۋىتى باش ۋەزىر بىلەن خەلىپىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ».

4- باش ۋەزىرلىك ۋە ئىجرائىيە ۋەزىرلىكى ئارىسىدىكى پەرق

ئالدىنقى سەھىپىلەردە ئىسلامدا ۋەزىرلىكنىڭ باش ۋەزىرلىك ۋە ئىجرائىيە ۋەزىرلىكىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىغانلىقى، بۇ ئىككى ۋەزىرلىكنىڭ دەرىجىسى بويىچە خەلىپە ياكى تولۇق ھوقۇقلۇق ئۆلكە مەسئۇللىرى تەرەپىدىن تەسىس قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۆزىگە خاس شەرت، سالاھىيەت، ئىمتىيازلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

ئەمدى ۋەزىرلىكنىڭ بۇ ئىككى خىلغا بۆلۈنىشىگە سەۋەبچى بولغان ئاساسلىق پەرقلەرنى تۆۋەندىكىدەك بويىچە بايان قىلىمىز: 1- شەرتلەردىكى پەرق.

2- خۇسۇسىيەتتىكى پەرق.

بۇ ئىككى ۋەزىرلىكنىڭ شەرتلىرىنى بايان قىلغاندا تۆۋەندىكىلەرنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئىدۇق:

(1) ھۆرلۈك شەرتى: باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىدىغان كىشىدە بۇ شەرتنىڭ تېپىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ؛ ئەكسىچە ئىجرائىيە ۋەزىرىدە تەلەپ قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇل باش ۋەزىر ئەمەس، ئىجرائىيە ۋەزىرى بولسا بولىدۇ. مەلۇمكى بۇ نۇقتىدا ئىختىلاپلاشتۇق.

(2) ماۋەردى ۋە باشقىلار ئىسلامنى باش ۋەزىرنىڭ شەرتى قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن زىمىلەرنىڭمۇ ئىجرائىيە ۋەزىرى بولۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئىسپاتلاپ ئۆتكىنىمىزدەك قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغان خاتالىق.

(3) شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ياخشى بىلىش، باش ۋەزىر دىننى قوغداش ۋە ئۇنىڭ بىلەن دۇنيانى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم شەرىئەت ئەھكاملىرىنى (دۆلەت قانۇنلىرىنى) ياخشى بىلىشى كېرەك. ئەمما ئىجرائىيە ۋەزىرىنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈم قىلىش، قارار چىقىرىش ئەمەس، چىقىرىلغان قارار ۋە بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق بىلىشى ئەۋزەل، دەپ قارىلىدۇ.

(4) سالاھىيەت: باش ۋەزىرنىڭ ئۇرۇش ۋە مالىيە ساھەسىدە يېتەرلىك سالاھىيەت ۋە ئىختىساس ئىگىسى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەكسىچە ئىجرائىيە ۋەزىردىن بۇلار تەلەپ قىلىنمايدۇ.

ئىككىنچى: ئىمتىيازلىرىدىكى پەرق:

ماۋەردى مۇنداق دەيدۇ:

«باش ۋەزىرنىڭ ئىجرائىيە ۋەزىرىدىن پەرقلىق ھالدا بەھرىمەن بولىدىغان تۆۋەندىكى ئالاھىدە ھوقۇقلىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

(1) قارار، ھۆكۈم چىقىرىش، مەھكىمە ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقى.

(2) باشلىق ۋە مەسئۇللارنى تەيىنلەش تولۇق ھوقۇقى.

(3) قوشۇن چىقىرى ۋە ئۇرۇش قىلىش ھوقۇقى.

(4) مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى.

ئەسكەرتىش: بۇلار مۇئەللىپ ۋە تارىختىكى فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ ئۆز دەۋر شارائىتىغا ئاساسەن ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرى. ئۇنداق ئىكەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئىسىملىرى، خىزمەت سېستىمىسى ۋە ۋەزىپە تەقسىماتى جەھەتتە بۈگۈنكىدەك پەرقلىق بولۇشى تەبىئى. لېكىن تارىختىكى ئىسلام خەلىپىلىكلىرىدە ئاساس قىلىنغان ۋە ئاساس قىلىنىشى كېرەك بولغان، شۇنداقلا بۈگۈن قورماقچى بولغان ئىسلام دۆلىتىمىزنىڭمۇ ئاساسى بولىدىغان ئورتاق بىر پىرىنسىپ ئىسلام شەرىئەت قانۇنىنىڭ تولۇق تەتبىقلىنىشى، يەنى ھاكىمىيەتنىڭ مۇتلەق ئاللاھقا مەنسۇپ بولۇشى، ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە كېڭەشنىڭ ئەڭ ئۈستۈن بولۇشى. بۇ دەستۇرلارغا ئاساسەن ئىسلام ئالىملىرىدىن تەشكىللەنگەن دۆلەت كېڭەش مەجلىسىنىڭ دەۋرگە ماسلاشقان مۇۋاپىق خىزمەت سېستىمىسى ۋە ۋەزىپە تەقسىماتى تۈزۈپ چىقىشى ئەقلگە ئۇيغۇن. (تەرجىماندىن)

**والله ولي التوفيق**